دۇنيادىكى ئون چوڭ ئېپوس

# رامەنىڭ نەتۈرلۈك سەرگۈزەشتلىرى

(ھىندىستان)



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



## دۇنيادىكى ئون چوڭ ئېپوس

شرمەت باتۇر گېسېر شاھ

مىللىي قەھرىمان ماناس

رامەنىڭ خەتەرلىك سەرگۈزەشتلىرى

ئودىسسۇسنىڭ دېڭىزدىكى خەتەرلىك كەچۈرمىشلىرى

ئىستېلاچى ئانېئاس

بۈيۈك برودۇ

نىبلۇڭىن پاجىئەسى

بېئوۋۇلفنىڭ يالماۋۇزنى بويسۇندۇرۇشى

ترويادىكى ھەل قىلغۇچ ئۇرۇش

باتۇر شاھ باڭفىر

22

ISBN 7 - 228 - 09505 - 7
(民文) 单价:11.00 全套定价:110.00元

ISBN 7-228-09505-7
9 787228 095056 >

15
1351.22
1

دۇنيادىكى ئون چوڭ ئېپوس

# رامەننىڭ خەتەرلىك سەرگۈزەشتىلىرى

ئەسلى ئاپتورى : ۋالمىك (ھىندىستان)
تەرجىمە قىلغۇچى : مۇھەممەت غازى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

بۇ كىتاب جىلىن فوتو سۈرەت نەشرىياتىنىڭ 1994 ـ يىلى 4 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1994 ـ يىلى 4 ـ ئاي 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据吉林摄影出版社 1994 年 4 月第 1 版,1994 年 4 月第 1 次印刷本翻译出版。

مەسئـۇل مۇھەررىرى: پاتىگۈل مىجىت
مەسئۇل كوررېكتورى: ياسىن زاھىد
پىلانلىغۇچى: ئەركىن ئىبراھىم پەيدا

دۇنيادىكى ئون چوڭ ئېپوس
رامەنىڭ خەتەرلىك سەرگۈزەشتىلىرى
ئەسلىي ئاپتورى: ۋالمىك [ھىندىستان]
تەرجىمە قىلغۇچى: مۇھەممەت غازى
*
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى
شىنجاڭ لۇڭيىدا باسمىچىلىق چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
850×1168 مم، 32 فورمات، باسما تاۋىقى: 7.75
2005 ـ يىل 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2005 ـ يىل 7 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىرازى: 1—4000
ISBN7—228—09505—7
يەككە باھاسى: 11.00 يۈەن (ئومۇمىي باھاسى 110.00 يۈەن)

**图书在版编目(CIP)数据**

罗摩的险遇/瓦里米克原著；穆合买提译．—乌鲁木齐：新疆人民出版社，2005.8

ISBN 7—228—09505—7

Ⅰ.罗…　Ⅱ.①瓦…　②穆…　Ⅲ.史诗—印度—古代—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.I351.22

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2005)第 082969 号

责任编辑：帕提古丽・米吉提
责任校对：牙生・扎依提
出版策划：艾尔肯・伊不拉音・飞达

---

新 疆 人 民 出 版 社 出 版
（乌鲁木齐市解放南路 348 号 邮编：830001）
新 疆 新 华 书 店 发 行
新疆隆益达印务有限公司印刷
850×1168 毫米　32 开本　7.75 印张
2005 年 7 月第 1 版　　2005 年 7 月第 1 次印刷
印数：1—4000

---

ISBN 7—228—09505—7
单价：11.00 元（总定价：110.00 元）

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# قىسقىچە مەزمۇنى

ئايوتو پادىشاھلىقىنىڭ پادىشاھى ئون ھارۋىلىق پادىشاھ تەخت ۋارىسىنى بېكىتىش داۋامىدا، توقال خانىشقا بەرگەن ۋەدىسى بويىچە چوڭ ئوغلى رامەنى سۈرگۈن قىلىپ، توقال خانىشنىڭ ئوغلى ۋارەدەنى تەخت ۋارىسلىقىغا تەيىنلەشكە مەجبۇر بولىدۇ. رامە ئايالى سىدو ۋە ئانا باشقا ئىنىسى لەكشمەنە بىلەن بىللە ئورمانلىقتا بېرىپ نۇرغۇن جاپا - مۇشەققەتلەرنى بېشىدىن كەچۈرىدۇ. ئارقا - ئارقىدىن كەلگەن پېشكەللىكلەر داۋامىدا، رامەنىڭ ئايالى سىدو رېنكا ئارىلىنى ئىگىلىۋالغان ئون باشلىق پادىشاھ تەرىپىدىن بۇلاپ كېتىلىدۇ. رامە بىلەن لەكشمەنە سىدونى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئىلاھىي قۇشنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن رېشىنكا تېغىغا بېرىپ، كۈچ - قۇدرەتتە كامالەتكە يەتكەن، ئۆزىنى خالىغانچە ئۆزگەرتەلەيدىغان ئىلاھ مايمۇن ھانۇماندىن ياردەم سورايدۇ. شۇنداق قىلىپ، جادۇگەرلەر بىلەن ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى جەڭ باشلىنىپ كېتىدۇ. ھانومانا ئەقىل - پاراسەت ۋە كۈچ - قۇدرەت جەھەتتە كامالەتكە يەتكەن بولۇپ، ئۆز قىياپىتىنى ئۆزگەرتىپ، ئەڭگۈشتەرگە ئىگە بولىدۇ. ئاخىرى قۇدرەتلىك ئون باشلىق پادىشاھنى ئۆلتۈرۈپ، نەچچە كۈنلۈك كەسكىن جەڭدە غەلىبە قىلىدۇ ھەمدە سىدونى قۇتقۇزۇپ، ئۇنى رامەگە تاپشۇرۇپ بېرىدۇ.

# مۇندەرىجە


بىرىنچى قىسسە — پالۋان رامە — ئايوتو شەھىرىدىكى گىگانت ئادەم .................... 1

ئىككىنچى قىسسە — رامەنىڭ خوشلىشىشى— خاتا قىلىنغان سۈرگۈن .................... 22

ئۈچىنچى قىسسە — ئورمانلىقتىكى كەچۈرمىش— شامال، يامغۇر، كەپە ......... 29

تۆتىنچى قىسسە — ئۆلگەنىنىڭ ئۈستىگە تەپمەك— بىردىنبىر غەمگۈزار سىدونىڭ دېرەكسىز يوقىلىپ كېتىشى ...40

بەشىنچى قىسسە — سىدونى ئىزدەش— ھىندىستان مايمۇن پادىشاھلىقىغا كىرىپ قېلىش ........................ 52

ئالتىنچى قىسسە — رېنكادىكى ئەھۋال— دېڭىزدىكى يۈز يوجەنلىك مۇساپە ............... 73

يەتتىنچى قىسسە — غەيرىي ئۇرۇش— رامەنىڭ راپونەنى جازالىشى .................... 93

سەككىزىنچى قىسسە — ئەشۇكە بېغىدا— سىدونىڭ ئارزۇسىنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىشى ...165

| | |
|---|---|
| توققۇزىنچى قىسسە | ئايوتوغا قايتقاندا— خۇشاللىق ئەمەس، خاپىلىققا قېلىش ... 178 |
| ئونىنچى قىسسە | ئايرىلىپ كېتىش— بۇ دۇنيا ھەم ئەرشتىكى ھاياتلىق - ماماتلىق ...................... 232 |

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

## بىرىنچى قىسىم

# پالۋان رامە — ئايوتودىكى گىگانت ئادەم

بۇرۇنىنىڭ بۇرۇنىسىدا، ھىندىستاندىكى گانگى مىللىتى ئد-
چىدە مەندەدو ئاتلىق بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. رىۋايەت قىلىنىد-
شىچە، قۇياش ئىلاھى گانگى مىللىتىنىڭ ئەجدادى ئىكەن. شۇڭا
بۇ مىللەت «قۇياش مىللىتى» دەپ ئاتالغانىكەن. ھىمالايا تېغىد-
نىڭ جەنۇبى تەرىپىگە جايلاشقان چاۋسارو پادىشاھلىقىنىڭ توسارا-
دو (ئون ھارۋىلىق پادىشاھ) دېگەن پادىشاھى دەل مۇشۇ سەلتە-
نەتلىك قۇياش مىللىتىنىڭ ئەۋلادى ئىكەن. رىۋايەت قىلىنىشد-
چە، ئۇنىڭ جەڭ ھارۋىلىرى ھىندىستانىنىڭ ھەممە جايلىرىغىچە
بېسىپ بارغانىكەن.

ئون ھارۋىلىق پادىشاھنىڭ بالىسى بولمىغاچقا، بىر قانۇند-
لۇق تەخت ۋارىسىنىڭ يوقلۇقىدىن ئىنتايىن قايغۇرىدىكەن. شۇ-
ڭا ئۇ ئەۋلىيالارغا ئاتاپ چوڭ كۆلەملىك ئەشۋەمېدە ئۆتكۈزۈپ
بېرىپتۇ. ئەۋلىيالار ئۇنىڭدىن قاتتىق تەسىرلىنىپ، براھمادىن
ئون ھارۋىلىق پادىشاھقا بىر تەڭداشسىز پالۋان ئوغۇل بېرىشنى
تىلەپتۇ.

دۇنيانىڭ قوغداش ئىلاھى ۋىشنو ھەممىنى ياراتقۇچى ئىلاھ-
نىڭ يوليورۇقىغا بىنائەن، ئەۋلىيا - ئەنبىيالار ئىچىملىكى
قاچىلانغان ئالتۇن قاچىنى ئون ھارۋىلىق پادىشاھقا ئىنئام قىپ-
تۇ. ئون ھارۋىلىق پادىشاھ ئۇنى ئۆزىنىڭ خانىشلىرىغا بېرىپتۇ.

چاۋسارايى، كىگىي، سومىتتىرو ئىسىملىك بۇ ئۈچ خانىش بۇ ئالتۇن قاچىلاردىكى تاتلىق سۈتنى ئىچىپ بوپتۇ، كېيىن ئۇلار تۆت ئوغۇل پەرزەنت كۆرۈپتۇ. چاۋسارايى رامەنى، كىگىيى ۋىرا-دەنى تۇغۇپتۇ. سومىتتىرو قوشكېزەك لەكشىمەنە ۋە شادرونەلەر-نى تۇغۇپتۇ. بۇ تۆت ئوغۇلغا ئىلاھ ۋىشنو كۈچ - قۇۋۋەت ئاتا قىپتۇ. ئۇلار بىر - بىرىدىن ئۆتە ساغلام، چىرايلىق ئىكەن. بولۇپمۇ چوڭ ئوغلى رامە ھەممىدىن كېلىشكەنىكەن.

كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن رامە ۋە ئۇنىڭ ئۇكىلىرى چوڭ بوپتۇ. بىر كۈنى برەھماندا ئىبادەت قىلغۇچى ۋېشمۇدورە ئايوتو شەھىرىگە كېلىپ، ئۇن ھارۋىلىق پادىشاھتىن رامەنىڭ ياردەملى-شىپ پاكلىنىش ئورمانلىقىدا زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىۋاتقان رىنكالىق ئىككى ئىبلىس راكشەسەنى قوغلىۋېتىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن رامە ۋېشمۇدورە بىلەن بىللە پاكلىنىش ئورمانلىقىغا قاراپ يولغا چىقىپتۇ. ئۆز قېرىندىشىدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىي-مىغان لەكشىمەنەمۇ ئوقياسىنى ئېسىپ بىللە يولغا چىقىپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندە، ئۇلار چىرايلىق قېيىققا ئولتۇرۇپ، سا-رايو دەرياسىدىن ئۆتۈپ، قورقۇنچلۇق ئورمانلىققا كىرىپتۇ. بۇ يەردە جادۇگەر دوراگا تۇرىدىكەن، ئۇ مارىگونىڭ ئانىسى ئىكەن. ئۇنىڭدا مىڭ پىلنىڭ كۈچى بار ئىكەن. دوراگا ۋە ئۇنىڭ ۋەھشىي ئوغلى مارىگو بۇ يەرگە كېلىشتىن بۇرۇن نۇرغۇن ئادەم بۇ گۈزەل ئورمانلىقتا خاتىرجەم ياشىغانىكەن. كېيىن، بۇ ئىبلىسلار ئۇ ئادەملەرنى يەپ تۈگەتكەنىكەن. ھازىر قانداقلىكى كىشى بۇ ئور-مانلىققا كىرىپ قالسا، ئۇلارنىڭ تەقدىرىمۇ مۇشۇ ئادەملەرنىڭكى-گە ئوخشاش بولىدىكەن.

ۋېشمۇدورە رامەگە: «سىز جەزمەن بۇ جادۇگەرنى ئۆلتۇ-رۈپ بېرىڭ» دەپتۇ. رامە بۇنىڭغا ماقۇل بولۇپ ئوقيانى تەييار قىپتۇ.

ئۇ ئوقيانى شۇنداق قاتتىق تارتىپتۇكى، ئۇنىڭ ئاۋازى يەر-

جاھاننى زىلزىلىگە ساپتۇ. ئورمانلىقتىكى ياۋايى ھايۋانلارنى قور-
قۇنچ بېسىپتۇ. بۇ ئاۋاز دوراگانىڭ قۇلىقىغا يەتكەن ھامان، ئۇ
ئاغزىنى چوڭ ئېچىپ، غەزەپ بىلەن ھۆركىرەشكە باشلاپتۇ.
ھاۋانى چاڭ - توزان قاپلاپتۇ. دوراگا چاڭ - توزاننىڭ
ئىچىگە يوشۇرۇنۇۋېلىپ، بۇ ئىككى قېرىنداشقا قارىتىپ غايەت
زور قورام تاشلارنى ئېتىشقا باشلاپتۇ. بىراق راما قىلچە قورقۇپ
قالماستىن تـوختىمـاي ئـوقيـا ئېـتـىـپ، بـۇ قورام تاشلارنى
كۇكۇم - تالقان قىلىۋېتىپتۇ ھەم دوراگانىڭ قورقۇنچلۇق بىلە-
كىنى ئۈزۈپ تاشلاپتۇ. جادۇگەر ئاغزىنى يوغان ئېچىپ، ئۇلارغا
قاراپ ئېتىلىپ كەپتۇ. بۇ چاغدا لەكشمەنە ئوقيا ئېتىپ، ئۇنىڭ
بۇرنى ۋە قۇلىقىنى ئۈزۈپ تاشلاپتۇ.

دوراگا سېھىرگەرلىككە بەك ئۇستا بولۇپ، ئۇ قارشى تەرەپ-
كە غايىب بولۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپتۇ ۋە قورام تاشلارنى يەنە
داۋاملىق ئېتىۋېرىپتۇ. بىراق، راما ئوقيا ئېتىشتا كامالەتكە
يەتكەن بولۇپ، ئوقيانى دەل چەللەپ ئېتىپتۇ. ئۇ جادۇگەرنىڭ
ئاۋازى چىققان تەرەپنى قارىغا ئېلىپ، نىشانغا دەل تەگكۈزۈپتۇ.
گۇناھى چېكىدىن ئاشقان بۇ جادۇگەر تېگىشلىك جازاغا ئۇچراپ،
رەزىللىك بىلەن تولغان ھاياتىدىن ئايرىلىپتۇ.

ۋېشمۇدورە ناھايىتى رازىمەنلىك بىلەن رامەگە:

— سىز ھەقىقەتەنمۇ ھەربىي ماھارىتىڭىز ناھايىتى يۇقىرى
پالۋان ئىكەنسىز، ھازىر سىزگە ئەۋلىيا - ئەنبىيالار ئىشلەتكەن
قورال بېرەي، — دەپتۇ. ئۇ دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن،
شەمشەر، ۋاجرا توقمىقى، كالتەك، ئاي پالتا قاتارلىقلارنى رامە-
نىڭ ئالدىغا تىزىپ قويۇپتۇ. بۇ قوراللار:

— ئى ئۇلۇغ رامە، بىز سىزنىڭ ھەممە بۇيرۇقىڭىزنى بەجا
كەلتۈرىمىز! — دېيىشىپتۇ. رامە تەسىرلەنگەن ھالدا ۋېشمىدو-
رەگە ئېگىلىپ تەزىم قىپتۇ ھەمدە قوراللارغا:

— ياردىمىڭلارغا موھتاج بولغاندا، ھەرقايسىڭلارنى چاقى-

-رىپ ئەكېلىمەن، — دەپتۇ. قوراللار بۇ گەپنى ئاڭلاپ دەرھال غايىب بوپتۇ.

ۋىشمۇدورە يەنە بۇ ئىككى شاھزادىنى باشلاپ ئورمانلىقتىكى بىر گۈزەل جايغا كەپتۇ. ئۇلار بىرنەچچە كۈن خاتىرجەم دەم ئاپتۇ. برەھمەندىكى تەركىدۇنياچىلار ۋىشمۇدورە بىلەن بىللە نوم ئوقۇۋاتقاندا، مۇقەددەس ئوت كۆيۈۋاتقان نەزىر - چىراغ مېھرابى



ئۇستىدىن قاتتىق گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. قاپقارا پاسكى-نا قان مۇقەددەس ئوتقا تۆكۈلۈپ، نەزىرگاھتىكى گۈللەرنى قانغا بويىۋېتىپتۇ. رامە نەزىرگاھقا باتۇرلارچە ئېتىلىپ كىلىپ، يالما-ۋۇز دىۋە مارىگو بىلەن سوبوھىنىڭ بوشلۇقتا ۋەھشىيلەرچە خى-رىس قىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. رامە يايىنى قاتتىق تارتىپ ئوقيا ئېتىپ مارىگونىڭ يۈرىكىگە تەگكۈزۈپتۇ. ۋەھشىي دىۋە شۇنىڭ بىلەن دولقۇنلاپ تۇرغان دېڭىزغا غەرق بولۇپ ئۆلۈپتۇ. ئارقىدىن ئېتىلغان يەنە بىر ئوق سوبوھىنى جېنىدىن جۇدا قىپتۇ.

بۇ ئىشتىن كېيىن ئۇلار ئات هارۋىسىغا چۈشۈپ، پادىشاھ كىناگا هۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مىترو شەھىرىگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ، چۈنكى كىناگانىڭ قولىدا ئېتىشقا هېچكىمنىڭ قۇربى-تى يەتمەيدىغان مۇقەددەس ئوقيا بار ئىكەن.

كۈن ئولتۇرۇپتۇ. كۆپچىلىك ئارام ئاپتۇ. رامە، لەكشىمە-نەلەر سۇۋنى دەرياسى بويىدىكى چىملىق ئۈستىدە ۋېشمۇدورەنىڭ تەڭرى براھمانىڭ ئوغلى كوشە توغرىسىدا ئېيتىپ بەرگەن هېكا-يىسىنى پۈتۈن دىققەت - ئېتىبارى بىلەن ئاڭلاپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇلار توپتوغرا تۆت كۈن يول يۈرۈپ، مىترو شەھىرىگە كەپتۇ. پادىشاھ كىناگا ئۆزىنىڭ كاهىن ۋە ۋەزىر - ۋۇزرالىرىنى باشلاپ قارشى ئېلىشقا چىقىپتۇ. پادىشاھ بۇ قالتىس مېهمانلارغا ئۆز لايىقىدا سالام بەرگەندىن كېيىن:

— بۇ ئىككى ئالىيجاناب چىرايلىق ياش كىم بولىدىكىن؟ - دەپ سوراپتۇ.

ۋېشمۇدورە مۇنداق دەپتۇ:

— پادىشاهى ئەلەم، ئۇلار پادىشاھ ئايوتونىڭ شاهزادىلىرى، بىزنىڭ ستو ئىبادەتخانىمىزدا يالماۋۇز دىۋىنى ئۆلتۈرۈپ، ئاهى-رونى قايغۇ - هەسرەتتىن خالاس قىپتۇ. ئۇلار بۇ يەرگە ئىلاھ شىۋەنىڭ ئوقياسىنى كۆرۈپ بېقىشقا كەپتۇ، — دەپتۇ.

پادىشاھ مۇلايىملىق بىلەن كۈلۈپ قويۇپ:

— ماقۇل، ئۇلار كۆرۈپ باقسۇن، — دەپتۇ ئۇ بۇ ئەزىز مېھمانلارنى ئوردىغا باشلاپ كىرىپتۇ. ئۇلار ئۇ يەردە داغدۇغىلىق كۇتۇۋېلىنىپتۇ. ئۇلار كەچتە ئوردىدا قونۇپ قاپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندە، پادىشاھ كىناگا ۋېشمۇدورە ۋە ئىككى شاھزادىنى يوقلاپ كەپتۇ. ۋېشمۇدورە:

— ھېلىقى چوڭ ئوقيانى بۈگۈن كۆرۈپ باقساق بولارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

كىناگا ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ مۇنداق دەپتۇ:

— ئاۋۋال بۇ ئوقيا توغرىسىدىكى ۋەقەنى ئاڭلاپ بېقىڭلار، ئۇ دەسلەپتە ئىلاھ شىۋەنىڭ ئوقياسى ئىدى. بىر قېتىم شىۋە



ئىلاھلاردىن كۆڭلى ئاغرىپ، مۇشۇ ئوقيا بىلەن ئۇلارنى قورقۇتىپتۇ. ئىلاھ شۇھ ئىلاھلارنىڭ قاتتىق يالۋۇرغىنىنى كۆرۈپ، ئاچچىقىدىن يېنىپتۇ ھەمدە ئوقيانى ئۇلارغا بېرىپتۇ. ئىلاھلار كېيىن يەنە ئۇنى مېنىڭ بوۋام پادىشاھ تىپرادەگە ئوبدان ساقلاپ قويۇڭ، — دەپ تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ. مەن كىمكى مۇشۇ ئوقيانى ئىشلىتەلىسە، ئۇنىڭغا قىزىم سىدونى بېرىپ، ئۇنى كۈيئوغۇل قىلىمەن، دەپ ۋەدە بەرگەنىدىم.

— سىدو توغرىسىدا گەپ قىلسام، بۇرۇنقى بىر ئىش يادىمغا كەلدى. بىر كۈنى مەن ئېتىزلىقتا تېرىقچىلىق قىلىۋاتاتتىم، ئۇ يەردىكى ئېرىقنىڭ ئىچىدە ئىنتايىن چىرايلىق بىر بوۋاق كۆزۈمگە چېلىقتى. شۇ چاغدا مېنىڭ بالام يوق ئىدى. ئۇنى ئۆز قىزىمغا ئوخشاش بېقىپ چوڭ قىلدىم. ئۇنىڭغا سىدو دەپ ئىسىم قويدۇم، ئۇنىڭغا مېھرىمنى بەردىم. نۇرغۇن پادىشاھ، شاھزادىلەر ئوقيا توغرىسىدا بەرگەن ۋەدەمنى ئاڭلاپ، دۇنيادا تەڭداشسىز بۇ ساھىبجامال قىز سىدونى قولغا كەلتۈرگۈسى كەلدى، بىراق ھېچكىم بۇ چوڭ ئوقيانى مىدىرلىتالمىدى. ھازىر بۇ ئوقيانى سىلەرگە كۆرسەتمەكچى. ئەگەر رامە بۇ يايىنى تارتالىسا، ئۇ سىدوغا ئېرىشىدۇ.

پادىشاھ بەش مىڭ كۈچلۈك لەشكەرنى چىقىرىپ، ئات ھارۋىلىرى بىلەن مۇقەددەس ئوقيا قاچىلانغان غايەت زور تۆمۈر ساندۇقنى يۆتكەپ ئەكەپتۇ.

بۇ ئەزەلدىن ھېچكىم مىدىرلىتالمىغان مۇقەددەس ئوقيا ئىكەن. بىراق رامە بۇ زور ئوقيانى بىر قولى بىلەن ئاسانلا كۆتۈرۈۋاپتۇ. ئۇ ناھايىتى پىششىق ماھارەت بىلەن يايىنى كۈچەپ تارتىپتۇ. ئۇنىڭدىن يەر جاھاننى زىلزىلىگە سالىدىغان ئاۋاز چىقىرىپتۇ — دە، يايىنى سۇندۇرۇۋېتىپتۇ. ئەتراپتا تۇرغانلار قورققىنىدىن چىرايلىرى تاتىرىپ، غال — غال تىترەپ كېتىپتۇ، تىللىرى تۇتۇلۇپ ئارقىغا چېكىنىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھەيران قالغان پادىشاھ خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇ خۇشلۇقىنى ئىچىگە سىغدۇرالمىغان ھالدا:

— مەن سىدونى دۇنيادا تەڭدىشى يوق مۇشۇ شاھزادە رامەگە ياتلىق قىلىمەن، — دەپتۇ.

پادىشاھ ئون ھارۋىلىق پادىشاھ بىلەن كۆرۈشىدىغانغا ئەلچى ئەۋەتىپ، رامەنىڭ كامالەتكە يەتكەن ھەربىي ماھارىتى بىلەن مەلىكە سىدونى قولغا كەلتۈرگەنلىكى توغرىسىدىكى خۇش خەۋەرنى ئۇنىڭغا يەتكۈزۈپتۇ ھەمدە ئايوتونىڭ ئۇلۇغ پادىشاھىنى مىتروغا كېلىشكە تەكلىپ قىپتۇ.

پادىشاھ كىناگانىڭ ئومرە دېگەن يەنە بىر قىزى بار ئىكەن. پادىشاھنىڭ ئىنىسى جوشاتوگىنىڭ مىنتوۋى، سىلودوگىت دەيدى-



غان ئىككى قىزى بار ئىكەن. ئۇلارمۇ سىدوغا ئوخشاش ئىنتايىن چىرايلىق، ساھىبجامال قىزلار ئىكەن. ئون ھارۋىلىق پادىشاھ تۆتىلا ئوغلىنىڭ ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولۇشىنى ناھايىتى ئارزۇ قىلىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئۈچ دادا ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ نىكاھ ئىشلىرىنى بېكىتىپتۇ. رامە سىدو بىلەن، لەكشمەنە ئومىرە بىلەن، ۋىرادە مىنتوۋى بىلەن، شادرونە سىلودوگىت بىلەن توي قىلماقچى بوپتۇ.

ئوردا كاھىنى ۋاشىسىدو يولتۇزلارنى ئىنچىكە كۆزىتىپ ھېسابلاپ چىققاندىن كېيىن، مەلۇم بىر كۈنى گۈگۈم ۋاقتىدىكى يۇلتۇزنى ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدىغان خاسىيەتلىك ۋاقىت دەپ بىلىپ، توينى شۇ چاغقا بېكىتىپتۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ياش قىز ـ يىگىتلەر مۇشۇ خاسىيەتلىك پەيتتە توي قىلسا، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ياخشى ئۆتۈپ، مەڭگۈ بەختلىك بولىدىكەن.

كىشىلەرگە بۇرۇندىن تونۇشلۇق بولۇپ كەلگەن نەي، جاڭ ۋە دومباق ئاۋازى تەڭكەش قىلىنغان «ساناي» دەپ ئاتالغان توي مۇزىكىسى ئۆزىنىڭ يېقىملىق ۋە مۇڭلۇق ساداسى بىلەن بۇ خاسىيەتلىك كۈننى كۈتۈۋاپتۇ.

بۇ ئۈچ پادىشاھ دادا قەدىمچە ھەشەمەتلىك نەزىر ـ چىراغ ئۆتكۈزۈپ ئىبادەت قىپتۇ، سەدىقە بېرىپ پەرزەنتلىرىنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشىنى، تويدىن كېيىن بەختلىك بولۇشىنى تىلىشىپتۇ. نۇرغۇن مال ـ مۈلۈكلەر نامرات تالىپلار ۋە بىلىملىك براھمانلارغا تەقسىم قىلىنىپ بېرىلىپتۇ، چۈنكى بىلىملىك كىشىلەر ھۆرمەتكە سازاۋەر ئىكەن. ئانا خانىشلار سەمىمىي ۋە ئېھتىياتچان ھالدا ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ توي مۇراسىمىغا تەييارلىق قىلىشىپتۇ، بىر توپ شادىمان ئاياللار قوللىرىدا پارقىراپ تۇرىدىغان كۈمۈش لوڭقىلارنى كۆتۈرۈۋالغان بولۇپ، لوڭقىغا ئىچىگە توي قىلغاندا يۇيۇنۇشقا ئىشلىتىلىدىغان «مۇھەببەت زەمزىمى» قاچىلانغانىكەن. تاڭ ئاتاي دېگەندە، ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇ-

شۇپ، سارايۇ دەرياسى بويىغا كېلىشىپ، كۈمۈش لوڭقىلارغا تولدۇرۇپ سۇ ئاپتۇ، شۇنداقلا بۇ بىرنەچچە جۈپ قىز يىگىتلەرنىڭ ئۆمۈر بويى ياخشى ئۆتۈپ، بەختلىك بولۇشقا تىلەكداشلىق قىلىنىدىغان ناخشىلارنى ئېيتىشىپتۇ. تويدىن كېيىن تۇرمۇشى كۆڭۈللۈك، بەختلىك ئۆتىدىغان كىشىلەرلا مۇشۇ توي مۇراسىمىغا قاتنىشىشقا مۇناسىپ بولالايدىكەن. ياش مەلىكىلەر ئۆزلىرىنىڭ دېدەكلىرى ۋە دوستلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا سۇغا چۆمۈلۈشكە بېرىپتۇ. مەلىكىلەرنىڭ چىرايلىق چاچلىرىغا خۇش پۇراق چاچ مايلىرى سۈركىلىپتۇ، پېشانىلىرىگە سىرىق كۆركۈم ئۇپىلىرى چېچىلىپتۇ. ئۇلارنىڭ قاپقارا ئۇزۇن چاچلىرى يۇمشاق قوللار بىلەن مۇرمەككە ۋە ساندال ياغىچى كۆيۈپ تۇرغان كۈمۈش ئوچاق ئۈستىگە قويۇلۇپ، ئۇنىڭ خۇش پۇراق ئىسسىقى بىلەن قۇرۇتۇپتۇ. ئۇلارنىڭ چىرايلىق پېشانىلىرىگە سالقىنلىتىدىغان خۇش پۇراق ساندال مېيى بىلەن خال چېكىلىپتۇ. يەنە ئىككى قاش ئوتتۇرىسىغا قىزىل خال چېكىلىپتۇ. ئۇنچە ـ مەرۋايىتتەك ئاق خۇش پۇراق گۈللەر يۇمشاق قارا چاچلارغا قىستۇرۇلۇپتۇ. سىرىق زەر يىپتا توقۇلغان توق قىزىل توي كىيىملىرى بۇ ھۆر قىزلارنىڭ ئۇچىسىدا چاقناپ كېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئىنچىكە بىلەكلىرىگە ئالتۇن ۋە قاشتېشى بىلەزۈكلەر سېلىنىپتۇ، ھەممە بارماقلىرىغا ئالماس كۆزلۈك ئۈزۈك سېلىنىپتۇ. بۇ ئۈزۈكلەر ياقۇت زەنجىر ئارقىلىق مەرۋايىت بىلەن بېزەلگەن بىلۈپەر بىلەزۈكلەرگە چىگىپ قويۇلۇپتۇ. يەتتە تىزىق ئېسىل مەرۋايىت بىلەن ئاق خۇش پۇراق گۈل چەمبىرىكى بۇ ساھىبجامال قىزلارنىڭ بوينىغا ئېسىپ قويۇلۇپتۇ، چىرايلىق پۇتلىرىغا قىپقىزىل شىللاك سۈركىلىپ، ئۈستىگە كۈمۈش خالخاللار سېلىپ قويۇلۇپتۇ. خالخاللار ئۈستىدىكى كىچىك قوڭغۇراقچىلار توختىماي جىرىڭلاپ تۇرۇپتۇ، كۆزنى قاماشتۇرىدىغان مەرۋايىتلار قۇلاق تۈۋىدە تىترەپ تۇرۇپتۇ. گويا ھەربىر شاھزادىنىڭ بېشىغا سەلتە-

www.uyghurkitap.com

نەتلىك شاھتاجى كىيدۇرۇلگەنگە ئوخشاش، چىرايىدىن نۇر يې-
غىپ تۇرىدىغان بۇ يېڭى كېلىنلەرنىڭ يۈزىگە ئالتۇن - كۈمۈش
يىپتىن توقۇلغان ياغلىقلار يېپىلىپتۇ.
ئوردىدىكى گۈللەر بىلەن زىننەتلەنگەن چوڭ مېھمانخانىلار
توي مۇراسىمىغا قاتنىشىشقا كەلگەن مېھمانلار بىلەن لىق تولۇپ-



تۇ. شاراب ئىچىش، مۇزىكا تىڭشاشلار كۈن ئولتۇرغۇچە داۋاملىشىپتۇ.
خاسىيەتلىك پەيتلەر بارغانسېرى يېقىنلىشىپتۇ. ھەممە ئادەم شادلىققا چۆمۈپتۇ. لېكىن ئاسماندىكى ئىلاھلار ئانچە خۇشال ئەمەس ئىكەن. ناۋادا رامە بېكىتىلگەن ۋاقىت ئىچىدە سىدو بىلەن توي قىلىپ، بىر ئۆمۈر ئايرىلماي بىللە ئۆتسە، ئۇنداقتا ئىبلىس دىۋە راۋونەنى كىم يوقىتىدۇ؟ ياۋۇز دىۋە ھۆكۈمرانلىق قىلغان بۇ دۇنيانى رامەدىن باشقا ھېچقانداق ئادەم ئازاد قىلالمايتتى.
شۇڭا ئىلاھلار بىر تەدبىر ئويلاپ چىقىپتۇ. ئۇلار ئاي نۇرىنى بىر ساھىبجامال قىزغا ئايلاندۇرۇپ، ئۇنى توي زىياپىتىدە ئۇسسۇل ئويناپ بېرىشكە ئەۋەتىپتۇ. كۆپچىلىك خاسىيەتلىك پەيتنىڭ كېلىشىگە ئۇلگۇرتۇپ توي مۇراسىمىنىڭ ئۆتكۈزۈلۈشىنى كۈتۈپ تۇرغاندا، تۇيۇقسىز پەرىزاتتەك بىر قىز پەيدا بوپتۇ، ئۇ تويغا كەلگەن مېھمانلارغا ئۇسسۇل ئويناپ بېرىشكە ماقۇل بوپتۇ. كۆپچىلىك بۇنىڭدىن بەك خۇشال بولۇشۇپتۇ. ئۇلار ئۇسسۇل كۆرسەك ۋاقىت تېزرەك ئۆتۈشى مۇمكىن، دەپ ئويلاپتۇ.
ۋاقىت تېز ئۆتۈپتۇ، لېكىن خاسىيەتلىك پەيت بېكىتىلگەن قەرەلدىن ئۆتۈپ كېتىپتۇ... ئۇلار ئېسىگە كەلگەندە، ۋاشىسىدۇ بىلەن مىترو شەھىرىنىڭ ئوردا كاھىنلىرى مۇراسىمنى دەرھال باشلاشقا تۇتۇش قىلىشىپتۇ. مۇقەددەس ئىبادەت ئوتى نىكاھ قەسىمىنىڭ گۇۋاھچىسى بوپتۇ. بۇ باتۇر شاھزادىلەر ئۆز مەھبۇبىلىرىنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ مۇقەددەس ئوت ئەتراپىدا يەتتە قېتىم ئايلىنىپتۇ. ئاندىن كېيىن ئۇلار يىپەك چۈمپەردىنىڭ ئىچىدە يۈزتۇرانە تۇرۇپ، گۈل چەمبىرەكلەرنى ئالماشتۇرۇشۇپتۇ. بۇ ۋاقىتتا قۇلۇلە كانىيى چېلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا گۈللەر تاشلىنىپتۇ. ئۇلار ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ چوڭلارنىڭ ياخشى تىلەكلىرىنى قوبۇل قىلىشىپتۇ.
بىراق، ئۇلارنىڭ كۆڭۈل قويۇپ بېكىتكەن توي مۇراسىم

ۋاقتى مۇراسىم باشلىنىش ئالدىدىلا ئۆتۈپ بولغانىكەن، بۇنى پەقەت ۋېشىمۇدورە بىلەن ۋاشىسىدولا چۈشىنىدىكەن. كۈتۈلمىگەن ئەھۋاللارنىڭ يۈز بېرىشىنى ھېچكىم بىلمىگەچكە، كىشىلەر توي خۇشاللىقىدىن بولۇشىغا بەھرىمەن بولۇشۇپتۇ، قىن قىنىغا پاتماي ئويىنىشىپتۇ. راما بىلەن سىدونىڭ توي مۇراسىمىدا، براھمان يەنە لەكشىمەنە بىلەن ئۇمىرە، ۋىرادە بىلەن مىنتوۋى، شادرونە بىلەن سىلودوگىتلارنى نەزىرگاھقا باشلاپ كىرىپ، ئۆمۈرلۈك ئەر - خوتۇن قىپتۇ. مۇقەددەس ئوت ئەتراپىدىكىلەر خۇشاللىقتا چۆمۈشۈپتۇ.

كىناگا ئۆزىنىڭ قۇدرەتلىك چاۋسارا دۆلىتى بىلەن ئىتتىپاقداش بولغانلىقىدىن ئىنتايىن مەمنۇن بوپتۇ. ئون ھارۋىلىق پادىشاھ دۆلىتىگە قايتىش ئالدىدا، ئۇ ئون ھارۋىلىق پادىشاھقا مالاي، دېدەك، ئات، پىل، ئالتۇن - كۈمۈش بۇيۇملىرى قاتارلىق سوۋغاتلارنى تەقدىم قىپتۇ.

ئون ھارۋىلىق پادىشاھنىڭ قوشۇنى يولغا چىقىپ ئۇزۇن ئۆتمەي گۈگۈم چۈشۈشكە باشلاپتۇ. قاراڭغۇلۇق ئىچىدە بىر ئادەم ئۇشتۇمتۇت پەيدا بوپتۇ. ئەسلىدە ئۇنىڭمۇ ئىسمى راما بولۇپ، پالتا ئىشلىتىشكە ئىنتايىن ماھىر بولغانلىقتىن، كىشىلەر ئۇنى «پالتىلىق راما» دەپ ئاتايدىكەن. ئۇ ئون ھارۋىلىق پادىشاھنىڭ ئوغلى راما بىلەن كۈچ سىنىشمەن، دەپ پو ئېتىپتۇ.

— قۇدرەتلىك پالۋان، ئەگەر بۇ ئوقيانىڭ يايىنى تارتىۋالسىڭىز، مەن بىلەن يۈزتۇرانە ئېلىشىش سالاھىيىتىگە ئېرىشەلەيسىز، — دەپتۇ «پالتىلىق راما».

«پالتىلىق راما»نىڭ بۇ قىلىقى رامەنى قاتتىق غەزەپلەندۈرۈپتۇ. راما:

— مەيلى، سىنىشىپ باقايلى، — دېگىنىچە ئىلاھ ۋىشنو بەرگەن ئوقيانى ئېلىپ، بىر پاي ئوق ئېتىپتۇ. پالتىلىق راما تېزدىن غايىب بولۇپ، ئەتراپ بىردىنلا يورۇپ كېتىپتۇ.

يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئون ھارۋىلىق پادىشاھ ياشىنىپ، تېنى ئاجىزلىشىشقا باشلاپتۇ. بىر كۈنى ئۇ ۋەزىر - ۋۇزىرالىرىنى چاقىرىپ ئۇلارغا:

— ياشىنىپ قالدىم، ئۆمرۈممۇ ئۇزۇنغا قالمىدى. مېنىڭ رامەنى تەخت ۋارىسى قىلغۇم بار. سىلەرنىڭ قانداق پىكىرىڭلار بار؟ — دەپتۇ. كۆپچىلىك:





www.uyghurkitap.com

— ئي پادىشاھ، رامەنىڭ ئېسىل ئەخلاقىي پەزىلىتى ھەممىمىزگە ئايان. دۇنيادا ھېچقانداق ئادەم پۇقرانىڭ ھىمايىسىگە ئۇنىڭچىلىك ئېرىشىپ باقمىغان. رامە ئالىيلىرىنىڭ ۋەلى ئەھدىسى بولغان بولسا، بىز ئىنتايىن خۇشال بولغان بولاتتۇق، — دېيىشىپتۇ.

ئۇن ھارۋىلىق پادىشاھ ئىنتايىن خۇشال بوپتۇ. ئۇ مۇنداق دەپتۇ:

— ھازىر دەل چايتارا ئېيى (ھىندىستان كالىندارىدا بىرىنچى ئاي. يەنى مىلادى 3 - ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدىن 4 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغا توغرا كېلىدۇ. بۇ دەل ھىندىستاننىڭ باھار مەزگىلى) . ئورماندىكى گۈللەر ئېچىلىپ كېتىپتۇ، ئەتە رامە نايىب پادىشاھ بولسۇن.

ئوردىدا كىشىلەرنىڭ خۇشاللىق سادالىرى ياڭراپتۇ. ئاندىن كېيىن، ئۇن ھارۋىلىق پادىشاھ ئىچكىرىكى ئوردىغا كېلىپ رامەگە:

— بالام، تۈنۈگۈن قارا بېسىپ قېلىپ يامان چۈش كۆرۈپتىمەن. بۈگۈن كەچ يامان ئەھۋال يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن دوستلىرىڭ ھۇجرا ئۆيۈڭنىڭ ئەتراپىدا سېنى قوغدىسۇن، — دەپتۇ.

راست دېگەندەك، بىرسى ئەسكىلىك قىپتۇ. ئۇ تېلەتى ئىنتايىن سەت، ھەسەتخور دوك ئايال مەندورى ئىكەن. ئۇ ئەسلىدە خانىش كېگېينىڭ توي قىلغان ۋاقتىدىكى قولدىشى بولۇپ، رامەنىڭ تەخت ۋارىسى بولغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دەرھال كېگېينىڭ ھۇجرىسىغا كېلىپ، ئۇخلاۋاتقان خانىشنى ئويغىتىپتۇ. دوك ئايال كېگېينى ھەر خىل ئاماللار بىلەن ئوغلى پورادونى تەخت ۋارىسى قىلدۇرۇپ، رامەنى ئورمانلىققا قوغلىۋېتىشكە قۇترىتىپتۇ. تەختنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈش ئالدىدا كېگې دوك ئايالنىڭ سۇيىقەستلىك پىلانى بويىچە ئەسكى

كىيىمنى كىيىپ، ئىچكىرىكى ئۆيدە يېتىۋېلىپ ھۆر كىرەپ يىغلاپتۇ. ئون ھارۋىلىق پادىشاھ بۇنى كۆرۈپ چۆچۈپ كېتىپتۇ.

ئون ھارۋىلىق پادىشاھ ھەيران قىلىپ، زادى نېمە ئىش بولدى؟ دەپ سوراپتۇ. بۇنىڭغا ھېچكىم جاۋاب بەرمەپتۇ. ئۇ نېمە قىلارىنى بىلمەي قاپتۇ. ئۇ چىرايلىق خانىشىنىڭ بۇ ئەھۋالىنى كۆرۈپ كۆڭلى ئىنتايىن بىئارام بوپتۇ، ئۇ بۇ خانىشنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىكەن. شۇڭا ئايالىنىڭ ئازاب ئىچىدە يىغلىغىنىغا چىداپ تۇرالماي، ئۇنىڭغا:

— سىز نېمىنى تەلەپ قىلماقچىدىڭىز؟ ئېيتىۋېرىڭ، تەلىپىڭىزنى جەزمەن قاندۇرىمەن، — دەپتۇ.

كىنگىي يىغلاپ تۇرۇپ:

— نېمە دېسەم ماقۇل بولامىلا؟ مەن نېمىنى تەلەپ قىلسام شۇنى بېرەمىلا؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئون ھارۋىلىق پادىشاھ:

— رامەنى ئەڭ ياخشى كۆرىمەن. ھازىر ئۇنىڭ نامىدىن شۇنداق قەسەم قىلىمەنكى، سىز نېمىنى تەلەپ قىلسىڭىز، شۇنى بېرىمەن، — دەپتۇ.

كىنگىي بۇ گەپنى ئاڭلاپ، يېشىنى سۈرتۈۋېتىپ مۇنداق دەپتۇ:

— ئەي، ئەۋلىيالار، ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ پادىشاھ ماقۇل بولدى، ئالىيلىرى، بۇرۇن سىلى ئەۋلىيالار بىلەن ئىبلىس دىۋىلەر تەنتوگادا ئۇرۇش قىلغان مەزگىلدە ئۆزلىرى ئېغىر يارىلانغانتىدىلە، شۇ چاغدا مەن ھاياتلىرىنى قۇتقۇزۇۋېلىپ، كۆڭۈللىرىگە يېقىپ قالغانىدىم. سىلى ماڭا ئىككى سوۋغات بەرمەكچى بولغان ئىدىلە. مەن شۇ چاغدا سىلىگە ھازىر ھېچنەرسە تەلەپ قىلمايدىغانلىقىمنى، كېيىن تەلەپ قىلىدىغانلىقىمنى ئېيتقانىدىم. سىلىدىن ھازىر شۇ سوۋغاتنى تەلەپ قىلماقچىمەن... بىرىنچى،



سىلى رامەنى ئورمانلىقتا ئون تۆت يىللىق سۈرگۈن قىلسىلا، ئۇ جەزمەن زاھىد كىيىمىنى كىيىپ بارسۇن. ئىككىنچى، ئوغلۇم ۋىرادە سىلىنىڭ تەختلىرىگە ۋارىسلىق قىلسۇن، سىلى بۇنىڭغا بۇرۇنلا ماقۇل بولغانىدىلە. ئەگەر سىلى ھازىر بۇ گەپلىرىدىن يېنىۋالسىلا، ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈۋالىمەن.

ئون ھارۋىلىق پادىشاھ ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ھوشىدىن كېتىپتۇ. ئۇ ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن قاتتىق غەزەپلىنىپتۇ. ئۇ مۇنداق دەپتۇ:

— سەن ئىنتايىن زەھەرلىك، رەھىمسىز خوتۇن ئىكەنسەن. سەن رامەگە شەپقەتسىز مۇئامىلە قىلىۋاتىسەن، ئۇ ساڭا نېمە يامانلىق قىلدى؟ ساڭا ئىنتايىن ۋاپادارلىق قىلغانتىغۇ؟ سەن ئۇنى قوغلايدىغانغا ئۇ نېمە گۇناھ قىلدى؟ ناۋادا ئۇنى قاقاس ئورمانلىقتا سۈرگۈن قىلىۋەتسەك، بۇ دۇنيادا مەن قانداقمۇ ياشايمەن؟ — ياشىنىپ قالغان پادىشاھ مۇشۇ گەپلەرنى قىلىۋېتىپ يىغلاپ كېتىپتۇ.

ئارقىدىن ئۇ كىگىيىدىن ئۆزىنىڭ ئەسەبىي تەلەپلىرىدىن يېنىۋېلىشنى ئۆمىد قىپتۇ. بۇنىڭ بەدىلىگە ئۇ ئۆمىد قىلغان باشقا ھەرقانداق نەرسىنى بېرىشكە ۋەدە بېرىپتۇ، لېكىن بۇ شەپقەتسىز خانىش نىيىتىدىن ھەرگىز يانماپتۇ. ئۇ مەسخىرە تەلەپپۇزدا:

— پادىشاھ ئالىيلىرى، كۆپچىلىك سىلىنى راستچىل ئادەم دېيىشىدۇ. ئەگەر ئۇلار سىلىنىڭ گەپلىرىدىن يېنىۋالغانلىقلىرىنى بىلىپ قالسا، نېمىلەرنى دېيىشەر؟ سىلى بۇرۇن قەسەم قىلغان. ھازىر نېمە دېگەنلىرىدىن قەتئىينەزەر، تەلىپىمنى ئىشقا ئاشۇرۇشلىرى كېرەك، — دەپتۇ.

پادىشاھ بۇ ۋاقىتتا قاتتىق ئازابلىنىپتۇ. قاتتىق ئەلەم بولغانلىقتىن ئاقارغان باشلىرىنى كۆتۈرەلمەي قاپتۇ، قاتتىق يىغلاپ يىلىنىپتۇ، كېچە - كۈندۈز ئۇخلىيالماپتۇ.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

خانىشنىڭ مەسخىرە قىلىشلىرى ۋە ئۇنىڭ سۆيىقەستىنى ئىشقا ئاشۇرۇش قىلمىشلىرىغا قارىتا، ياشانغان پادىشاھ نېمە قىلارىنى بىلمەي نەچچە قېتىم ھوشىدىن كېتىپتۇ. بىراق، ئۇ ساقلانغىلى بولمايدىغان بۇ پاكىت ئالدىدا پەقەت ئامال قىلالماي قاپتۇ. ئۇ ئاخىرى بۇ يامان ئاقىۋەتتىن قۇتۇلۇشقا كۆزى يەتمىگەندىن كېيىن، ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا:

— بۇ ۋەدىنى ئۆزۈم بېرىپتىمەن، يېنىۋېلىشقا ئامال بولمىدى. بۇنىڭغا يەنە نېمە ئامال؟ بوپتۇ، سېنىڭ ئارزۇيۇڭ بويىچە بولسۇن. بىراق ئۇ كەتكۈچە، ئۇنى يەنە بىر كۆرۈۋالاي، — دەپتۇ.

بۇ ۋاقىتتا قۇياش كۆتۈرۈلۈپ، پۈتكۈل شەھەر شادلىق كەيپىياتىغا چۆمگەنىكەن، ھەممە تەرەپتىن ئايوتو شەھىرىگە قاراپ كېلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىكەن، تەختنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش مۇراسىمىنىڭ تەييارلىقلىرى پۈتكەنىكەن.

مۇراسىم باشلىناي دېگەندە، رامە ئات ھارۋىسىغا ئولتۇرۇپ ئوردىغا كەپتۇ. ئۇ دادىسىنىڭ روھى چۈشكۈن ھالدا تەختتە ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ خاتىرجەمسىزلىنىپ، دادىسىنىڭ ئارقىسىدا ئولتۇرغان كىگىيىدىن:

— ئاپا، قانداق كۆڭۈلسىز ئەھۋال دادامنى مۇشۇ ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويدى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— داداڭغا ئازابلانغۇدەك ھېچ ئىش بولمىدى. داداڭ بىر ئىش قىلماقچى ئىدى، بىراق سەندىن قورقۇپ، بۇنىڭغا تۇتۇش قىلالمايۋاتىدۇ. ئۇ بۇرۇن قەسەم قىلغان، شۇڭا سەن ئۇنى توسساڭ بولمايدۇ، ناۋادا ئۇنى توسساڭ چوڭ گۇناھ ئۆتكۈزگەن بولىسەن، — دەپتۇ ئۇ. رامە:

— ئاپا، بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ دادامنىڭ دېگەن گېپىنىڭ قانۇن ئىكەنلىكىنى سىزمۇ بىلىسىز. مەن ئۇنىڭ ئارزۇسىغا

قەتئىي ھۆرمەت قىلىمەن، — دەپتۇ.
كىنگىي مۇنداق دەپتۇ:
— بالام، دادىڭ ئىلگىرى ماڭا ئىككى سوۋغات بېرىشكە ماقۇل بولغان. ھازىر ئۇنىڭدىن شۇنى تەلەپ قىلماقچىمەن. بىرىنچىسى، مەن سېنى ئورمانلىققا كەتكۈزۈۋەتمەكچىمەن. ئۇ يەردە ئون تۆت يىل تۇرىسەن. ماڭغان ۋاقتىڭدا ھەممە ھوقۇقىڭدىن، شاھزادىلىك ئورنۇڭدىن ۋاز كېچىسەن، بۇ دۇنيادىكى ھۇزۇر - ھالاۋەتلەردىن ۋاز كېچىسەن، ئۇچاڭدىكى ھەشەمەتلىك كىيىم - كېچەكلەرنى سېلىۋېتىپ، دەرەخ قوۋزىقىدىن تەييارلانغان كىيىملەرنى كىيىسەن. (ھىندىستاننىڭ قەدىمكى زاماندىكى زاھىدلىرى دەرەخنىڭ قوۋزاقلىرىنى ئۇستىگە يېپىنىۋالاتتى). ئىككىنچىسى، ئوغلۇم ۋىرادە سېنىڭ ئورنۇڭغا تەختكە ئولتۇرىدۇ، ھازىر سەن پادىشاھ بولۇش نىيىتىڭدىن يېنىشىڭ كېرەك. دادىڭ قاتتىق ئازابلانغاچقا، بۇ گەپلەرنى ئاغزىدىن چىقىرالمىغان، سەن جەزمەن بىر ئامال قىلىپ دادىڭنىڭ ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇر.
ئون ھارۋىلىق پادىشاھ يۈرىكى خۇددى پىچاقتا تىلغاندەك ئېچىشىپ قاتتىق ھەسرەت چېكىپتۇ. لېكىن رامە ئۆزىنى ناھايىتى ئېغىر بېسىق تۇتۇپتۇ. ئۇ:
— ئاپا، بۇلارنىڭ ھەممىسى دېگىنىڭىزدەك بولىدۇ. دادام تاپشۇرغان مەجبۇرىيەت ۋە ۋەزىپىنى جەزمەن ئادا قىلىمەن. بورىتونى دەرھال چاقىرىپ كېلىڭلار، بۇگۈنلا ئورمانلىققا كېتىمەن. بىراق دادام نېمە ئۈچۈن ماڭا ئۆز ئاغزى بىلەن پەرمان چۈشۈرمەيدۇ؟ — دەپتۇ. كىنگىي ناھايىتى خۇشال بولغان ھالدا:
— ۋىرادەنى دەرھال چاقىرىپ كېلىڭلار. پادىشاھ بەك خىجىل بولغاچقا، بۇ ھەقتە ئېغىز ئاچالمايۋاتىدۇ. سەن ئورمانلىققا كەتمىگۈچە، ئۇ يۇيۇنالمايدۇ، ئەتىگەنلىك ناشتىمۇ قىلالمايدۇ. سېنىڭ يەنىلا تېزرەك كەتكىنىڭ تۈزۈك، — دەپتۇ.

ئون ھارۋىلىق پادىشاھ بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئاۋازى بوغۇلغان ھالدا: «ئىي پەرۋەردىگاھ، پەرۋەردىگاھ» دەپ ۋارقىراپ ھوشىدىن كېتىپ يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. پادىشاھنىڭ شۇنچىلىك ئازابلانلىقىنى كۆرگەن كىشىلەر چىداپ تۇرالماپتۇ. رامە ئىنتايىن كۆڭلى يېرىم بولغان ھالدا دادىسىنى ئورۇندۇققا ئاستا يۆلەپ ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ چىقىپ كېتىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

## ئىككىنچى قىسسە

# رامەنىڭ خۇشلىنىشى — خاتا قىلىنغان سۇرگۈن

رامەنى سۈرگۈن قىلىش توغرىسىدىكى خەۋەر تېزلا تارقىلىپ كېتىپتۇ. زەردىسى قايناپ ئۆزىنى باسالمىغان، لېكىن نېمە قىلارىنى بىلمەي قالغان كىشىلەر بۇ ئىشتىن قاتتىق ئەپسۇسلىنىپ رامەگە ھېسداشلىق قىلىشىپتۇ. رامە لەكشمەنە بىلەن بىللە ئاپىسىنىڭ تۇرالغۇسىغا كەپتۇ. خانىش چاۋسارايى تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن بۇ ئۆزگىرىشنى كۆرۈپ، ھوشىدىن كېتىپتۇ. خانىش ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن، ئورمانلىققا ئوغلى بىلەن بىللە بارماقچى بولغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. رامە ئاپىسىغا تەسەللى بېرىپ، دادىسىنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن قېپقېلىشقا نەسىھەت قىپتۇ.

رامە ئاپىسى بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن، تۇرالغۇسىغا قايتىپ كەپتۇ. بۇ چاغدا چىرايلىق ئايالى سىدو ئۇنى ساقلاۋاتقاندكەن. رامە ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ شاھلىق تەختىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىنى ئېيتقاندا، سىدو گەپ قىلماپتۇ. بىراق، ئۇ رامەنىڭ ئورمانلىققا كېتىدىغانلىقىنى ئاڭلىغاندا:

— مەنمۇ سىلەر بىلەن كېتىمەن، — دېگەن گەپنىلا قىپتۇ.

رامە ئۇنى ئۆز پىكرىدىن ۋاز كەچتۈرۈشكە ئۇرۇنۇپتۇ. ئۇ ئۇنىڭغا ئورمانلىقتا خەتەرلىك ئەھۋاللارنىڭ يۈز بېرىش ئېھتىمالى بارلىقىنى، ئۇ يەرنىڭ تۇرمۇشىدىكى ھەر خىل قۇلايسىزلىق

لارنى ئېيتىپتۇ، لېكىن سىدو بۇ گەپلەرگە قۇلاق سالماپتۇ.

ئۇ رامەنىڭ بويىنىغا ئېسىلىپ ئۇنى قاتتىق قۇچاقلاپتۇ، كۆڭلى يېرىم بولۇپ يىغلاپتۇ. رامە ئاخىر ئۇنىڭ بىللە بېرىشىغا ماقۇل بوپتۇ. ئۇ:

— ئۇنداقتا بىللە بېرىڭ، مەن هاياتلا بولسام، سىزمۇ ئامان بولىسىز. بىز ھەممە مۈلكىمىزنى ئىبادەت قىلىۋاتقان رىشى ۋە نامراتلارغا تەقسىم قىلىپ بېرەيلى. ئاندىن كېيىن ئورمانلىققا كېتەيلى، — دەپتۇ.

بۇ چاغدا لەكشىمەنەمۇ ئالدىغا ئۆتۈپ:

— مەنمۇ باراي، سىلەر بولمىساڭلار، قېپقېلىشىمنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ، — دەپتۇ. رامەگەپ ئۆتكۈزەلمەي، ماقۇل بولۇشقا مەجبۇر بوپتۇ.

رامە، سىدو، لەكشىمەنەلەر ئوردىغا كەپتۇ. ئون ھارۋىلىق پادشاھ ئوردىسىدىكى ئۈچ يۈز ئەللىك خانىش ـ كېنىزەكنى يىغىپ، كۆڭلى يېرىم بولغان ھالدا:

— رامە، مەن كىگىيگە بەرگەن ۋەدەمگە ئەمەل قىلىمەن دەپ، ئەقىل ـ ھوشۇمنى يوقىتىپتىمەن. بۈگۈن سەن مېنى تۇرمىگە قامىتىۋەتكىن، ئايوتونىڭ پادشاھى ئۆزۈڭ بولغىن، — دەپ جاكارلاپتۇ.

رامە تىزىنى پۈككەن ھالدا، دادىسىنىڭ پۇتىنى سىلاپ تۇرۇپ: (بۇ ھىندىستاندىكى ئەڭ چوڭ ھۆرمەت ـ ئېھتىرام)

— سىنىڭ پادىشاھلىققا يەنە مىڭ يىل ھۆكۈمران بولۇشىڭنى تىلەيمەن، سىدو بىلەن لەكشىمەنەنىڭ مەن بىلەن بىللە كېتىشىگە رۇخسەت قىلىشىڭنى سورايمەن، بىزگە دۇئا قىلغىن، — دەپتۇ.

پادشاھ ئوغلىنىڭ بىر قارارغا كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ۋەزىرلىرىگە قوشۇن ۋە دۆلەت بايلىقىنى رامەگە تاپشۇرۇپ بېرىشكە پەرمان قىپتۇ. كىگىي بۇ گەپنى ئاڭلاپلا:

— ۋىرادە ئۆزىنىڭ بايلىقىدىن ئايرىلىپ قالغان دۆلەتنى قوبۇل قىلمايدۇ، — دەپ ۋارقىراپتۇ. رامە:

— دادا، ماڭا پادىشاھلىقىنىڭ قوشۇنى ۋە مال - مۈلۈكىنىڭ كېرىكى يوق. مەن ئازراقلا كونا كىيىم ئېلىۋالسام كۇپايە، — دەپتۇ.

ئۇ گېپىنى تۈگىتىشىگىلا، كىگىي ئۇلارغا ئۈچ قۇردىن كونا كىيىم ئەپچىقىپ بېرىپتۇ. رامە بىلەن لەكشىمەنە ئۇستىدىكى كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپتۇ. بىراق، سىدو ئۆزىگە بېرىلگەن كونا كىيىملەرنى قانداق ئالماشتۇرۇشنى بىلەلمەي قاپتۇ. رامە كونا كىيىمنى ئۇنىڭ چىرايلىق كىيىملىرى ئۇستىگە كىيدۈرۈپ قويۇپتۇ. ئەتراپىدىكى كىشىلەر كۆڭلى يېرىم بولغان ھالدا كۆز يېشى قىلىشىپتۇ.

ئوردا كاھىنى ۋاشىسىدونىڭ بۇ ئىشقا ئاچچىقى كېلىپ، سىدونىڭ كونا كىيىم كىيىشىگە قوشۇلماپتۇ. كىگىينى بىر مۇنچە سۆزلەر بىلەن ئەيىبلەپتۇ. بۇ ۋاقىتتا ئون ھارۋىلىق پادىشاھ:

— مەن سىدونىڭ ھەممە نەرسە - كېرەكلىرىنى تارتىۋېلىڭ-





www.uyghurkitap.com

لار دېمىگەن، ئۇ مۇنداق ئەسكى كىيىملەرنى كىيسە ھەرگىز بولمايدۇ. سىدو ئۆزىنىڭ بارلىق ئىسىل نەرسىلىرىنى ئەپكەتسۇن، — دەپتۇ.

سىدو شاھانە كىيىملەرنى كىيىپ ھارۋىغا چىقىپتۇ. رامە بىلەن لەكشىمەنە قورال - ياراغلىرىنى ئېلىپ ھارۋىغا چىقىپتۇ. ھارۋىكەش سوماندىرا ھەيدىگەن ئات ھارۋىسى ئۇچقاندەك يۈرۈپ كېتىپتۇ.

كىشىلەر تېز كېتىۋاتقان ئات ھارۋىسىغا ئەگىشىپ يۈگۈرۈپتۇ، پەقەت يېتىشەلمىگەندە، يىغا - زارە قىلىشىپ:

— سوماندىرا، ئاستىراق ماڭغىن، بىز يېتىشەلمىدۇق، — دەپ توۋلىشىپتۇ.

رامە دەرد - ئەلەمنى ئىچىگە يۇتۇپ مېڭىپتۇ. بىراق، ئۇ دادىسى ئۇن ھارۋىلىق پادىشاھ، خانىشلارنىڭمۇ ھارۋا ئارقىسىدىن ئەگىشىپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقىغا پەقەت چىداپ تۇرالماپتۇ. بۇنداق ئەھۋالنى بىر تاش يۈرەك ئادەم كۆرگەندىمۇ دىلى يۇمشىماي قالمايدىكەن.

رامە يۈرىكى قاتتىق ئۆرتەنگەن ھالدا:

— تېزرەك ھەيدىگىن، سوماندىرا تېزرەك ھەيدىگىن، — دەپ ئۇنى ئالدىرىتىپتۇ. پادىشاھمۇ:

— توختا، ھارۋىنى توختات، — دەپ توۋلاپتۇ: خانىش چاۋسارايىمۇ ھەسرەت چەككەن ھالدا:

— ئەي، رامە، ئەي سىدو، ئەي لەكشىمەنە! — دەپ ۋارقىراپ، ئېلىشىپ قالغاندەك ئەگىشىپ يۈگۈرۈپتۇ.

رامە بۇنىڭدىن قاتتىق ئازابلىنىپتۇ. سوماندىرا بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، ھارۋىنى تېخىمۇ تېز ھەيدەپتۇ. ئون ھارۋىلىق پادىشاھ رامە چۈشكەن ھارۋىنىڭ بارغانسېرى يىراقلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىغا كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ قاپتۇ، ھارۋىنى پەقەت كۆرەلمىگەندىلا، ئاندىن ئارقىغا قايتىپتۇ. ئۇ قايغۇ - ھەسرەت بىلەن بېشىنى

سىلىپ، چاۋسارايى بىلەن بىللە ئوردىغا قايتىپتۇ. خانىش كېيىكنى ئۇنى كۇتۇۋېلىشقا ئالدىغا چىقىپتۇ، لېكىن ئۇ ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ ئازابلانغان هالدا:

— ماڭا چېقىلماڭ، — دەپتۇ. كۆز يېشى ئۇنىڭ كۆزىنى خىرەلەشتۇرۇپتۇ. ياشانغان پادىشاھ دەلدەڭشىگەن هالدا چاۋسارايىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، ئورۇندۇقتا ئۆزىنى تاشلاپ كۆزىنى يۇمۇۋاپتۇ.

ۋاقىت ناھايىتى ئاستا ئۆتۈپتۇ. بىر سائەت خۇددى بىر كۈندەك، بىر كۈن خۇددى نەچچە ئون يىلدەك بىلىنىپتۇ، ئىلگىرى خۇشاللىقتا چۆمگەن، ناخشا - مۇزىكا ساداسى ئۈزۈلمەيدىغان ئوردا هازىر چۆلدەرەپ قاپتۇ. ئون هارۋىلىق پادىشاھ بۇ قورقۇنچلۇق ئەھۋالنى كۆرۈپ يىتىپ قاپتۇ، ئۇنىڭ كۆڭلىگە هېچنېمە سىغماپتۇ. ئۇ قايغۇ - ھەسرەتكە چۆمۈپ گېلىدىن هېچنەرسە ئۆتمەپتۇ. بىر كۈنى بىرسى سۇماندىرانىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئۇنىڭغا خەۋەر قىپتۇ. ئۇ يەنە يىغلاپ هوشىدىن كېتىپتۇ، هوشىغا كېلىپ:

— سۇماندىرا، قايتىدىغان ۋاقتىڭدا ئۇلار نېمە دېدى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— رامە كۆپچىلىككە سالام يوللىدى. ئۇ يەنە، ئاپامغا ئېيتىپ قويۇڭ، دادامنىڭ هالىدىن ئوبدان خەۋەر ئالسۇن. ۋىرادەگە ئېيتىپ قويۇڭ، ئۇ ھەممە ئىشتا جەزمەن دادامغا بويسۇنسۇن، — دېدى. لېكىن لەكشىمەنە قاتتىق ئاچچىقلىنىپ، دادام رامەنى ئورمانلىققا سۈرگۈن قىلدى. بۇنىڭدىن ئېتىبارەن مەن ئۇنىڭغا هۆرمەت قىلمايمەن، دېدى. سىدو گەپ قىلماي كۆز يېشى قىلىپلا تۇردى. قايغۇ - ھەسرەتكە چۆمگەن كۆزلىرىنى رامەگە تىكىپ، ئاندىن مەن ھەيدەپ كېتىۋاتقان هارۋىغا قاراپلا قالدى، — دەپتۇ.

ئون هارۋىلىق پادىشاھ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، يۈرىكىگە يىڭنە سانجىلغاندەك قاتتىق ئازابلىنىپتۇ - دە، شۇ ھامان ھوشىدىن كېتىپتۇ. ئۇ ھوشىغا كەلگەندە، بۇرۇنقى ئىشلار ئېسىگە كېلىۋې-لىپ، تېخىمۇ ئازابلىنىپتۇ. ئۇ قاراڭغۇ چۈشكەن جىمجىت كې-چىدە ئىڭراپ تۇرۇپ: — چاۋسارايى سەن قەيەردە؟ سېنى كۆرەل-مىدىمغۇ؟ قولۇڭنى ماڭا بەرگىنە، — دەپتۇ.

ئۇ ياشانغان ۋاقتىدا، ھەددىدىن تاشقىرى قاتتىق زەربىگە ئۇچراپ، كۆپ ياش تۆككەنلىكى ئۈچۈن، كۆرۈش قۇۋۋىتى ئا-جىزلاپ، ئەما بولۇپ قاپتۇ، رامەدىن ئايرىلىپ، سالامەتلىكى پۈتۈنلەي تۈگىشىپتۇ ۋە ھاياتىنىڭ تېز ئاخىرلىشىۋاتقانلىقىنى ھېس قىپتۇ... شۇنداق قىلىپ ئۇ قايغۇ - ھەسرەت ئىچىدە ئۆلۈپ كېتىپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگىنى ئايوتو شەھىرى قايغۇغا چۆمۈپتۇ. خەلقمۇ ئىنتايىن قايغۇرۇپتۇ. ياشانغان پادىشاھ ئۆز خەلقىگە مېھر - شەپقەت ئاتا قىلغانىكەن. ئۇلار ئۇنىڭ رامەگە قىلغان مۇئامىلى-سىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇلارنىڭ بۇ ياشانغان پادىشاھدىن ئاغ-رىنىدىغانغا ھېچقانداق ئاساسى يوق ئىكەن.

ماتەم مۇراسىمىنى كىم ئۆتكۈزىدۇ؟ رامە بىلەن لەكشمەنە سىرتقا سۈرگۈن قىلىنغان، ۋىرادە بىلەن شادرونە كىگىينىڭ دادىسىنىڭ دۆلىتىدىن قايتىپ كەلمىگەنىدى. مۇشۇنداق ئەھۋال-دا، ئوردا كاھىنى ۋاشىسىدو جەسەتكە خۇشبۇي دورا سۈركەپ، ئۇنى چىرىتمەي ساقلاپ تۇرۇش تەكلىپىنى بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن جەسەت توختىتىپ قويۇلۇپتۇ، دۆلەتنىڭ ھەممە يېرىدە ئاق كۆڭۈل پادىشاھقا ماتەم بىلدۈرۈلۈپتۇ. ۋىرادەنى چاقىرىپ كې-لىشكە ئادەم ئەۋەتىلىپتۇ. ۋىرادە دۆلىتىگە قايتىپ كېلىپ، يۈز بەرگەن ئەھۋاللاردىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، قايغۇ - ھەسرەتكە چۆمۈپتۇ. دەرغەزەپكە كېلىپ، قورقۇنچلۇق ھالەتكە كەپتۇ، ئە-

گەر كىنگىي ئۆز ئاپىسى بولمىغان بولسا، ئۇنى دەرھال ئۆلتۈرۈ-
ۋەتكەن بولار ئىكەن.

ۋىرادە دادىسىنىڭ ماتەم مۇراسىمىنى ئۆتكۈزۈپتۇ. ئۇن ھار-
ۋىلىق پادىشاھىنىڭ جەسىتى دۆۋىلەنگەن ساندال ياغىچىنىڭ ئۈس-
تىگە قويۇلۇپ كۆيدۈرۈلۈپ، كۈلگە ئايلىنىپتۇ.

www.uyghurkitap.com

## ئۈچىنچى قىسىم

# ئورمانلىقتىكى كەچۈرمىش — شامال، يامغۇر، كەپە

ئەينى چاغدا، ئايوتو شەھىرىنىڭ نۇرغۇن پۇقراسى ئورمانلىققا بېرىش ئۈچۈن رامەنىڭ ھارۋىسىغا ئەگىشىۋالغانىكەن. رامە ئۇلارنى قايتىپ كېتىشكە شۇنچە دەۋەت قىلغان بولسىمۇ، ئۇلار:

— رامە، بىز سەن بىلەن بىللە كېتىمىز، — دەپ كۆچىنىڭ بارىچە توۋلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھنىڭ سۇرگۈن قىلىنغان بۇ ئۈچ پەرزەنتى پۇقرالار بىلەن بىللە مېڭىپتۇ. ئۇلار دەم ئالماستىن ئالدىغا قاراپ مېڭىۋېرىپ، كۈن ئولتۇرغان مەزگىلدە دومىسا دەرياسى بويىدا توختاپتۇ ۋە شۇ يەردە قونۇپ قاپتۇ. بۇ سۈرگۈن قىلىنغان تۇنجى كېچە بولۇپ، رامە بىلەن سىدو دەرەخ تۈۋىدە ئۇخلاپتۇ، ھارۋىكەش بىلەن لەكشىمەنە كېچىچە ئۇخلىماپتۇ...

ئەتىسى ئەتىگەندە، سۈرگۈنگە ئۆزلىكىدىن قوشۇلغان پۇقرالار ئويغىنىپ، رامە ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ كېتىپ قالغانلىقىنى بايقاپتۇ. ئەسلىدە رامە پۇقرالارغا كۆيۈنۈپ، ئۇلارنىڭ ئۆزى بىلەن بىللە جاپا چېكىپ قېلىشىنى خالىماي، تاڭ ئاتماستىنلا جىمىدە كېتىپ قالغانىكەن.

رامە چۈشكەن ھارۋا تىنىم تاپماي ئىلگىرىلەپتۇ. ئۇلار كەچقۇرۇن شىلىنگاۋىر شەھىرى ئەتراپىدىكى گانگې دەرياسى بويىغا كەپتۇ. ھارۋا بىر باراقسان دەرەخ تۈۋىگە كېلىپ

www.uyghurkitap.com

توختاپتۇ. رامە ھەمراھلىرىغا:

— بىز مۇشۇ يەردە قونۇپ قالايلى، — دەپتۇ.

بۇ يەرنىڭ داھىيسى كوھىگا بولۇپ، ئۇ «قۇش ئۇۋلاش» قەبىلىسىنىڭ پادىشاھى ئىكەن. پادىشاھ ئۇلارنى ئوردىغا مېھمانغا چاقىرىپتۇ، رامە ئۇنىڭ تەكلىپىنى ئىھتىرام بىلەن رەت قىپتۇ. پادىشاھ ئۇلار بىلەن بىللە گانگې دەرياسى بويىدىكى ياڭاق دەرىخى ئاستىدا بىر كېچىنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈپتۇ. كوھىگا بىر قېيىق ئەكېلىپ، مېھمانلارنى گانگې دەرياسىدىن ئۆتكۈزۈپ قويۇپتۇ. رامە ئۇنى قۇچاقلاپ، ئۇنىڭ قىزغىن كۈتۈۋالغانلىقىغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپتۇ. كوھىگا ئەسلىدە رامەدىن مۇشۇ ئەتراپقا ئورۇنلىشىپ، يەرلىكلەرنىڭ مۇشۇ خان جەمەتى پەرزەنتلىرىنىڭ ھالىدىن ئوبدانراق خەۋەر ئېلىشىغا يول قويۇشىنى ئۈمىد قىلغانىكەن. بىراق، رامە شەھەر ۋە ئادەم بار يەرلەرگە يېقىن جايلاردا تۇرۇپ قېلىشنى خالىمايدىكەن. بۇنداق قىلغاندا، ئۆز ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلغان بولىدىكەن. شۇڭا رامە ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئادەمزات كۆپ بارمايدىغان ئورمانلىققا يۈرۈپ كېتىپتۇ. رامە ئۆيدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئاپىسى چاۋسارايىدىن تولىمۇ ئەنسىرەپتۇ. دادىسىنى قايتا كۆرەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىپتۇ. مۇشۇ خىيال ئۇنىڭ كالىلىسىغا كىرىۋېلىپ، قاتتىق غەزەپلىنىپتۇ... بىراق ھازىر قويۇق ئورمانلىق ئىچىگە كىرىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ قايغۇ ـ ھەسرىتى ئاستا ـ ئاستا يېنىكلەپ، ئاچچىقىدىن يېنىشقا باشلاپتۇ، بىراق ئۆزىنى ئىنتايىن ھارغىن ھېس قىپتۇ. ئۇلار چارچىغان تەقدىردىمۇ سەپەرنى داۋاملاشتۇرمىسا بولمايدىكەن. قورساق ئاچقاندا، رامە ئوقيا ئېتىپ بىر بۇغا ئوۋلاپتۇ. ئۇلار ئوت قالاپ بۇغا گۆشىدە كاۋاپ قىپتۇ، تېرىسىدىن ساۋۇت تىكىپ كىيىپتۇ. ئۇلار ھەر ئېھتىماللغا قارشى قولىدىن ئوقيانى چۈشۈرمەپتۇ.

كېچىسى رامە بىلەن سىدۇ ئۇخلىغاندا، لەكشمەنە ئۇلارنى



قوغداپتۇ. ئەتىسى كەچتە ئۇلار بىر ئىبادەتخانىغا كەپتۇ. بۇ ئىبادەتخانا گانگې دەرياسى بىلەن يېمونا دەرياسىنىڭ قوشۇلىدىغان يېرىگە جايلاشقانىكەن. ئۇلار ئۇ يەردە براھمان باشمونىنىڭ كۈتۈۋېلىشىغا ئېرىشىپتۇ. مونى ئۇلارنى قېپقېلىشقا تەۋسىيە قىپتۇ. بىراق رامە:

— ئۆزلىرى بىزگە تېخىمۇ خىلۋەترەك بىر يەرنى كۆرسىتىپ قويغان بولسىلا قانداق؟ — دەپتۇ. مونى ئۇنىڭغا:

— بۇ يەردىن يىگىرمە يوجەنە[①] يول يۈرسىلە، گىدىراكۇدۇ تېغىغا بارىدىلا. ئۇ تىپتىنچ، گۈزەل جاي، ئۇ يەردە ھەر خىل مېۋە - چېۋە، رەڭگارەڭ گۈللەر تېپىلىدۇ. ئېرىقلىرىدا سۈپسۈزۈك سۇلار ئاقىدۇ يەنە ھەر خىل قۇشلار ۋە بۇغىلار بار، — دەپتۇ.

رامە ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئاق كۆڭۈل ساھىبخان بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن، گىدىراكۇدۇ تېغىغا قارا يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار يېمونا دەرياسى بويىغا كېلىپ، قۇرۇپ كەتكەن دەرەخ شاخلىرى بىلەن سال ياساپتۇ. سىدو سال ئۈستىدە راھەتلىنىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇلار شۇ تەرىقىدە دەريادىن ئۆتۈپ، قارشى تەرەپتىكى ئورمانلىققا كەپتۇ.

بۇ يەردە ئاجايىپ - غارايىپ چىرايلىق گۈللەر ئۆسكەن بولۇپ، سىدونى قالتىس خۇشال قىلىۋېتىپتۇ. ئۇ توختىماستىن:

— بۇ قانداق گۈل، ئۇ قانداق گۈل؟ — دەپ سوراپتۇ. لەكشمەنە بۇ گۈللەرنى ئۈزۈپ بېرىپتۇ. چۈنكى ئۇ ئىمكانىيەتىنىڭ بارىچە رامە بىلەن سىدونى خۇش قىلىشقا تىرىشىدىكەن. ئۇلار توختىماستىن ئىلگىرىلەپتۇ، ئاخىرى گىدىراكۇدۇ تېغىغا يېتىپ كەپتۇ.

گىدىرا — نۇرغۇن مونىلار ئولتۇراقلاشقان جاي ئىكەن.

---

① يوجەنە — ھىندىستاندا بىر كۈنلۈك يول دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ.

ئۇلار ئېگىز تاغ ئۈستىگە ئىبادەتخانا سېلىپ، كۆڭلىرىنى تىپتىنچ ئۆتكۈزىدىكەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئائىلىلىك بولغانلار ھېچقانچە يوق ئىكەن. ئۇلار ئاۋات شەھەرلەرگە خېلىلا يىراق بولغان بۇ گۈزەل خالىي مۇھىتتا، ۋاقتىنى كىتاب ئوقۇش، ئىبادەت قىلىشقا سەرپ قىلىدىكەن. سىدو بۇ گۈزەل مۇھىتتا تۇرغانلىقىدىن تولىمۇ خۇشال بوپتۇ. ئۇ:

— نېمىدېگەن گۈزەل جاي ھە، قاراڭلار، دەريا سۈيى ئورمانلىقنىڭ ئەگرى - توقاي ئارىلىقلىرىدىن قانداقلارچە ئېقىپ ئۆتكەن - ھە؟ — دەپتۇ.

— بۇ بىزنىڭ ماكانىمىز، — دەپتۇ رامەمۇ.

لەكشمەنە ۋاقتىنى ئازراقمۇ زايا قىلماپتۇ. ئۇ ياغاچ ۋە شاخلارنى توشۇپ كېلىپ، تېزلىكتە مانتوگىن دەرياسى بويىغا بىر ئۆي ياساپتۇ. ئۇلار ياقۇت بىلەن بېزەلگەن، مەرمەر تاشلار بىلەن سېلىنغان ئوردىدا ياشاپ ئادەتلەنگەن بولسىمۇ، بۇگۈنكى كۈندە ئۇلار شاخ - شۇمبىلار بىلەن يېپىلغان ياغاچ ئۆيگە ئورۇنلىشىپتۇ.

رامە ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئورمانلىق ئىچىدە كۈن كەچۈرۈۋاتقان كۈنلەردە، ۋىرادە ئايوتو شەھىرىنىڭ پۇقرالىرىنى باشلاپ ئورمانلىققا قاراپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار رامەلەرنى ئىزدەپ قايتۇرۇپ ئەكەتمەكچى بوپتۇ.

ۋىرادە دەريا بويىغا كېلىپ دەرەخ قوۋزىقى كىيىمىنى كىيىۋالغان رامەنى كۆرگەندە، ئۇنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ تۇرۇپ يىغلاپتۇ. ئۇ:

— ئەي ئالىيجاناب ئاكا، سەن مېنى دەپ ناھايىتى كۆپ جاپا چېكىپسەن. سەن پادىشاھ بولۇشۇڭ كېرەك، — دەپتۇ.

رامە ياداپ كەتكەن ئىنىسى ۋىرادەنى تونۇغاندىن كېيىن دەرھال ئالدىغا ئۆتۈپ ئۇنى قۇچاقلاپتۇ، ئۇلارنىڭ ئۈستىدىكى مۇسىبەت كىيىملىرىگە ۋە قايغۇلۇق چىرايىغا سەپسېلىپ:

www.uyghurkitap.com

— دادىمىز ئامان - ئېسەن تۇرۇۋاتامدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ئۇلار:

— دادىمىز ئۇ دۇنياغا كەتتى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ قاتتىق قايغۇ - ھەسرەتكە چۆمگەن ئاكا - ئۇكىلار بىلەن سىدو كۆڭلى يېرىم بولۇپ يىغلاپتۇ. رامە ئۆيىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن يۈز بەرگەن بارلىق ئەھۋاللاردىن خەۋەردار بوپتۇ ...

ۋىرادە ئىنتايىن قايغۇرغان ھالدا يىغلاپ تۇرۇپ، ئاكىسىغا: «قايتىپ كەتكىن» دەپ يالۋۇرۇپتۇ.

— ئاكا، بىزنى كەچۈرگىن، بۇ بىر ئايالنىڭ نادانلىقىدىن بولغان ئىش. ئۆز دۆلىتىڭگە قايتىپ بارغىن. پۇقرالىرىڭ قايتىپ كېلىشىڭنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈۋاتىدۇ. ئايوتو قاراڭغۇ زۇلمەت ئىچىدە قالدى. قايتىپ بارساڭ ئۇ قايتىدىن يورۇقلۇققا چىقىدۇ. بىر خوتۇننىڭ كاساپىتىدىن ھەممە ئىشىڭدىن ۋاز كەچكىنىڭ نېمىسى؟ رامە، قايتىپ بېرىپ، ئۆزۈڭنىڭ قانۇنلۇق تەختىڭگە ئولتۇرۇپ دۆلەتنى ئىدارە قىل. مەن ساڭا سادىق بولۇپ، ھەرقانداق پەرمانلىرىڭغا بويسۇنىمەن. ئۆتۈنۈپ قالاي، جەزمەن قايتىپ بارغىن، — دەپتۇ.

ۋىرادەنىڭ كۆز يېشى رامەنىڭ پۇتلىرىنى ھۆل قىلىۋېتىپتۇ. رامە ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ، باغرىغا بېسىپتۇ.

— ئاپاڭنى ئەيىبلەۋەرمە. مەن تەخت ۋارىسلىقى ئورنۇمدىن ئۆز ئىختىيارلىقىم بىلەن ۋاز كېچىپ، دادامنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇردۇم. بەلگىلەنگەن ئون تۆت يىلنى ئۆتكۈزۈپ بولغاندىن كېيىن، ئايوتوغا قايتىپ بارىمەن، — دەپتۇ ئۇ. رامە مۇشۇ گېپىدە چىڭ تۇرۇۋاپتۇ.

ۋىرادە ھەرقانچە يالۋۇرسىمۇ ھېچقانداق نەتىجە چىقماپتۇ. ئۇ:

— مەن سېنىڭ تەخت ۋارىسلىق ئورنۇڭغا ھەرگىز ئولتۇرمايمەن. سەن يوق ۋاقتىڭدا ساڭا ۋاكالىتەن ھاكىمىيەتنى تۇتۇپ

تۇرىمەن، كىيىۋالغان ئايىغىڭنى بەرگىن، مەن ئۇنى تەختىڭنىڭ
ئۈستىگە قويۇپ قويىمەن. سىنىڭ نامىڭدا پۇقرالارغا ئۈن تۆت
يىل خىزمەت قىلاي. مۇشۇ مەزگىل ئىچىدە مىنىڭ يەيدىغان،
كىيىدىغانلىرىمنىڭ ھەممىسى سىنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.
ھازىر گىپىمنى ئوچۇق قىلاي، ئۈن تۆت يىل ئۆتكەندىن كىيىن،
يەنە قايتىپ كەلمىسەڭ، لاۋۇلداپ كۆيىۋاتقان ئوت ئىچىگە سەك-
رەپ چۈشۈپ، ھاياتىمنى ئاخىرلاشتۇرىمەن، — دەپتۇ. ۋىرادە
مۇشۇ گەپنى دەۋىتىپ ئۆكسۈپ يىغلاپ كىتىپتۇ ۋە ئىككى قولىدا
يۈزىنى يىپىۋاپتۇ. رامە ئىنتايىن تەسىرلەنگەن ھالدا ئۇنى قۇچاق-
لاپتۇ، ئۇلارنىڭ كۆز ياشلىرى بىر - بىرىگە قوشۇلۇپ كىتىپتۇ.

تۆت ئاكا - ئۇكا كۆرۈشۈپ ئۇزۇن ئۆتمەي، يەنە ئايرىلىپ
كىتىشكە توغرا كەپتۇ. ئۇلار ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغان ھالدا
خوشلاشقاندىن كىيىن، ۋىرادە رامەنىڭ قوپال ئايىغىنى ئىلىپ
بىشىغا قويۇپ، ئۇنىڭغا بولغان ساداقەتمەنلىكىنى ئىپادىلەپتۇ.
ئوردىنىڭ قائىدىسى بويىچە، ئاياغنى ھەشەمەتلىك بىزەلگەن پىل-
نىڭ ئۈستىگە ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. پىل ئۈستىدىكى ئاياغ تۇرغان
ئورۇننى پادىشاھنىڭ ئورنى دەپ بىكىتىپتۇ. ۋىرادە بولسا ئاياغ-
نىڭ ئارقىسىغا ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ يىغلىغان پىتىچە مەخسۇس پادى-
شاھنىلا كۈن نۇرىدىن توسايدىغان ئالتۇن جاھازىلىق چوڭ ئاق
كۈنلۈكنى ئاياغنىڭ ئۈستىگە تۇتۇپ ماڭغىنىچە ئايوتوغا قايتىپتۇ.
لىكىن بۇ ۋاقىتتا ئايوتو چۆلدەرەپ، كىشىلەر قەلبىدە ئازابلىق
خاتىرە قالدۇرىدىغان شەھەر بولۇپ قالغانىكەن. شۇڭا، ۋىرادە
پايتەختنى يىقىن ئەتراپتىكى جەنۇبىي دىكەرامەگە يۆتكەش قارا-
رىغا كەپتۇ. قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە كۆزگە ئانچە چىلىقمايدى-
غان بۇ يىزا خىلى ئاۋات شەھەرگە ئايلىنىپتۇ.

ۋىرادە كەتكەندىن كىيىن، رامەنىڭ كۆڭلى ئارام تاپماپتۇ.
ئۆتكەن ئىشلار ئۇنىڭ يۈرىكىنى چىرمىۋىلىپ، گۈزەل مۇھىت
ئىلىپ كەلگەن تۇرمۇش خاتىرجەملىكى بۇزۇلۇپتۇ. شۇنداق قى-

لىپ، گىدىراكۇدۇ تېغىدىن كەتمەكچى بوپتۇ.

ئۇلار پېشقەدەملەرنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، بىرقەدەر خىلۋەت، تەبىئىي مەنزىرىسى گۈزەل بولغان تەنتوگا ئورمانلىقىغا بېرىپ ئورۇنلاشماقچى بوپتۇ. ئۇلار سەپەر ئۈستىدە تۇيۇقسىز ئىسمى ۋىرەتو دەپ ئاتىلىدىغان، بويتۇرقى ئېگىز بىنادەك كېلىدىغان ئادەمخور دېۋىگە يولۇقۇپتۇ. ئۇنىڭ بىرلا كۆزى بولۇپ، ئۇ قورسىقى ھاڭدەك چوڭقۇر، بەدىنىدىن قان تېمىپ تۇرىدىغان، ئاۋازى گۈلدۈرماممىدەك چىقىدىغان مەخلۇق ئىكەن. دېۋە ئۇلارنى كۆرۈپ، تەلۋىلەرچە ئېتىلىپ كەپتۇ. ئۇ سىدونى تۇتۇۋېلىپ، پۇتلىرىنىڭ ئارىلىقىغا قىسىپ، غالجىرلاشقان ھالدا:

— تەنتوگا ئورمانلىقى مېنىڭ. بۇ پەرىزاتتەك ساھىبجامال ماڭا خوتۇن بولىدۇ، سەنلەر بۇگۈنكى ناشتىلىقىم بولىسىلەر، — دەپ ۋارقىراپتۇ.

رامە دەرغەزەپكە كېلىپ، ئارقا - ئارقىدىن سەككىز تال ئوقيا ئېتىپتۇ. ئېتىلغان ئوقيالار دېۋىنىڭ بەدىنىنى تېشىپ ئۆتۈپ ئەتراپنى قانغا بويىۋېتىپتۇ. ئۇ سىدونى قويۇۋېتىشكە مەجبۇر بوپتۇ. ئاكا - ئۇكىلار شەمشەرلىرىنى كۆتۈرۈپ، دېۋىگە تىقىپتۇ. كۇتۇلمىگەندە ئۇ ئۇزۇن قوللىرى بىلەن ئىككىيلەننى تۇتۇۋېلىپ، دولىسىغا ئارتىپ ئورمانلىققا يۇرۇپ كېتىپتۇ. سىدو قاتتىق بىئارام بولۇپ، ئارقىدىن تۇۋلاپتۇ. رامە بىلەن لەكشمەنە دېۋىنىڭ ئىككى قولىنى تۇتۇۋېلىپ، كۇچەپ سۇندۇرۇۋېتىپتۇ. دېۋە ھىڭگايغان پېتىچە يەرگە يىقىلىپتۇ. ئۇ يەرگە يىقىلىپ، ھاياتى ئاخىرلىشاي دېگەندە، ئەجدادلىرى ئىسىگە كەپتۇ. ئۇ رامەگە مۇنداق دەپتۇ:

— مەن بايلىق ئىلاھى كۇۋىرەنىڭ قارغىشىغا كەتكەن ئىلاھ شىۋە. كۇۋىرە، پەقەت پالۋان رامەلا سېنى مەغلۇپ قىلالايدۇ، ئاندىن روھىڭ ھۆرلۈككە چىقىدۇ، — دېگەن دەپتۇ. ئۇ رامەگە يېلىنىپ:

— هازىر سەن مېنى بىر دۆۋە ئوتۇن ئۇستىگە ياتقۇزۇپ، ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتكىن، پەقەت مۇشۇنداق قىلساڭلا مېنىڭ روھىم مۇشۇ بەتبەشىرە بەدىنىمدىن ھۆرلۇككە چىقىدۇ، — دەپتۇ.

رامە ئۇنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپتۇ. ئارقىدىن رامە:

— ماڭايلى، سارەپىنكە مونىنىڭ ئىبادەتخانىسىغا بارايلى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ زاھىدلىقى ئۇنى ھەيران قالارلىق سېھرىي كۈچكە ئىگە قىلغان. ئۇيەرگە ئون ئىككى يوجەنە يول يۈرسەكلا بارىمىز، — دەپتۇ.

ئۇلار كۆزلىگەن نىشانغا يېتەي دەپ قالغاندا، ئاسماندىن ئۇشتۇمتۇت تۇلپار قوشۇلغان ئەۋلىيا هارۋىسى كۆك ۋە سېرىق تۇغ - ئەلەملەرنى لەپىلدىتىپ ئۇچقاندەك يەرگە چۈشۈپتۇ. هار-ۋىدا چىرايىدىن مۇلايىملىق چىقىپ تۇرىدىغان پەرىشتە — ئىلاھلار پادىشاھى ھىنتۇرە ئولتۇرغانىكەن. ئۇ هارۋىدىن چۈشۈپ سارايېنكا مونىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئالدىغا بىر چوڭ يايىنى قو-يۇپتۇ. ھەمدە ئۇنىڭغا:

— ئېي تەقسىر، ئۆزلىرىدىن ھېچنېمىنى يوشۇرالمايمەن. سىلى ئاسماندا، يەردە ۋە باقىي ئالەمدە يۈز بېرىدىغان ھەممە ئەھۋاللارنى ئېنىق بىلىپ تۇرىدىلا، ئۈچ ئالەمدىكى ئىشلارنى ئوڭايلا چۈشىنىۋالىلا. سىلىنىڭ ئەتراپلىق بىلىملىرىگە قارىتا بىر نەرسە دېيىشكە تىلىم ئاجىزلىق قىلىدۇ. ئۈچ ئالەمنىڭ پەرۋەردىگاھى بۇ يەرگە كېلىۋاتىدۇ. ئۇ بۇ ئالەمگە چۈشۈپ ئىبلىس راكشەسەنى ئۆلتۈرمەكچى. بۇ يايىنى رامەگە بەرمەكچىدىم. بۇنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ بەرسىلە، — دەپتۇ.

ھىنتۇرە گېپىنى تۈگىتىپلا، هارۋىسىغا چۈشۈپ ساماۋىي دۆلىتىگە كېتىپ قاپتۇ.

رامە ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى سارەپىنكا ئىبادەتخانىسىغا كەل-

گەندە قىزغىن قارشى ئېلىنىپتۇ. مونى خۇشاللىقىدا ئۆزىنىڭ ئۇزۇن يىل زاھىدلىق قىلىش داۋامىدا توپلىغان ئەۋلىيالىق گۈل-پىلىرىنى رامەگە ئۆگەتمەكچى بوپتۇ، لېكىن رامە ئەجىرسىز ئېرىشكەن گۈمپىنى قوبۇل قىلىشنى چىرايلىقچە رەت قىپتۇ. ئۇ مونىغا رەھمەت ئېيتىپ تۇرۇپ، ئەۋلىيا گۈمپىسىنى ئۆزىنىڭ جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرۈپ ئىگىلەشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن سارەپىنىكا مونى ھىنتۇرەنىڭ چوڭ ئوقيايىنى ئۇنىڭغا تەقدىم قىپتۇ. رامە ئۇنى ئېلىپ يەنە سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ئۇلار سەپەر داۋامىدا بىرمۇنچە مۆتىۋەرلەر بى-لەن ئۇچرىشىپتۇ. ئىبادەتخانىدا تۇرىدىغانلارنىڭ كۆپىنچىسى پا-نىي دۇنيانىڭ ماھىيىتىنى ياخشى چۈشىنىپ، پۈتكۈل ۋۇجۇدى بىلەن ئىبادەت قىلىۋاتقان ئەر - ئاياللار ئىكەن. بۇ ئىبادەت قىلغۇچىلارمۇ ھەر خىل مەزھەپنىڭ مۇرىتلىرى ئىكەن. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئېتىقادىغا ئاساسەن، بەزىلىرى ۋاقتىنى دۇئا قى-لىشقا، بەزىلىرى نەزىرگاھتىكى مۇقەددەس گۈلخان ئالدىدا ئايەت ئوقۇپ مۇناجات ئوقۇشقا سەرپ قىلىدىكەن. بۇ ئاق كۆڭۈل كى-شىلەر ئىبلىس دىۋىلەرنىڭ پاراكەندىچىلىكى ۋە زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغانلىقتىن، بۇ ئىككى باتۇر شاھزادىنىڭ كەلگەنلىكىگە ناھا-يىتى خۇشال بولۇپ، ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئاپتۇ. رامە بىلەن لەكشمەنە ئورماندا تۇرغان مەزگىلدە، ھەددى - ھېسابسىز ئىب-لىس راكشەسەلەر بىلەن قانلىق ئېلىشىپ، نۇرغۇن راكشەسەلەر-نى ئۆلتۈرۈپتۇ. بۇ ئىش دىلى يۇمشاق سىدونى ناھايىتى بىئارام قىپتۇ. ئۇ:

— بۇ راكشەسەلەر بىلەن ئۇرۇشۇشىڭلارنىڭ نېمە ھاجىتى بار؟ نېمىدەپ بۇ تىرىك جانلارنى ئۆلتۈرىسىلەر؟ قورال دېگەن جىنايەت ۋاسىتىسى، ئۇ تىرىك جاننى ئۆلتۈرۈشكە سەۋەبچى بولى-دۇ، — دەپتۇ.

بىراق، رامە سىدوغا چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دەپتۇ:

— ياردەم تەلەپ قىلغان ئاشۇ ئادەملەرنى قوغداش — بىز شادىرلىقلارنىڭ مەجبۇرىيىتىمىز. بىز هاياتلا بولساق ھەققانىيەت ئىشلىرى ئۈچۈن كۈرەش قىلىمىز. ھەرقانداق پالۋان قورالدىن ئايرىلسا ھەرگىز بولمايدۇ. ئىبادەت قىلىدىغان ئاشۇ مۇقەددەس ئادەملەر ھېچكىمگە زىيانكەشلىك قىلمىغان، لېكىن ئۇلار مۇشۇ ئىبلىس راكشەسەلەرنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ كەلدى. بىز دەل مۇشۇ راكشەسەلەرنى جازالايمىز.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئورمانلىق ئىچىدە يۈتكىلىپ يۈرۈپتۇ. ئاق كۆڭۈل مونىلار ئۇلارنى يېنىدا تۇرغۇزۇشقا شۇنچە دەۋەت قىلىسىمۇ، ئۇلار بىر يەردە مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ قېلىشقا ھەرگىز ئۇنىماپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## تۆتىنچى قىسسە

# ئۆلگەننىڭ ئۇستىگە تەپمەك — بىردىنبىر غەمگۇزار سىدونىڭ دېرەكسىز يوقىلىپ كېتىشى

كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئون يىل ئۆتۈپ كېتىپتۇ.

بۇ كۈنى رامە مۆتىۋەر ئاگاسىيەنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە مەنزىرىلىك، گۈل ـ گىياھ، مېۋە ـ چېۋىلىرى مول بولغان پەنجىپوت پاكلىنىش ئورمانلىقىغا قاراپ يولغا چىقىپتۇ. يول بويى بىر ئىلاھىي بۇركۈت ئۇلارنىڭ ئۇستىدە ئايلىنىپ يۇرۇپتۇ ھەمدە رامەگە ئۆزىنى ئون ھارۋىلىق پادىشاھنىڭ دوستى چەتوپې دەپ تونۇشتۇرۇپتۇ. ئۇلار بۇ ئىلاھىي بۇركۇتنىڭ ياردىمى بىلەن پەنجىپوت پاكلىنىش ئورمانلىقىنى تېپىپتۇ. لەكشمەنە دەريا ئەتراپىدىكى بىر جايغا چىرايلىق كەپە ياساپتۇ. ئۇلار ئۇ يەردە ئىنتايىن كۆڭۈللۈك تۇرمۇش كەچۇرۇپتۇ.

بىر كۈنى ئەتىگەندە رامە بىلەن لەكشمەنە گۇزەل كۇتەپول دەرياسىدا يۇيۇنۇپ كېلىۋېتىپ، بەدىنىنى قىزىل تۇك قاپلىغان، يوغان قورساق جادۇگەر خوتۇن سوپناگا بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ. رامەنىڭ قاملاشقان چىرايى، قاۋۇل بەدىنىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدا يامان غەرەز پەيدا بوپتۇ. شەھۋانىي ھەۋەسىنىڭ قۇترىتىشى بىلەن ئۇ كەپىگە ئېتىلىپ كىرىپ سىدوغا تەلۋىلەرچە تاشلىنىپتۇ. رامە بىلەن لەكشمەنە بۇ ئىشتىن غەزەپلىنىپ، جادۇگەر خوتۇننىڭ قۇلىقى ۋە بۇرنىنى كېسىپ تاشلاپتۇ. ئۇ يىغلىغان پېتىچە قېچىپ

كېتىپتۇ.

جادۇگەر خوتۇننىڭ گارە ۋە دۇسە دېگەن ئاكىلىرى ئۇنىڭ مېيىپ بولغان يۈزىنى كۆرۈپ ھەيران بوپتۇ. ئۇلار سىڭلىسىنى يارىلاندۇرغانلارنىڭ ئىككى ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىپ، بۇ ئىشقا قاتتىق غەزەپلىنىپتۇ. رامەگە تاقابىل تۇرۇشقا شۇ ھامان ئېگىز، قاۋۇل دېۋىدىن ئون تۆتنى ئەۋەتمەكچى بوپتۇ. جادۇگەر خوتۇن دېۋىلەرنى رامەنىڭ كەپىسىگە باشلاپ كەپتۇ، رامەمۇ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ بۇ يەرگە كەپتۇ. جادۇگەر خوتۇن دېۋىلەرگە ئىشارەت قىلىشى بىلەنلا، ئون تۆت نەيزە رامەگە ئېتىلىپتۇ، بىراق ئۇلارنىڭ ئاتقان نەيزىلىرى رامە ئاتقان ئوقيادا تىرىپىرەن بوپتۇ. ئارقىدىن رامە دېۋىلەرگە ئون تۆت ئوقيا ئېتىپ ئۇلارنى جېنىدىن جۇدا قىپتۇ، جادۇگەر خوتۇن قورقىنىدىن ئالاقزادە بولۇپ قېچىپ بېرىپ ئاكىسى گارەگە خەۋەر قىپتۇ. غەزەپلەنگەن گارە بىلەن دۇسە شۇ ھامان بىر مىڭ تۆت يۈز ئىبلىس راكشەسەنى باشلاپ چاقماق تېزلىكىدە ھۇجۇمغا ئۆتۈپتۇ. ئۇلارنىڭ تىپتىنچ ئورماننى زىلزىلىگە سالىدىغان ۋارقىراشقان ئاۋازلىرى، يامغۇردەك چۈشۈۋاتقان نەيزىلىرىگە قارىماي جەڭگە ئاتلىنىپتۇ. رامەنىڭ ئاتقان ئوقلىرى ئىبلىس دېۋىلەرنىڭ ئوقيالىرىنى سۇندۇرۇۋېتىپتۇ، كىيگەن ساۋۇتلىرىنى تىتىۋېتىپتۇ، ھارۋىلىرىنى ۋەيران قىپتۇ. ئىبلىس راكشەسەلەر قوشۇنى ئەجەللىك زەربىگە ئۇچراپتۇ، ئەتراپ قانغا بويىلىپتۇ، ئەشەددىي رەقىب گارە بىلەن دۇسەلەر جېنىدىن جۇدا بوپتۇ.

جەڭدە غەلىبە قىلغان رامە ئايالىنىڭ قېشىغا يېنىپ كەپتۇ، سىدۇ ئېرىنى مەھكەم قۇچاقلاپتۇ.

ئۇ تەرەپتە، قاتتىق ئازابلانغان جادۇگەر خوتۇن سۇپناگا يۇرتى — دىنگا ئارىلىغا قايتىپ كېلىپ، خان ئاكىسى — ئون باشلىق پادىشاھ راپونەنى ئىزدەپتۇ. راپونە ۋەزىر - ۋۇزرالارنىڭ ھەمراھلىقىدا مەغرۇر قىياپەتتە ئورىدىدىن چىقىپتۇ. ئۇ ئەزەلدىن

www.uyghurkitap.com

نىمىنىڭ مەغلۇبىيەت ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىكەن. ئۇ ئۆزىنى دۇنيادا ئەڭ قۇدرەتلىك تەڭداشسىز ھۆكۈمران دەپ قارايدىكەن، ھەتتا سامـاۋىدىكـى ئىلاھـلارمۇ مەندىن ئەيمىنىدۇ، دەپ ھېسابلايدىكەن.

راپونە سىڭلىسىنىڭ مېيىپ بولغانلىقىنى كۆرۈپ، كۆڭلى ئىنتايىن يېرىم بوپتۇ ۋە غەزەپلىنىپتۇ، قورسىقى ھىيلە ـ مىكىر بىلەن تولغان سۇپناگا كۆز يېشى قىلغان ھالدا، سىدونىڭ قانداق چىرايلىق چوكان ئىكەنلىكىنى تەپسىلىي سۆزلەپ، ئاكىسىغا ئۇنى خوتۇن قىلىشقا بىشارەت بېرىپتۇ. بۇ جادۇگەر خوتۇن قىساس ئېلىش ئۈچۈن، ھەر خىل ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، راپونەنى ئېغىر جىنايەت يولىغا مېڭىشقا قۇترىتىپتۇ. راپونە ئۇنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن سىدوغا قىزىقىپ، تېزلا ئەقىل ـ ھوشىنى يوقىتىپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇنىڭ بېشىنى ئەسەبىي خىياللار چىرمىۋاپتۇ. شۇنداق قىلىپ، راپونە ئۆزىنىڭ ئالتۇن ھارۋىسىغا ئولتۇرۇپ بۇلۇتلار ئارىسىغا بېرىپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئىبلىس دېۋە مەرىكو تۇرۇۋاتقان ئورمانغا چۈشۈپتۇ.

مەرىكو رىڭگادىكى راكشەسە پادىشاھىنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنى قاتتىق ئەندىشە بېسىپ، ئالاقزادە بولۇپ كېتىپتۇ. راپونە مۇنداق دەپتۇ: — مەرىكو مەن چوڭقۇر قايغۇ ـ ھەسرەتكە چۆمۈپ ئالدىڭغا كەلدىم، ئىنىلىرىم گارە ۋە دۇسە ئۆز ئادەملىرى بىلەن بىللە ئۆلتۈرۈلۈپتۇ، بىردىنبىر سىڭلىم سوپناگانىڭ قۇلاق، بۇرۇنلىرى كېسىپ تاشلىنىپتۇ. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسىنى كۆزگە چېلىقمايدىغان بىر ئاددىي ئادەم قىپتۇ. ئۇ ئايوتودىن سۈرگۈن قىلىنغان بىر شاھزادە بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى رامە ئىكەن. ئاڭلىشىمچە، رامە ئۆزىنىڭ چىرايلىق ئايالى بىلەن بىللە تۇرىدىكەن. سەن ياردەم قىلىدىغانلا بولساڭ، ئۇنى جەزمەن رامەنىڭ يېنىدىن يۇلۇپ ئەكېلىمەن.

بىراق، مەرىكو رامەنىڭ دەل جايىغا تەگكۈزىدىغان ئوقياسى-



ىنىڭ دەردىنى بۇرۇن بەك كۆپ تارتقاچقا، بۇ گەپنى ئاڭلاپ ناھايىتى قورقۇپ كېتىپتۇ. راپونەنى بىرىپ ئۆزىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرمەسلىككە دەۋەت قىپتۇ، لېكىن راپونە سىدوغا بولغان شەھۋانە نىيىتىدىن ۋاز كېچەلمەي، بارىمەن دېگەن پىكرىدە چىڭ تۇرۇۋاپتۇ ۋە مەرىكونى ئۆزى بىلەن بىللە بېرىپ، سۇيىقەست پىلانلاشقا مەجبۇرلاپتۇ. مەرىكو ئۆز قىياپىتىنى ئۆزگەرتىپ چى-رايلىق بۇغىغا ئايلىنىپ، رامەنىڭ ئۆيى ئالدىدا پەيدا بوپتۇ. سىدو بىر كۆرۈپلا ئۇنىڭغا مەھلىيا بولۇپ، رامەدىن ئۇنى تۇتۇپ بېرىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. بىراق رامە بۇ بۇغىدىن گۇمانلىنىپتۇ. رامە ئامراق خوتۇنىنىڭ رايىغا بېرىپ، ئىنىسىنىڭ توسۇشلىرىغىمۇ قارىماي، بۇغىنى قوغلاشقا باشلاپتۇ، بۇغا ئۇنى ئەگەشتۈرۈپ يىراققا ئەپكېتىپتۇ. رامە ئوقياسىنى ئېلىپ ئۇنىڭغا قارىتىپ ئېتىپتۇ. ئوقيا دەل ئۇنىڭ يۈرىكىگە تېگىپتۇ. ئاغرىققا چىدىيال-مىغان بۇ يالماۋۇز ئىنتايىن قورقۇنچلۇق ۋارقىراپ، ئۆزىنىڭ ئەسلى ياۋۇز قىياپىتىنى ئاشكارىلاپتۇ. جان تۇمشۇقىغا كېلىپ قالغان مەرىكو پۈتكۈل كۈچىنى ئىشقا سېلىپ سېھىر ئىشلىتىپ رامەنىڭ ئاۋازىنى دوراپ:

— لەكشمەنە، تېز كېلىپ مېنى قۇتقۇزۇۋالغىن، — دەپ توۋلاپتۇ.

بۇ ئاۋازنى ئاڭلىغان رامەنىڭ يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كەت-كىلى تاس قاپتۇ. ئۆلەي دەپ قالغان بۇ يالماۋۇزنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ ئاۋازىنى دوراپ لەكشمەنەدىن ياردەم تەلەپ قىلغانلىقى رامەگە ئىنتايىن ئايان ئىكەن. ئۇ مەرىكونىڭ كۆكرىكىدىن ئوق-يانى سۇغۇرۇۋاپتۇ ۋە سىدودىن ئەندىشە قىلىپ ئالدىراش ئۇ تۇرغان كەپە تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ.

سىدو رامەنىڭ: «قۇتقۇزۇڭلار» دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ۋەھىمىگە چۈشۈپتۇ. ئۇ جىنىنىڭ بارىچە:

— ئىنىم لەكشمەنە، رامە سىزنى چاقىرىۋاتىدۇ. چاپسان



بولۇك، ئاشۇ غالجىر يالماۋۇز جەزمەن ئۇنىڭغا ھوجۇم قىپتۇ، — دەپ ۋارقىراپتۇ.

بىراق لەكشمەنە ھەرقانداق ئىشقا ئىنچىكە مۇئامىلە قىلىدىغان بولغاچقا، ئاسانلىقچە ئالدىنىپ كەتمەپتۇ. ئۇ كۆڭلىدە: «بۇ رامە ئەمەس» دەپ ئويلاپ، سىدوغا:

— كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ. ئۇ سىز تەلەپ قىلغان كىچىك بۇغىنى تېزلا ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ دۇنيادا ھېچكىم رامەگە تەڭ كېلەلمەيدۇ. ئۇ ھەرگىز ياردەم سورىمايدۇ. مەن سىزنى قانداقمۇ بۇ قورقۇنچلۇق ئورمانغا يالغۇز تاشلىۋېتىمەن؟ — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

سىدو بۇ گەپنى ئاڭلاپ قاتتىق يىغلاشقا باشلاپتۇ. ئۇ يىغلاپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

تۇرۇپ:

— ناۋادا سىز بارمىسىڭىز، مەن ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈۋالىمەن، — دەپتۇ.

لەكشىمەنەنىڭ كۆڭلى ئىنتايىن يېرىم بوپتۇ، ئۇ ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ تۇرۇپ:

— ئېي ئورمانلىقتىكى دەل - دەرەخلەر، ئاڭلىمىدىم، ئىشتىمىدىم دېمەڭلار، يەنە ئورمانلىقتىكى ئۇچار قۇشلار، ھايۋاناتلار سىلەر ماڭا گۇۋاھچى بولۇڭلار. سىدو مېنى يېنىدىن كەتكۈزمەكچى بولۇۋاتىدۇ. ئۇنىڭ گېپىگە كىرمەسلىككە ئامالىم يوق. بىراق، ئۇنىڭ پالاكەتكە يولۇقىدىغانلىقى ماڭا ئايان. ۋاھالەنكى مەن ئۇنى توسۇيالمايمەن، - دەپتۇ. ئۇ يەنە سىدوغا، — ئېھتىيات قىلارسىز، — دەپتۇ. ئۇنىڭ ئەتراپىغا بىر چەمبەرەك سىزىپ، — سىز سېھري كۈچ قوغدايدىغان مۇشۇ چەمبىرەك ئىچىدىن چىقمىسىڭىزلا، سىزگە ھېچقانداق بالايىئاپەت كەلمەيدۇ. ئۆتۈنۈپ قالاي، مەن قايتىپ كەلگۈچە، چەمبەرەك سىرتىغا ھەرگىز چىقماڭ، — دەپ تاپىلاپتۇ - دە، ئۇ يەردىن كېتىپ قاپتۇ.

بۇ ۋاقىتتا راپونە ئىستىقامەت قىلىدىغان بىر قەلەندەرنىڭ شەكلىگە ئۆزگىرىپ، كۆز يېشى قىلىۋاتقان سىدونىڭ يېنىغا كەپتۇ. ئۇ ئىنتايىن بىچارە قىياپەتتە سىدودىن سەدىقە تىلەپتۇ. سىدو ناھايىتى تەڭلىكتە قېلىپ، نېمە قىلارىنى بىلمەي قاپتۇ. ئۇ كۆڭلىدە: «بۇ مۇقەددەس مېھماننىڭ قورسىقى ئاچ ئىكەن، ناۋادا مەن لەكشىمەنەنىڭ تاپشۇرۇقىغا ئەمەل قىلىپ چەمبىرەك ئىچىدە تۇرۇۋەرسەم، مەن ئۇنىڭغا بولغان ئادەمگەرچىلىكىمنى قىلالماي قالىمەن» دەپ ئويلاپتۇ.

راپونە سىدونى ئالدىرىتىپ:

— تېز بولسىلا، ئاق كۆڭۈل خېنىم، قورسىقىم بەك ئېچىپ كەتتى، — دەپتۇ.

سىدو، ناۋادا مەن بۇ ياشانغان ئالىيجاناب مېھماننى ئاچ پېتىچە كەتكۈزۈۋەتسەم، رامە جەزمەن خاپا بولىدۇ، دەپ ئويلاپ-تۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ لەكشمەنەگە بەرگەن ۋەدىسىگە سەل قاراپتۇ - دە، ئۆزىگە كېلىۋاتقان خەۋپ - خەتەرنى ئويلىماي، بىر قاچا مېۋىنى كۆتۈرگەن پېتىچە، ھېلىقى چەمبىرەكتىن چى-قىپ كېتىپتۇ. ئۇ چەمبىرەكتىن سىرتقا بىر قەدەم ئاتلاپ ئۆتۈ-شىگىلا راپونە ئۇنىڭ يېنىغا ئوقتەك ئېتىلىپ بېرىپ، سىدونى تۇتۇۋاپتۇ. سىدو ۋەھىمىگە چۆمگەن ھالدا:

— ۋۇجۇدى جىنايەت بىلەن توشقان مۇناپىق، نېمە قىلماق-چىسەن؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ. راپونە مۇنداق دەپتۇ:

— سىدو، گېپىمگە قۇلاق سال، مەن ئون باشلىق ئىبلىس راكشەسە بولىمەن. رىنگا مېنىڭ ئۆيۈم، مېنىڭ يىگىرمە بىلە-كىم، يىگىرمە كۆزۈم، ئون بېشىم بار. ھوقۇقۇمغا ھېچنېمە تەڭ كېلەلمەيدۇ، مەن ئاتايىتەن سېنى دەپ زاھىدقا ئۆزگىرىپ مۇشۇ ئورمانلىققا كەلدىم. سەن ناھايىتى چىرايلىقكەنسەن، سەن ماڭا تەگكىن. مەن سېنى بەختلىك قىلىمەن، راھەت - پاراغەتكە ئېرىشتۈرىمەن. ماڭا خانىش بولساڭ، سېنى ھەممىنى باشقۇرالاي-دىغان قىلىمەن، ئۈچ ئالەم مېنىڭ ئالدىمغا غال - غال تىترەي-دۇ. ئاددىي ئادەمدىن ئاپىرىدە بولغان رامە نەزەرىمدە قۇرۇت - قوڭغۇز بىلەن ئوخشاش! كەم ئەقىل، ھاياتىمۇ قىسقا، ئۇ پەقەت كىشىلەرنىڭ كەمسىتىشى ۋە مازاق قىلىشىغا لايىق. ۋاھالەنكى، مەن راپونەنىڭ دۇنيادا تەڭدىشى يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەڭگۇ قېرىمايمەن، — ئون باشلىق يالماۋۇز ناھايىتى كۆرەڭلىگەن ھالدا ئۆزىنى ماختاپ، بۇ چىرايلىق چوكاننى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىۋالماقچى بوپتۇ.

سىدو ئاچچىقى كېلىپ تىترەپ كېتىپتۇ. ئۇ ۋارقىراپ تۇ-رۇپ:

— رامە ئادەمزات ئىچىدىكى بىر شىر، سەن بولساڭ تېگى

پەس چىلبۆرە، مەن رامەننىڭ خوتۇنى. روتھو مىللىتى — قۇياش مىللىتىنىڭ ئەۋلادى. مەن دەل ئەشۇ قۇياشنىڭ نۇرى. سەن ماڭا ھەرگىز چېقىلالمايسەن، — دەپتۇ.

تۇيۇقسىز كەپىنىڭ ئالدىدا رىڭگا پادىشاھىنىڭ ئاجايىپ - غارايىپ بۇلۇت ھارۋىسى پەيدا بوپتۇ. قەبىھ راپونە بىر قولىدا سىدونىڭ چېچىدىن تۇتۇپ، يەنە بىر قولىدا ئۇنىڭ بېلىدىن تۇتۇپ قاتتىق ئازابلىنىۋاتقان سىدونى بۇلاپ ھارۋىغا ئەپچىقىپ كېتىپتۇ. سىدو ياردەم تىلەپ:

— پەنجىپوت ئورمانلىقىدىكى دەل - دەرەخلەر، سىلەردىن ئۆتۈنۈپ قالاي، چىرايلىق گۈل - گىياھلار، سىلەردىن ئۆتۈنۈپ قالاي، راپونەنىڭ مېنى بۇلاپ ئېلىپ قاچقانلىقىنى رامەگە خەۋەر قىلىپ قويساڭلار! — دەپ ۋارقىراپتۇ. ئۇ يىغلىغان پېتىچە، ئۆزىنىڭ زىننەت بۇيۇملىرى ۋە ئۈنچە - مەرۋايىتلىرىنى بىر - بىرلەپ پەسكە تاشلاپتۇ. ئۇ كۆڭلىدە: «ئېھتىمال مۇشۇ نەرسىلەر رامەنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قالسا، ئۇنى مەن تۇرغان يەرگە باشلاپ بارسا ئەجەپ ئەمەس» دەپ ئويلاپتۇ. راپونە ياغلىما گەپلەر بىلەن سىدوغا تەسەللى بېرىپتۇ. ئۇ كۆڭلى يېرىم بولغان ھالدا توختىماي يىغلاپ ياردەم تەلەپ قىپتۇ.

ئۇنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى دەرەخ ئۈستىدە ئۇيقۇغا كەتكەن ئىلاھىي بۈركۈتنى ئويغىتىۋېتىپتۇ. ئىلاھىي بۈركۈت بىلەن رەپونە پەلەكتە كەسكىن جەڭ قىلىپ، ئىككىلىسى يەرگە چۈشۈپ كېتىپتۇ. جەڭ داۋامىدا ئىلاھىي بۈركۈتنىڭ قاناتلىرى، پۇتلىرى سۇنۇپتۇ. راپونە بولسا سېھرىگە تايىنىپ ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپتۇ. ئۇ رامەنىڭ تۇيۇقسىز كېلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ قانغا بويالغان قولى بىلەن يىغلاۋاتقان سىدونى كۆتۈرۈپ، تېزلىكتە قېچىپ كېتىپتۇ.

رىشمۇگا تېخى ئېگىز ھەم تىك ئىكەن، رەپونە ئۇنىڭ كۆككە تاقاشقان چوققىلىرى ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتكەندە، سۇرئىتىنى

ئاستىلتىپتۇ.
بۇ چاغدا، مايمۇنلار پادىشاھى سۇچىرىپە ۋە ئۇنىڭ تۆت دوستى دەل مۇشۇ يەردە بولۇپ، سىدو ئۇلارنىڭ ئۇستىدىن ئۆتكەندە، ئۇلار ئۇنىڭ كۆزىگە بەش سۇمۇرۇغدەك كۆرۈنۈپتۇ.
سىدو سۇچىرىپەگە ۋارقىراپ تۇرۇپ:
— ئاڭلىسىلا، ئەي پادىشاھ، گېپىمگە قۇلاق سالسىلا، مەن رامەنىڭ ئايالى، ئىسمىم سىدو. مەن ھازىر پاكىت قىلىش ئۈچۈن، سىلىگە شارپامنى ۋە زىننەت بۇيۇملىرىمنى تاشلاپ بېرەمەن. ناۋادا رامەنى ئۇچرىتىپ قالسىلا، مېنى رەپۇنەنىڭ بۇلاپ كەتكەنلىكىنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ قويسىلا، — دەپتۇ.
شامال ئىلاھىنىڭ ئوغلى ھەنومانە سۇچىرىپەدىن:
— بىز رەپۇنەنى راسا ئەدەپلەپ قويامدۇق قانداق؟ — دەپ سوراپتۇ. بىراق رەپۇنە ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ قېلىپ، ئۇن - تىۋىشسىز كېتىپ قاپتۇ.
ئون باشلىق ئىبلىس پادشاھ ئۇچۇپ كېتىۋېرىپتۇ. ئۇ كۆككە تاقاشقان قاتمۇقات تاغلاردىن ئۆتۈپتۇ، سىدو ھېچقانداق ئامال قىلالماي، يىغلاپ ھەسرەت چېكىپتۇ.
بۇ ۋاقىتتا بۇركۇت پادىشاھى سەمپودەنىڭ بالىسى سۇبىرەشە ئۇچۇپ كېتىۋاتقانىكەن. ئۇ سىدونىڭ يىغلىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ دەرھال ئۇلار تەرەپكە ئۇچۇپ كەپتۇ. ناۋادا بۇ ئىنساپسىز ئون باشلىق يالماۋۇزنىڭ ئۆز تاغىسى چەتۈيېگە زىيانكەشلىك قىلغانلىقىنى بىلگەن بولسا ئىدى، ئۇ چاغدا ئۇنى جېنىدىن جۇدا قىلغان بولاتتى. بىراق ئۇ بۇ ئىشتىن قىلچە خەۋەرسىز ئىدى. ھىيلىگەر رەپۇنە ئۆزىنى ناھايىتى ئەدەپ - قائىدىلىك قىلىپ كۆرسىتىپ بىچارە قىياپەتتە: «مەن رەپۇنە بولىمەن، رىنگا ئارىلىدا تۇرىمەن. رامە مېنى بوزەك قىلدى. قەدىردان سىڭلىمنىڭ قۇلاق، بۇرۇنلىرىنى كېسىپ تاشلىدى. شۇڭا قىساس ئېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئايالىنى بۇلاپ كەلدىم. سىلىنىڭ ئۇلۇغلۇقلىرىنى، ئۇچ

ئالەمدە سىلىنىڭ ئىقتىدارلىرىنى بىلمەيدىغانلار يوق. مەن سىلىگە تەن بېرىمەن، يولۇمنى توسۇماسلىقلىرىنى سورايمەن، — دەپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان سۇبىرەشە ئارقىغا قايتىپ كېتىپتۇ. سىدو بۇ ئىشلاردىن قىلچە خەۋەرسىز ئىكەن، چۈنكى ئۇ كۆز ئالدىدىكى كۆز يەتمەيدىغان چەكسىز دېڭىزنى كۆرۈپ، قورقۇپ ھوشىنى يوقىتىپ قويغانىكەن. بىچارە سىدو ئۆز كۆڭلىدە: «ھەممە يەر كۆپكۆك دېڭىز ئىكەن. رامە مېنى قۇتقازغىلى كېلەرمۇ؟» دەپ ئويلاپتۇ. قايغۇ ـ ھەسرەت ھەم ۋەھىمە ئىچىدە ئۇنىڭ يۈركى مۇجۇلۇپ ھوشىدىن كېتىپتۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە رەپۇنە ئىنتايىن خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ، چۈنكى ئۆز يۇرتى رىنگا دېڭىزنىڭ ئۇ چېتىدە كۆرۈنۈپتۇ.

رەپۇنە دېڭىزدىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ رىنگاغا قايتىپ كەپتۇ. ئۇ نۇرغۇن ياغلىما سۆزلەر بىلەن سىدوغا تەسەللى بېرىپتۇ. ئۇ يالۋۇرۇپ تۇرۇپ، چىرايلىق جامالىڭىزنى كۆرسىتىڭ. قاراڭ، ئالدىڭىزدا تۇرغىنى مېنىڭ پادىشاھلىق ئوردام، بۇ يەردە قۇياش ۋە ئايمۇ مېنىڭ خىزمىتىمنى قىلىدۇ. ھېچكىم مېنىڭ ئىجازىتىمسىز بۇ يەرگە كېلەلمەيدۇ. تۆت ئەتراپى دېڭىز بىلەن ئورالغان رىنگا قورغىنىنى ھېچقانداق كۈچ بۇزالمايدۇ. ئەرشتىكى ئەۋلىيا ـ ئەنبىيالار ياكى دوزاختىكى جىن ـ شەيتانلارنىڭ ھەرقاندىقى بۇ يەرگە كېلەلمەيدۇ، ھەرقانداق نەرسە سىزنى قۇتقۇزىمەن دەپ خام خىيال قىلمىسۇن، سىز مېنىڭ ئادىمىم بولىدىغانسىز، — دەپتۇ.

سىدو جىددىي قىياپەتتە تۇرۇپ:

— سېنىڭ ماڭا چېقىلىشىڭغا ھەرگىز يول قويمايمەن. سەن ئىلاھقا بىھۆرمەتلىك قىلغان مەخلۇق، بەلكىم مەن ئۆز تېنىمنى قوغداشقا ئاجىزلىق قىلارمەن، لېكىن ئۆز يۈركىمگە ئىگە بولالايمەن، — دەپتۇ.

راپونه پاك ـ دىيانەتلىك سىدونى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇشقا ئامال قىلالماي، ئۇنى خىلۋەت ئورمان ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپتۇ. ئۇ يەردە ئېگىز ئاسۇكا دەرەخلىرى ئۆسكەن بولۇپ، ئەتراپىنى قىزىل گۈللەر قاپلىغانىكەن. راپونه چىشلىرىنى ھىڭ-گايتىپ تۇرىدىغان، تىرناقلىرى ئۇزۇن كەلگەن چىشى راكشەسە-لەردىن بىرنەچچىنى سىدوغا قاراشقا ئەۋەتىپتۇ.

www.uyghurkitap.com

## بەشىنچى قىسىم

# سىدونى ئىزدەش — ھىندىستان مايمۇن پادىشاھلىقىغا كىرىپ قېلىش

رامە ئالدىراش ئارقىغا قايتىپتۇ. يول ئۈستىدە بىر يىلاننىڭ سول تەرىپىدە ئۆمىلەپ كېتىۋاتقانلىقىنى، بىر چىلبۆرىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە تىمىسقىلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇ بىر شۇملۇقنىڭ ئالامىتى ئىكەنلىكىنى ھېس قىپتۇ ھەم بۇنى جەزملەشتۈرۈپتۇ. بۇ ئۇنىڭ بالايىئاپەتكە ئۇچرايدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدىكەن.

ئۇ گىتىپەرى دەرياسى بويىدىكى كەپىسىگە قايتىپ كېلىپلا قەدىردان ئايالى سىدونىڭ يوقلۇقىنى سېزىپتۇ. ئۇ قاتتىق قايغۇ - ھەسرەتكە چۆمۈپ ناھايىتى جىددىيلىشىپ كېتىپتۇ. ئۇ لەكشمەنە بىلەن ھەممە يەرنى سۈرۈشتۈرۈپ ئۇنىڭ ھېچقانداق ئىز - دېرىكىنى ئالالماپتۇ. ئۇلار ئورماندىكى بۇغىلاردىن سورىغانىكەن، بۇغىلار تۇمشۇقى بىلەن ئاسماننى كۆرسىتىپ، جەنۇب تەرەپكە ماڭدى، دەپ ئىشارەت قىپتۇ. ئۇلار بۇ ھەرىكىتىنى ئۈچ قېتىم تەكرارلاپتۇ. رامە بۇ ئىشتىن ئازراق بىر نەرسىنى چۈشەنگەندەك بوپتۇ.

بۇ ئاكا - ئۇكىلار جەنۇب تەرەپكە مېڭىپ ئىزدەپتۇ. ئۇلار تۇيۇقسىز قانغا مىلىنىپ ياتقان ئىلاھىي بۈركۈت پادىشاھى چەتوپىنى ئۇچرىتىپتۇ. ئۇ جان تالىشىپ تۇرۇپ ئۇنىڭ راپونە بىلەن ئېلىشقانلىق سەرگۈزەشتىلىرى ۋە سىدونى راپونە بۇلاپ كېتىپ،

جەنۇب تەرەپكە ئەكەتكەنلىكىنى رامەگە بىر - بىرلەپ سۆزلەپ
بېرىپتۇ. بۇركۇت پادىشاھى گېپىنى تۈگىتىپلا ئۆلۈپ كېتىپتۇ،
ئاكا - ئۇكىلار بۇ قەھرىمان ئۈچۈن دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپتۇ.
قاراڭغۇ چۈشۈپتۇ، كۆڭلى يېرىم بولۇپ چارچىغان ئاكا - ئۇكى-
لار بوشاپ قالغان كەيپىگە قايتىپ كەپتۇ.

رامە سىدونىڭ يوقىلىپ كەتكەنلىكىگە كۆڭلى يېرىم بولۇپ
كۆز يېشى قىپتۇ. سۈرگۈنلۈك تۇرمۇش داۋامىدا، سىدو ئۇنىڭغا
خۇشاللىق بېغىشلىغان، ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ كۈچ - قۇۋۋەت مەنبە-
ئى بولغانىكەن. سىدو ئۇنىڭ يېنىدا بولغاچقىلا، ئۇ رەھىمسىز
تەقدىر ئۇنىڭغا تاڭغان بارلىق قىسمەتلەرگە بەرداشلىق بېرەلىگە-
نىكەن. ئۇ شۇنداق ئاق كۆڭۈل، ساداقەتمەن، گۈزەل ئايال
ئىكەن. رامە:

— ئۆزۈمنىڭ كەم ئەقىللىقىمدىن ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قال-
دىم، نېمىدەپ لەكشمەنەنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغان بولغىيدىم؟
نېمىدەپ ھېلىقى بۇغىنى قوغلاپ كەتكەن بولغىيدىم؟ پاك -
دىيانەتلىك سىدو قانداق ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى تارتىۋاتقاندۇ؟ —
دەپ ئويلاپتۇ. رامە قاتتىق پۇشايمان قىپتۇ. ھەسرەت چېكىپتۇ.
سىدونى تولا ئەسلەۋېرىپ يۈرىكى ئۆرتىلىپتۇ. ئۇ كېچىچە كۆز
يۇماپتۇ. تاڭ ئاتقاندىن كېيىن، ئۇ قورالىنى ئېلىپ، لەكشمە-
نە بىلەن بىللە سۆيۈملۈك ئايالىنى ئىزدەپ جەنۇبقا قاراپ يولغا
چىقىپتۇ. ئۇلار بىر مەھەل يول يۈرگەندىن كېيىن بىر ئورمان-
لىققا كېلىپ قاپتۇ. ئۇ يەردە خاسىيەتلىك ئوت -
چۆپلەر، بۈك - باراقسان ئۆسۈپ كەتكەن دەرەخلەر بار بولۇپ،
ئەتراپ قاراڭغۇ، سۈرلۈك كۆرۈنۈپتۇ. ئۇلار شىر، يولۋاسلار ۋە
ياۋا كالىلارنىڭ ئەركىن مېڭىپ يۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ.
ئاكا - ئۇكىلار بۇ ئورمانلىقتا قانداقتۇر، بىر شۇملۇق ئالامىتى-
نىڭ بارلىقىنى ھېس قىپتۇ. ئۇلار دەرەخ تۈۋىدە بىر دەم ئارام
ئېلىۋېلىپ، ئادەمزات ئايىغى باسمىغان بۇ جايدىن تېزرەك كەت-

مەكچى بوپتۇ. تۇيۇقسىز غايەت زور ئىككى قول پەيدا بولۇپ، ئىككىيلەننىڭ بېلىدىن قۇچاقلىۋاپتۇ...

ئەسلىدە ئۇ بىر باشسىز دىۋە بولۇپ، ئۇنىڭ ئېغىزى قور-سىقىدا ئىكەن. قوللىرى بەك چوڭ ئىكەن. ئۇنىڭ ئىككى شاهزا-دىنى تۇتۇۋېلىشتىكى مەقسىتى، ئىككى قولىنى ئۇلارغا كەستۇرۇ-ۋېتىش ئىكەن. ئۇ، ساماۋىي ئىلاھ ماتڭا بىشارەت بېرىپ، سېنىڭ ئىككى قولۇڭنى ئون هارۋىلىق پادىشاهنىڭ باللىرى كېسىۋې-تىپ، جەسىتىڭنى كۆيدۈرۈۋەتسۇن، ئاندىن كېيىن ساماۋىغا چىقالايسەن دېگەنتى، دەپتۇ. ئاكا ـ ئۇكىلار باشسىز دىۋىنىڭ دېگىنى بويىچە، ئۇنىڭ قوللىرىنى كېسىپ، جەسىتىنى كۆيدۈرۈ-ۋاتاتقاندا، باشسىز دىۋە بىردىنلا تىرىلىپ ساغلام، قامەتلىك ئا-دەمگە ئايلىنىپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپتۇ ۋە رامەگە:

— مېڭىڭلار، مايمۇن پادىشاهى سۇچىرىپەنى تېپىڭلار. ئۇ سىلەرگە سىدو توغرىسىدا ئۇچۇر بېرىدۇ، — دەپتۇ.

رامە بىلەن لەكشىمەنە تاغ ـ دەريالاردىن ئېشىپ ئاخىرى سۇچىرىپە تۇرغان رىشمۇگا تېغىغا يېتىپ كەپتۇ. سۇرگۇن قى-لىنغان مايمۇن پادىشاهى سۇچىرىپە ئىككى قوراللىق ئادەمنى يىراقتىن كۆرۈپ، ناهايىتى قورقۇپ كېتىپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ساداقەتمەن ۋەزىرى شامال ئىلاهى ۋايۇنىڭ ئوغلى هەنومانەنى ئەهۋال ئىگىلەپ كېلىشكە ئەۋەتىپتۇ. هەنومانە ئۆز قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇپ، شۇ هامان بىر سىپايە راهىبقا ئايلىنىپتۇ.

هەنومانە مايمۇنلار پادىشاهىغا ئون هارۋىلىق پادىشاهنىڭ رامە، لەكشىمەنە دېگەن ئوغۇللىرىنىڭ بۇ يەرگە سىدونى ئىزدەپ كەلگەنلىكىنى دوكلات قىلغاندا، سۇچىرىپە ئۇلارنى سەممىي قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. ئۇلار قۇربانلىق قىلىپ مۇ-راسىم ئۆتكۈزۈپ ئىتتىپاق تۈزۈشۈپتۇ. سۇچىرىپە ئايوتونىڭ شاهزادىسى رامە بىلەن قەسەم قىلىشىپ، ئۆزئارا ياردەمدە بو-



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ ئادرېسى



لۇپ، ئۇنىڭ يوقىلىپ كەتكەن ئايالىنى بىرلىكتە قۇتقۇزماقچى بولۇشۇپتۇ. سۇچىرىپە رامەگە مۇنداق دەپتۇ:

— يېقىندا بىز كۆرگەن ئايال جەزمەن سىزنىڭ ئايالىڭىز سىدو بولۇشى مۇمكىن. شۇ چاغدا مەن بىر دوستۇم بىلەن تاغ ئۇستىدە تۇراتتۇق. بىر غەيرىي نەرسىنىڭ بېشىمىزنىڭ ئۇستىدىن پەس ئۇچۇپ ئۆتكەنلىكىنى كۆردۇق. ئۇرىنكادىكى راكشەسەلەر پادىشاھى راپونە ئىكەن. ئۇنىڭ بىر ئايالنى كۆتۈرۈۋالغانلىقىنى كۆردۇق. بۇ ئايال ئىنتايىن قايغۇ ـ ھەسرەتكە چۆمگەن بولۇپ ئۇ، ئۆزىنىڭ زىننەت بۇيۇملىرى ۋە ياغلىقلىرىنى تاشلاپ ماڭدى. ئۇ نەرسىلەر خۇددى يۇلتۇزلارغا ئوخشاش بىزنىڭ ئالدىمىزغا چۈشتى. بىز ناھايىتى ھەيران قالغاندۇق. قاراڭ، مانا بۇلارغا، بۇ نەرسىلەرنى كۆرگەنمۇسىز؟ — ئۇ گەپ قىلغاچ ئۇ نەرسىلەرنى رامەگە كۆرسىتىپتۇ.

رامە قەدىردان ئايالى سىدونىڭ ئۆزىگە ناھايىتى تونۇشلۇق بولغان نەرسىلىرىنى كۆرۈپ، كۆڭلى ئىنتايىن بىئارام بوپتۇ، قايغۇ ـ ھەسرەت چېكىپتۇ. راپونەنىڭ قەبىھلىكىدىن قاتتىق غەزەپلىنىپتۇ. ئۇ ئۇچ ئالەمنىڭ ھەممە يېرىگە بېرىپ، بۇ رەزىل ئالۋاستىنى تېپىپ، بۇ ئىبلىس دىۋىنىڭ پۈتكۈل ئەۋلادىنى قىرىپ تاشلىماقچى بوپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئوتلۇق ئوقياسى بىلەن ئۇلارنى پۈتۈنلەي قىرىپ تاشلىيالايدىغانلىقىغا ئىشىنىدىكەن. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا غەزەپ ئوتى يالقۇنجاپ، كۆزىدىن ئوت چاقناپ، قورقۇنچلۇق ھالەتكە كىرىپتۇ. سۇچىرىپە ئۇنىڭغا سەممىي تەسەللى بېرىپتۇ. رامە ئاستا ـ ئاستا ئاچچىقىدىن يېنىشقا باشلاپتۇ، لېكىن ئۇنى يەنە قايغۇ ـ ھەسرەت بېسىپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك ئايالى سىدونىڭ ھازىر قانداق ئازابلارنى تارتىۋاتقانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپتۇ... سۇچىرىپە مۇنداق دەپتۇ:

— دوستۇم، ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىڭ، راپونە قېچىپ كېتەلمەيدۇ. بۇ ئەبلەخنىڭ قەيەرگە قېچىپ كېتىشىدىن قەتئىينەزەر،

مەن ئۇنى مايمۇنلىرىم بىلەن جەزمەن تېپىۋالىمەن. قايغۇرماڭ، قايغۇرىۋەرسىڭىز ئازابىڭىزنى ئېغىرلىتىۋالىسىز. غەم قىلىۋېرىشنىڭ ئۆزى ياخشى ئەمەس، ئەقىللىق ئادەم قايغۇ ـ ئەلەمگە ھەرگىز تۇتۇق بەرمەيدۇ. مەنمۇ ئۆز دۆلىتىم ۋە خانىشىمدىن ئايرىلىپ قالغان، گەرچە مەن بىر ھايۋان تىپىدىن بولساممۇ، لېكىن ئۆزۈم ئازاب ـ ئوقۇبەت دېگىنى ئىچىدە يۇرۇۋېرىشنى خالىمىغان. سىزنىڭ بىر ئايالنى دەپ ھەددىدىن تاشقىرى قايغۇ ـ ھەسرەت چېكىشىڭىز توغرا ئەمەس. دوستۇم، مەن مۇقەددەس ئوت ئالدىدا شۇنداق قەسەم بېرىمەنكى، مەن سىزنىڭ ئايالىڭىزنى قۇتقۇزۇۋېلىشىڭىزغا جەزمەن ياردەم قىلىمەن.

رامە ئۇنىڭغا:

قەدىردان دوستۇم، قايغۇ ـ ھەسرەت ماڭا مەھكەم يېپىشىۋالدى! مېنىڭ سىدونى تېپىۋېلىشىمغا ياردەم قىلىدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن. مەن سىزگە موھتاج بولىدىغان ئىشلار چىقسا، جەزمەن جان دىلىم بىلەن بېرىپ ئورۇنندايمەن، — دەپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، قەدىردان دوستۇم، خاتىرجەم بولۇڭ، گېپىمگە قۇلاق سېلىڭ، ھازىر سىزگە ھەممە گېپىمنى دەيمەن، — مايمۇنلار پادىشاھى سۇگرىپە ئەتراپىدىن بىر ئورۇن تاپماقچى بولۇپ، ئېگىز سالا دەرىخىدىن قويۇق يوپۇرماق باسقان بىر شاخنى سۇندۇرۇۋېلىپ يەرگە يېيىپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىدە رامە بىلەن سۇگرىپە ئولتۇرۇپتۇ. لەكشمەنە ئاق سەندەل دەرىخىنىڭ بىر تال شېخىنى سۇندۇرۇۋېلىپ ئۈستىدە ئولتۇرۇپتۇ.

سۇگرىپە گەپ باشلاپ مۇنداق دەپتۇ:

— ئاكام ۋەرى ئىنتايىن قاۋۇل، كۈچلۈك مايمۇن ئىدى. ئۇ مېنىڭ پادىشاھلىقىم ۋە ئايالىمنى تارتىۋالدى، ماڭا زىيانكەشلىك قىلدى، مېنى ھاقارەتلىدى، بۇنىڭغا مەن ھېچقانداق ئامال قىلالماي، پاناھلىنىش ئۈچۈن مۇشۇ تاغقا قېچىپ كېلىشكە مەجبۇر بولدۇم. ھازىر تەقدىر ئىلاھى ماڭا ئىچ ئاغرىتىپ، سىلـ

ـەرنى مۇشۇ يەرگە ئەۋەتىپتۇ.
رامە ئۇنىڭغا:
— خاتىرجەم بولۇڭ، مەن ۋەرىنى ئۆلتۈرۈپ، سىزنى غەم



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

دىن خالاس قىلىمەن. ھازىر ماڭا دەڭە، ئاكا ـ ئۇكا ئىككىڭلار نېمىشقا جېدەللىشىپ قالغانتىڭلار؟ كىمدىن سەۋەنلىك ئۆتكەنلىكىنى بىلگۈم بار، — دەپتۇ.

سۇچىرىپە مۇنداق دەپتۇ:

— ئەي روھو جەمەتىنىڭ ئەۋلادى، گېپىمگە قۇلاق سېلىڭ. بىزنىڭ دادىمىز پادىشاھ ئاگاسەيە ئىدى. بىز ئىككى ئوغۇل ئىدۇق. دادام قازا قىلغاندا، خەلق ۋە ۋەزىر ـ ۋۇزرالار پادىشاھلىقنى ئاكام ۋەرىگە بەردى. ئۇ باتۇر، ئاق كۆڭۈل بولۇپ، ھەممە ئىشلىرىمىز كۆڭۈللۈك كېتىۋاتاتتى. بىز بۇ يەردە ئۆم ـ ئىناق ئۆتەتتۇق، بىراق تەقدىر بىلەن قارشىلاشقىلى بولمايدىكەن، بىر كۈنى بۇ يەردىكى مەيەۋى ۋە تودۇۋى دېگەن ئىككى كۈچلۈك يالماۋۇز ئىككى ياۋا كالىغا ئايلاندى. شۇ كۈنى كېچىسى مەيەۋى يامان غەرەز بىلەن بىزگە پاراكەندىچىلىك سالدى. ۋەرى ھېچقايسىمىزنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماي قارامىلىق قىلىپ يالماۋۇزلار بىلەن ئېلىشتى. مەن ئۇنىڭ ئارزۇسى بويىچە ئەگىشىپ باردىم. ئايدىڭدا يالماۋۇزلارنى قوغلىدۇق. ئۇلار تۇيۇقسىز ناھايىتى چوڭقۇر ئۆڭكۈر ئىچىگە كىرىپ كېتىپ يوقىلىپ كەتتى. ۋەرى ماڭا ئۆڭكۈر ئاغزىنى مەھكەم توسۇپ تۇرۇشقا تاپىلىدى ھەمدە مەن ئۆڭكۈرگە كىرىپ، ئۇ يالماۋۇزلارنى ئۆلتۈرىمەن. سەن مەن قايتىپ كەلگۈچە ئۆڭكۈر ئېغىزىنى توسۇپ تۇر، دېدى. مەن ئۇنىڭغا ئۆڭكۈرگە كىرمىگىن، دەپ قايتا ـ قايتا يالۋۇردۇم، ئۇ تىڭشىمىدى. بىراق ئۇ ئۆڭكۈرگە كىرىپ كېتىپ بىر يىلغىچە چىقمىدى. بىر كۈنى ئۆڭكۈر ئىچىدىن يەر ـ جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرىدىغان قورقۇنچلۇق بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. مەن كۆڭلۈمدە ئېھتىمال يالماۋۇزلار ئاكامنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولۇشى مۇمكىن، يالماۋۇزلار چىقىپ مېنىمۇ ئۆلتۈرۈۋېتىشى تۇرغان گەپ دەپ ئويلاپ، بىر چوڭ قورام تاشنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، ئۆڭكۈرنىڭ ئېغىزىنى ئېتىپ قويدۇم، ئۇنىڭدىن كېيىن كۆڭلۈم

www.uyghurkitap.com

يېرىم بولۇپ، يىغلىغان پېتىمچە ئۆيگە قايتىپ كەلدىم، ئۇزۇن ئۆتمەي، ئادەت بويىچە دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزدۇم. كېيىن ئاۋام خەلق مېنى ئاكامنىڭ ئورنىغا پادىشاھ قىلدى. لېكىن، بىر كۈنى ۋەزىرى قايتىپ كەلدى. ئۇ مېنىڭ تەختكە ئولتۇرۇۋالغانلىقىمنى كۆرۈپ، قاتتىق غەزەپلىنىپ ماڭا بىرمۇنچە زەھەرلىك گەپلەرنى قىلدى. مېنى كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا قاتتىق ھاقارەتلىدى. ئۇ ۋارقىراپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: «مەن ئۆڭكۈرگە كىرىپ يالماۋۇزلار بىلەن ئېلىشتىم. سۆچرىپەنى ئۆڭكۈر ئېغىزىنى توسۇپ تۇرۇشقا بۇيرۇدۇم، لېكىن ئۇ ئۆڭكۈرنىڭ ئېغىزىنى ئېتىپ قويۇپ، شاھلىق ئورنۇمنى تارتىۋاپتۇ. مەن يالماۋۇزلارنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن ئۆڭكۈر ئېغىزىدا تۇرۇپ قايتا - قايتا ۋارقىرىدىم، لېكىن ئۇنىڭ مەن بىلەن كارى بولمىدى. ئاخىرى مەن تاشنى تېپىۋېتىپ، بىر ئامال قىلىپ ئۆڭكۈردىن چىقىپ كەتتىم. مەن قىساس ئېلىش ئۈچۈن سۆچرىپەنى ئۆلتۈرىمەن».

مەن ئۇنىڭغا ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ، كەچۈرۈم سورىساممۇ ھېچقانداق نەتىجىسى بولمىدى، ئۇ غەزەپلىنىپ، ئۆزىنى تۇتالماي قالغان چاغدا قېچىپ چىقتىم، شۇنىڭدىن بۇيان مۇشۇ ئورمانلىقتا سەرگەردان بولۇپ يۈرۈۋاتىمەن.

رامە بىلەن لەكشمەنە سۆچرىپەنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاپتۇ. رامە سۆچرىپەگە ۋەدە بېرىپ، ۋەرىنى جەزمەن جازالايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. مايمۇن پادىشاھى ئۇنىڭغا ئاكىسى ۋەرىنىڭ ھەربىي ماھارىتىنىڭ يۇقىرىلىقى ۋە ھەددىدىن تاشقىرى كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى، رامەنىڭ ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەسلىكىدىن ئەنسىرەيدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. رامە گەپ - سۆز قىلمايلا، ئوقيايىنى چىقىرىپ، بىر ئوق بىلەن بىر يولىلا يەتتە تۈپ دەرەخنى يىقىتىپ تاشلاپتۇ، ھېلىقى ئوق يەنە قورام تاشنى تېشىپ ئۆتۈپ، ئارقىسىغا قايتىپ ئوقيا خالتىسىغا كىرىپ

توختاپتۇ.
ھەيران بولۇپ ھاڭ ـ تاڭ قالغان مايمۇنلار خۇشاللىقىدىن
چىرقىراپ سەكرىشىپ كېتىپتۇ. ئۇلار رامەنىڭ قابىلىيىتىگە
قايىل بولۇپ، ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن ئۇنىڭ
پۇتىنى سىلاپتۇ.
سۇچىرىپەمۇ ئۇنىڭغا قايىل بولۇپ:
— سىزنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىڭىز ۋە ئىقتىدارىڭىز كىشىنى
قايىل قىلىدىكەن، سىزنىڭ شەپقەت ـ شىجائىتىڭىز بىلەن پادى-
شاھلىقىمنى قايتۇرۇۋالىدىغان بولدۇم، — دەپتۇ. رامە:
— بۇ ئىشنى نېمە ئۈچۈن يەنە كېچىكتۈرىمىز؟ بىز دەرھال
ۋەرىنىڭ قېشىغا بارايلى. مەن ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، سىزنى غەمدىن
خالاس قىلىمەن، — دەپتۇ.
سۇچىرىپە ئۇلارنى كىرىشگىنتەگە باشلاپ كەپتۇ. رامە ماي-
مۇن پادىشاھىغا:
— بىز دەرەخنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنۇپ تۇرايلى، سىز
ۋەرىنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ يولۋاستەك ۋارقىراڭ. ئۇ چو-
قۇم ئۆيدىن چىقىپ سىز بىلەن ئېلىشىدۇ. شۇ چاغدا مەن ئوقيانى
ئاتىمەن، — دەپتۇ.
سۇچىرىپە رامەنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە ئىش كۆرۈپتۇ. دې-
گەندەك ئاكا ـ ئۇكىلار ئۆيىنىڭ ئالدىدا جېنىنىڭ بارىچە ئېلى-
شىشقا باشلاپتۇ، بىراق دەرەخ ئارقىسىدا تۇرغان رامە چىراي ـ
تۇرقى بىر ـ بىرىگە ئىنتايىن ئوخشىشىپ كېتىدىغان بۇ مايمۇن
پادىشاھلىرىغا قاراپ، ئوقيانى ئېتىشقا پېتىنالماپتۇ. نەتىجىدە
سۇچىرىپە تىزدىنلا مەغلۇپ بوپتۇ. ئىككىنچى قېتىم ئېلىشىش
نۆۋىتى كەلگەندە، ئىككى تەرەپنى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن، سۇچى-
رىپەنىڭ بوينىغا گۈل چەمبىرىكى تاقاپ قويۇپتۇ. ۋەرى ئايال-
نىڭ نەسىھىتىگە قۇلاق سالماي سۇچىرىپە بىلەن ئېلىشىشقا يەنە
چىقىپتۇ. بىرنەچچە قېتىم ئېلىشا ـ ئېلىشمايلا ۋەرى يەنە ئۇس-

تۇنلۇكنى ئىگىلەپتۇ. بۇ چاغدا، دەرەخ ئارىسىغا يوشۇرۇنۇۋالغان رامە ئوقيايىنى چىقىرىپ، ۋەرىنى چەللەپ تۇرۇپ ئېتىپتۇ. ئوق چاقماق تېزلىكىدە ئۇچۇپ بېرىپ، ۋەرىنىڭ كۆكرىكىگە قادىلىپ-تۇ. ئۇ يىقىلىپتۇ، رامە بىلەن سۇچىرىپە شۇ ھامان جان تالىشى-ۋاتقان ۋەرىنىڭ يېنىغا بېرىپتۇ. جان تۇمشۇقىغا كېلىپ قالغان ۋەرى رامەگە:



— مېنىڭ تارە دېگەن بىر كۆيۈمچان ئايالىم ۋە گەتە دېگەن ئوماق ئوغلۇم بار. ئېي ئون ھارۋىلىق پادىشاھنىڭ ئوغلى، سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، مەن ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ قويارسىز، — دەپتۇ.

رامە ئۇنىڭغا ماقۇل بوپتۇ. سۇ چىرىپە رامەنى ئازادە ھەم ھەشەمەتلىك ئوردىغا بېرىپ تۇرۇشقا تەكلىپ قىپتۇ، لېكىن رامە مۇنداق دەپتۇ:

— مەن ئورمانلىقتا ئون تۆت يىل تۇرۇشقا ۋەدە بەرگەن، شەھەردە تۇرسام بولمايدۇ. سۇچىرىپە، دۆلىتىڭىزگە بولغان مەسئۇلىيەتنى ئۈستىڭىزگە ئېلىپ، دۆلەتنى ياخشى باشقۇرۇڭ، مەن ۋەرىنى ئۆلتۈرگىنىمدىن ئىنتايىن خىجىلمەن. سىز گەتەنى تەخت ۋارىسى قىلىشقا ۋەدە قىلىڭ، تارەگە ناھايىتى ياخشى مۇئامىلە قىلىڭ، نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سېلىڭ. يامغۇر پەسلى يېتىپ كېلەي دېدى. سىز كۆپ جاپا چەكتىڭىز، ھازىر ئۆيىڭىزدە قېلىپ، پادىشاھلىق شان ـ شەرىپىدىن ياخشى بەھرىمەن بولۇڭ، بىراق، دوستۇم يامغۇر پەسلى ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، كىمنىكى ئۆيىدىن ئۈمىدىنى ئۈزەلمەي يېتىۋەرسە جازا شۇ كىشىنىڭ بېشىغا كېلىدۇ…

تۆت ئاي داۋاملاشقان يامغۇر پەسلىدە، رامە بىلەن لەكشمەنە تاغ ئۆڭكۈرىدە ۋاقتىلىق تۇرۇپ قېلىپ، كۈنلەرنى سېغىنىش، ئەندىشە ھەم جاپادا ئۆتكۈزۈپتۇ. بىراق، مۇشۇ تۆت ئاي داۋامىدا پادىشاھلىق تەختكە ئولتۇرغان مايمۇن پادىشاھى سۇچىرىپە كۈنلەرنى راھەت ـ پاراغەت ئىچىدە ئۆتكۈزۈپتۇ. كۆزنى ئاچقۇچە كۈزمۇ كىرىپ قاپتۇ. ئۇ رامەگە بەرگەن ۋەدىسىنىمۇ ئاستا ـ ئاستا ئۇنتۇپ كېتىپتۇ. باش ۋەزىر ھەنومانەنىڭ ۋاقتى ـ ۋاقتىدا بەرگەن ئەسكەرتىشلىرىمۇ ئۇنىڭغا كار قىلماپتۇ. ئۇنىڭ بۇ قىلمىشلىرىغا تاقەت قىلىپ تۇرالمىغان لەكشمەنە كىشىگىنتە ئوردىسىغا بېرىپ، سۇچىرىپەنىڭ ۋەدىگە ۋاپا قىلمىغانلىق قىلمىشلى-

رنى ئەيىبلەپتۇ. سۇچىرىيە:

— مەن رامەنىڭ ياردىمى بولغاچقىلا پادىشاھلىق تۇرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋالدىم، مەن ئۇنىڭ مىھرى – شەپقىتىگە مەڭگۈ قەرزدار، مەن ئۇلۇغ رامەنىڭ بەختى ئۈچۈن، ئايالىمدىن، پادىشاھلىقىمدىن ۋاز كېچىپ، سەلتەنەتلىك ئوردام بىلەن خوشلىشىپ، يىراقلارغا بېرىپ سىدونى ئىزدەيمەن، — دەپتۇ.

سۇچىرىپە دەرھال ھىمالايا تېغى تەرەپلەرگە بېرىپ، ئۇ تەرەپلەردىن مىڭلىغان، تۈمەنلىگەن مايمۇنلارنى يىغىپ، ئۇلارنى شەرقىي يول، غەربىي يول، شىمالىي يول، جەنۇبىي يوللارغا ئايرىپ، ھەممە تەرەپلەرگە بېرىپ سىدونى ئىزدەشكە ئەۋەتىپتۇ. سۇچىرىپە مايمۇنلارغا شەرق، غەرب، شىمال، جەنۇبلارنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپتۇ. بۇ خۇددى قەدىمكى ھىندىستانلىقلارنىڭ «سىرلىق دۇنيا» نى ساياھەت قىلغىنىغا ئوخشاپ كېتىدىكەن. ئۇ شەرقنى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دەپتۇ:

— سىلەر دەريالار، دېڭىزلاردىن ئۆتكەندىن كېيىن، نۇرغۇن دۆلەتلەرنى كۆرىسىلەر، قەدىمكىلار يەتكەن دۆلەتلەردىن سىدونى ئىزدەڭلار، براھما پۇترا دەرياسىدىن ئۆتكەندىن كېيىن بىنگالغا كېلىسىلەر، سىلەر ئۇچرىتىدىغان ئاجايىپ – غارايىب كىرادولار مەنتۇرا تېغىدا ياشايدۇ. ئۇلارنىڭ تېرىسى سېرىق گۈلگە ئوخشايدۇ، چېچىنىڭ رەڭگى مىسقا ئوخشايدۇ، يۈزى لىگەنگە ئوخشايدۇ، قۇلاقلىرى ناھايىتى چوڭ، ئۇلار بىر پۇتى بىلەن يول ماڭىدۇ، سۇ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، ئادەم گۆشى يەيدۇ. شۇڭا ئۇلار «يولۋاس ئادەم» دەپ ئاتالغان. ناۋادا سىدو ئۇلارنىڭ دۆلىتىدە بولغان بولسا، ئۇنى ئىزدىگەندە ئېھتىيات قىلىڭلار.

بۇ دۆلەتنىڭ شەرق تەرىپىگە ماڭساڭلار، ئاق دېڭىزغا بارىسىلەر، ئاق دېڭىزدا ئاپئاق كەتكەن بىر مەرمەر تاغ بار. تاغ چوققىسىدا ئاپئاق مىڭ باشلىق يىلان بار. ئۇنىڭ مېڭىشى ئالدىغا سوزۇلۇپ تۇرىدۇ. ھەربىر بېشىنىڭ ئۈستىدە كۆزنى قاماشتۇرى-

دىغان مەرۋايىت بار. بۇ مىڭ مەرۋايىت ئاق دېڭىز ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يەرلەرنى كۇندۇزدەك يورۇتۇپ تۇرىدۇ. بۇ يىلاننىڭ ئىسمى ئانەندە بولۇپ، پەقەت قېرىمايدۇ، سىلەر ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرۈڭلار، شۇنداقتا تارىخىي ۋەزىپەڭلار ئادا بولغان بولىدۇ.

ئاق دېڭىزدىن شەرق تەرەپكە يەنە مېڭىۋەرسەڭلار، كالا توگا دەرياسىغا يېتىپ بارىسىلەر، بۇ يەردىكى دەريا سۈيىنىڭ رەڭگى قارا بولۇپ، بۇ دەريادا ئوتتۇز مىليون يىلان ۋە ئۆلارنىڭ جۆپلىرى ياشايدۇ. چىشى يىلانلار ئاغزىنى ئاچسىلا ئادەملەر ئۆلۈپ كېتىدۇ. جىن ـ شەيتان ياكى ئەۋلىيا ـ ئەنبىيالارمۇ ئۇلارغا يېقىنلىشالمايدۇ. ئەگەر سىلەر ياۋۇز راپونەنى دەريا بويلىرى، بۇلۇتلار ۋە ئۆڭكۈرلەردىن ئىزدەپمۇ تاپالمىساڭلار، قىزىل تاغقا بېرىڭلار. تاغ ئۈستىدە كەڭ ھەم گۈزەل دەريالار بار. دەريادا بىرمۇنچە خادا تاشلار بار.

قىزىل تاغنىڭ شەرقىي قىسمى قىزىل دېڭىزغا تۇتىشىدۇ. ھېلىقى ئىبلىس راكشەسە سۈيى قىپقىزىل دېڭىز تەكتىدە ياشايدۇ....

ئۇ غەرب توغرىسىدا توختىلىپ مۇنداق دەپتۇ:

— سىلەر خۇشاللىق ۋە خاپىلىق بولىدىغان جايلارنىڭ ھەممىلا يېرىنى ئاختۇرۇڭلار. سىدو دەرياسى، مىرىكو ۋە كاۋىرى دەرياسى ۋادىلىرىنى ئاختۇرۇڭلار. ئۇنىڭدىن كېيىن ئاتەش دۆلىتىگە بېرىڭلار. ئاتەش دۆلىتى ئەتراپىدا پىگان گۈللىرى ئېچىلىپ تۇرغان، ئۈزۈنغا سوزۇلغان بىر باغ بار. گۈللەرنىڭ تىكەنلىرى يىڭنىدىنمۇ ئۆتكۈر. سىلەر مايمۇنلار ئۇنىڭدىن ئېھتىيات قىلىڭلار. بۇ يەردىن قانچە بالدۇر كەتسەڭلا شۇنچە ياخشى، ئۇنىڭدىن كېيىن پالما ئورمىنىنى كۆرىسىلەر، ناۋادا ئۆلارنىڭ مېۋىسىنى يەپ قالساڭلار، سىلەرنى نەس باسقىنى شۇ.

پالما ئورمانلىقىنىڭ غەربىي تەرىپىدە تۇتاش كەتكەن نۇرغۇن

بازار ۋە شەھەرلەر بار، ئارقىدىن ئاجايىپ ـ غارايىپ كۆرۈنىدىغان ھىنچۇرىيە تېغىغا بارىسىلەر. غەرب تەرەپكە مېڭىۋەرسەڭلار سىندو دەرياسىغا بارىسىلەر. سىندو دەرياسىنىڭ غەربىي قىسمى دېڭىزغا تۇتىشىدۇ. جوگىراچ تاغ تىزمىلىرى غەربىي دېڭىز ساھىلىنى بويلاپ ئۇزۇنغا سوزۇلىدۇ. بۇ تاغ تىزمىلىرى ئەتراپتىكى يەرلەرنى يورۇتۇپ تۇرىدۇ. سىلەر ئۇ يەردە ۋىشنۇنىڭ ئاجايىپ تەخسىسىنى كۆرىسىلەر... غەرب تەرەپكە مېڭىۋەرسەڭلار، سۇمېرۇ تېغىغا بارىسىلەر، بۇ تاغ ئالتۇندىن ياسالغان. ئۇنىڭ ئەتراپىدا كۆزنى چاقنىتىدىغان ئاتمىش مىڭ كىچىك تاغ بار. تاغنىڭ ئۇستى ئىلاھلارنىڭ كۆڭۈل ئاچىدىغان جايى. بۇ يەردە رەڭگارەڭ گۈللەر ۋە ھەر خىل مېۋىلەر بار بولۇپ، ئۇ دۇنيا بويىچە ئەڭ گۈزەل جايلارنىڭ بىرى. قىزلار ئۇ يەردە ئۇسسۇل ئوينايدۇ، مۇزىكانتلار مۇزىكا چالىدۇ، ئىلاھلار ئاسماندا تۇرۇپ ئۇلارنىڭ مۇزىكىلىرىنى ئاڭلايدۇ. سۇمېرۇ تېغى ھەقىقەتەنمۇ ئاجايىپ سىرلىق تاغ...

ئۇ شىمال تەرەپ توغرىسىدا سۆزلەپ مۇنداق دەپتۇ:

— سىلەر شىمال تەرەپكە ماڭساڭلا، قار ـ مۇز ماكانى ھىمالايا تېغىغا بارىسىلەر، گانگى دەرياسى ئاشۇ تاغدىن چۈشكەن. شىمالغا يەنە ئازراق ماڭساڭلار، براھمادىكى ئەۋلىيالار سارىيىغا بارىسىلەر. شىرەكەرە شۇ جايدىن گانگى دەرياسىنى باشلاپ چۈشكەن. شىرەكەرە قۇياش مىللىتىنىڭ پادىشاھى. ئۇ تاماق يېمەي، ئۇخلىماي ئون مىڭ يىل رىيازەت چەككەن. ئاخىر ئىلاھ شىۋە ئۇنىڭغا چوڭ ئىلتىپات قىلغان. شىرەكەرە ھىمالايا تېغىدا ئايال ئىلاھ گانگىنى بىر دەريا ئېقىمىغا ئايلاندۇرۇپ، كىشىلەر ئارىسىغا باشلاپ كېلىپ، ئازاب ـ ئوقۇبەت چەككەن كىشىلەرنى قۇتقۇزغان. سىلەر قار بىلەن قاپلانغان تاغلارنى ئەتراپلىق ئاختۇرۇڭلار. ئەگەر سىدونى يەنە تاپالمىساڭلار، شىمالىي تەرەپكە يەنە مېڭىۋېرىڭلار، ئۇ يەردە تېغى يوق، دەرىخى يوق، سۇيىمۇ يوق،

بىر قورقۇنچلۇق دۆلەت بار. سىلەرنى روھىي جەھەتتىن ۋەھىمە باسىدۇ. سىلەر ئېھتىيات قىلىپ بۇ يەردىن تېز ئۆتۈپ كېتىڭلار. شىمالغا مېڭىۋەرسەڭلار، گىرەسا تېغىنى كۆرىسىلەر. يىراقتا نەزەر سالساڭلار، گىرەسا تېغىدىكى مىڭ چوققىدا نۇر چاقناۋاتقانلىقى كۆزۈڭلارغا چېلىقىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە بىر گۈزەل شەھەر بار. ئىلاھ شىۋە بىلەن پايادى شۇ يەرگە ئولتۇراقلاشقان، سىلەر يەنە ئارۇگە دېگەن قاملاشقان شەھەرنى كۆرىسىلەر. ئۇ بايلىق ئىلاھى كۇۋىرەنىڭ يۇرتى. ئۇ سۈيى مەرۋايىتتەك پارقىرايدىغان ۋىمىرە دەرياسىدا يۇيۇنىدۇ. دەريانىڭ ئىككى يېقىدا باراقسان ئۆسكەن ئاق سەندەل دەرەخلىرى ئەتراپقا خۇش پۇراق چېچىپ تۇرىدۇ. شىمالغا يەنە مېڭىۋەرسەڭلار، ئىلاھ شىۋەنىڭ يۇرتىغا بارىسىلەر. راپونە شىۋەنىڭ ئىخلاسمەن مۇخلىسى. ئېھتىمال ئۇ يەردە ۋەرىنگانىڭ پادىشاھىنى تاپالىشىڭلار مۇمكىن. بىراق ئۇ قەبىھ ئەبلەخ، سېھىر ئىشلىتىشنى بىلىدۇ. ئۇ ئەرشنى، يەر - زېمىننى ۋە دوزاخنى بويسۇندۇرغان. شىۋەنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن غالىب ئادەمگە ئايلانغان. ھەتتا ئەرشتە پال ئاچىدىغان چوڭ ئىلاھمۇ ئۇنى كۆرۈپ قورقۇپ قاچقان...

شىمالغا يەنە مېڭىۋەرسەڭلار، سۇمىگىل تېغىغا بارىسىلەر. ئۇ يەرگە بارساڭلار خۇش بولىسىلەر. چۈنكى ئۇ كۆيۈمچان پەرىشتىلەرنىڭ يۇ، ئۇ يەردە ئاسمان ۋە قۇياشنى كۆرەلمەيسىلەر، ئاي ۋە يۇلتۇزنىمۇ كۆرەلمەيسىلەر، بۇ يەرنى پەقەت مۇشۇ چىرايلىق پەرىشتىلەرنىڭ كۈندەك جامالىدىن يېغىپ تۇرغان نۇرلارلا يورۇتۇپ تۇرىدۇ. تاغ ئۈستىدە ئىستىقامەت قىلىدىغان نۇرغۇن ئادەملەر ياشايدۇ. ئۇ يەردە سۈيەتە دەيدىغان بىر دەريا بار. دەريانىڭ ئىككى يېقىدا ناندىنا دەرەخلىرى ئۆسكەن. بۇ دەرەخلەر ناھايىتى ئېگىز. سىلەر ئۇ يەرگە ئولتۇراقلاشقان ۋەھشىي قەبىلىدىن ئېھتىيات قىلىڭلار. داۋاملىق شىمالغا ماڭساڭلار، بىر كۆلگۈنچەك مىللەتنى ئۇچرىتىپ قالىسىلەر. سىلەر ئۇلاردىن

www.uyghurkitap.com

نىمىنى تەلەپ قىلساڭلار، ئۇلار تەلىپىڭلارنى قاندۇرىدۇ. بۇ يەردە تاتلىق مېۋىلەر ناھايىتى كۆپ. يەنە كېلىپ بىر دەريا بار. دەريادا پورەكلەپ ئېچىلىدىغان شەھدان گۈلى بار. دەريا ئىچىدىكى ياقۇتلار نۇر چېچىپ تۇرغاچقا، دەريانىڭ سۈيى قىپقىزىل كۆرۈنىدۇ. دەريا تەكتىدە ھەر خىل قىممەت باھالىق ياقۇتلار بار. ئۇ يەردىكى ئەر - ئاياللار مۇشۇ ياقۇتلار بىلەن ئۆزىنى بېزەيدۇ. ئۇ ئاياللار ناھايىتى چىرايلىق، ئادەتتە ياقۇت تاقاپ يۈرىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئىنتايىن ھاكاۋۇرلىشىپ كەتكەن، ئۇلار ئىلاھلارنىڭ پادىشاھى ھىنتۇرەنى مازاق قىلىپ قويغانلىقتىن، ھىنتۇرە جان ئاچچىقىدا، ئۇلارنى كەچ كىرگەندە ھەممىڭلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن، پەقەت تاڭ سەھەردىلا تىرىلدۈرىمەن، دەپ قارغىغان. مۇشۇ قارغاش تۈپەيلىدىن ئۇ يەردىكى ئاياللار كەچ بولۇشى بىلەنلا ئۆلگەن، تاڭ ئاتقاندىلا تىرىلگەن، ئۇلار پۈتۈنلەي ئەس - ھوشىنى يوقاتقان. شۇڭا تاڭ سەھەردە ھوشىغا كېلىدۇ. كۈندۈزى كۈنبويى ناخشا ئېيتىپ ئۇسسۇل ئوينايدۇ، دۇنيادىكى ئىشلاردا مۇشۇنداق ئوخشىماسلىقلار بار.

ئۇ جەنۇب توغرىسىدا توختىلىپ مۇنداق دەپتۇ:

— سىلەر جەنۇبقا بېرىڭلار. سىدونى سۈيى قاپقارا كۆرۈنىدىغان نامتە دەرياسى، گوتىپار دەرياسى، شۇنداقلا ئات يۈزلۈك تاغدىن ئېقىپ چۈشكەن كاۋرى دەرياسى ۋادىلىرىغا بېرىپ ئىزدەڭلار، ئەگەر تاپالمىساڭلار، جەنۇبقا مېڭىۋەرسەڭلار، لىسەپ تېغىغا كېلىسىلەر، ئۇ يەردە جادۇگەر ئايال جەندەپە تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىگە ساپسېرىق ئالتۇن ۋە ئەتىۋارلىق ياقۇت تولدۇرۇلغان بەش قەلئەسى بار، لېكىن سىلەر بۇ بايلىقلارنى كۆرۈپ كۆزۈڭلارنى قىزارتماڭلار. جەندەپە بەك ۋەھشىي، سېزىپ قالسا، سىلەرنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ.

بۇ تاغنىڭ جەنۇبىي تەرىپى دېڭىزغا تۇتىشىدۇ. دېڭىزدا مىناگە تاغ تىزمىلىرى بار. ئاشۇ ئالتۇن تاغ چوققىلىرىنىڭ

سەلتەنەتلىك نۇرلىرى دېڭىز ئۈستىدە ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ دادىسى شامال ئىلاھى، ئۇلارنىڭ دوستى قۇياش ئىلاھى، گۇناھكار ئادەملەر ئۇلارنى كۆرەلمەيدۇ. دېڭىزنىڭ ئەڭ تەكتىدە ئەڭ قورقۇنچلۇق بىر ئايال جادۇگەر بار. ئۇنىڭ تەقى ـ تۇرقى شىرغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ پۇت ـ قولى ئادەم سايىسىغا تېگىپلا كەتسە، ئۇ شۇ ئادەمنى تۇتۇۋالالايدۇ. بىر يولىلا مىڭ ئىككى يۈز جانلىقنى يۇتۇۋېتەلەيدۇ. سىلەر ئۇ يەرگە بارغاندا، بۇ ئايال جادۇگەردىن پەخەس بولۇڭلار. رېنگا دۆلىتىگە بارماقچى بولساڭلار، جەزمەن مۇشۇ ئايال جادۇگەر تۇرۇشلۇق بىر يۈز يىگىرمە يوجەنە مۇساپىلىق دېڭىزدىن سەكرەپ ئۆتۈپ كېتىڭلار. رىنكا دۆلىتىنىڭ تۆت ئەتراپى دېڭىز بىلەن ئورالغان، ئۇ جىن ـ ئەرۋاھلارمۇ كىرەلمەيدىغان قەلئە، جەنۇب تەرەپتە يەنە ئەزرائىل يەمەراجەنىڭ جەنۇبىي تۇرارگاھى بار. بۇ تۇرارگاھقا قۇياش ۋە ئايمۇ كىرەلمەيدۇ. بۇ يەردە كۈندۈز ۋە كېچىمۇ بولمايدۇ. مېنىڭ پالۋانلىرىم، ئەرزائىلنىڭ تۇرارگاھىنى كۆرۈپ قالساڭلار، دەرھال قايتىپ كېلىڭلار، كىمكى بىر ئاي ئىچىدە قايتىپ كېلەلمىسە، ئۇ ھاياتىدىن ئايرىلغان بولىدۇ. ئۇنىڭ پۈتكۈل ئائىلىسىمۇ ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ ئۆلۈپ كېتىدۇ. كىمكى سىدو توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئېلىپ كېلەلىسە، مەن ئۇنىڭغا شان ـ شەرەپ ۋە بايلىق ئاتا قىلىپ، ئۇنىڭدىن مەڭگۈ مىننەتدار بولىمەن.

سۇچىرىپە ھەنومانەگە ئۆرۈلۈپ گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ:

— گېپىمگە قۇلاق سال، شامال ئىلاھىنىڭ ئوغلى. يۈردىكىم ماڭا پەقەت سەنلا مۇشۇ ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغانلىقىڭ توغرىسىدا بېشارەت بېرىۋاتىدۇ. سەن سۇ، ئوتتىن قورقمايسەن، شامالغا ئوخشاش تېز ھەرىكەت قىلىسەن. سەن سىدونى تاپالايسەن، — ئۇ يەنە رامەگە ئۆرۈلۈپ، — سىز ئۇنىڭغا بەزى گۇۋاھلىق نەرسىلەر بېرىڭ. ئۇ سىدوغا تاپشۇرۇپ بەر-

سۈن، — دەپتۇ.

رامە ئۈزۈكىنى ھەنومانەگە تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ. سۈنداق قىلىپ، سۈچىرىپە جەمئىي ئوتتۇز تۈمەن مايمۇن ئەۋەتىپتۇ. يەر - زېمىن ئۇلارنىڭ پۇتى ئاستىدا تەۋرەپ كېتىپتۇ. يەر - جاھاننىڭ ھەممىلا يېرى مايمۇنلار بىلەن توشۇپ كېتىپتۇ. مايمۇنلار قوشۇنى مېڭىپ كەتكەندىن كېيىن، رامە سۈچىرىپەدىن:

— ئېيتىڭا دوستۇم، مۇنچىۋالا كۆپ جاينى قانداق بىلىسىز... يەر شارىنىڭ ئۇ قېتىغىچە بولغان جايلاردىكى شۇنچە كۆپ تاغ، دېڭىزلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىدىغان ئوخشىمامسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

سۈچىرىپە مۇنداق دەپ جاۋاب بېرىپتۇ:

— مەن ۋەرىنىڭ غەزىپىدىن قورقۇپ قېچىپ يۈرگەن مەزگىلىمدە، ئۈچ ئالەمنىڭ ھەممىسىنى ئايلىنىپ چىقتىم. ۋەرى بىر سەكرەپ قويسىلا، كۆزنى ئېچىپ يۇمغۇچە يەتتە ئارالغا بېرىپ بولىدۇ. مەن نەگە بارساملا ئۇنىڭ پېيىمغا چۈشىدىغانلىقى ماڭا ناھايىتى ئايان. ئۇ مېنى كۆرۈپلا قالسا ئۆلتۈرۈۋېتەتتى. شۇڭا مەن ئادەملەر تۇرۇشلۇق يەرلەرنى، ئەرشنى ۋە دوزاخنى ئايلىنىپ چىقتىم. بارغانلا يەردە بىر كۈن توختاشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىدىم. مەن قورقۇنچ ئىچىدە توختىماي قاچتىم. دېڭىز - ئوكيان، تاغ - دەريا، قۇرۇقلۇق ۋە ئاراللارغىچە قېچىپ باردىم. قۇرۇقلۇقنىڭ ئۇ چېتىگىچە يۈز قېتىملاپ، مىڭ قېتىملاپ باردىم.

ئىككى دوست مۇشۇ ئاساستا ئۆتمۈش سەرگۈزەشتىلىرى ۋە كەلگۈسىدىكى ئىشلار توغرىسىدا پاراڭلىشىپتۇ. كۈنلەر مۇشۇ تەرىقىدە ئۆتىۋېرىپتۇ. ئاي توشىدىغانغا بىرنەچچە كۈنلا قاپتۇ. شەرق، غەرب ۋە شىمال تەرەپتىكى مايمۇنلار قوشۇنى قايتىپ كەپتۇ. ئۇلار ئەھۋال مەلۇم قىلىپ: «بىز سىدونى قۇرۇقلۇق، دېڭىز ۋە تاغلاردىن كۆپ ئىزدىدۇق، لېكىن ئۇنىڭ ئىز - دېرى-

كىنى ئالالمىدۇق» دەپتۇ.

رامە يىغلىۋېتىشكە ئارانلا قاپتۇ. سوٰچىرىپە ئۇنىڭغا تەسەللى
بېرىپ:

— راپونەنىڭ ئۆيى جەنۇبتا، ئالىيلىرى بىز مايموٰنلىرىمىز-
نى ئۇ يەرگە ئەۋەتتۇق. پالۋان ھەنومانە ۋەزىپىنى جەزمەن ئورۇن-
دىيالايدۇ. قايغۇرماڭ، ئۇ سىدونى جەزمەن تاپىدۇ، — دەپتۇ.
رامە يەنىلا خاتىرجەم بولالماپتۇ.

جەنۇبقا ئەۋەتىلگەن مايموٰنلار قوشۇنى قاتموٰقات تاغلاردىن
تەركىب تاپقان پىگتە تېغىغا كەپتۇ. ئۇلار سىدونى ھەممە يەردىن
سوٰرۇشتۇرۇپ توختىماي ئىزدەپتۇ. كۇنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇلار
ئۆزلىرىگە بېرىلگەن بىر ئاي مۆھلەتنىڭ ئاز قالغانلىقىنى ھېس
قىلىشىپتۇ.

مايموٰنلار دەرەخ تۈۋىدە غەمگە پېتىپ ئولتۇرۇپ، نېمە قىلا-
رىنى بىلمەي قاپتۇ...

ئۇلار تۇيۇقسىز ناھايىتى زور ئۆڭكۈرنى، توپ - توپ قۇش-
قاچلارنىڭ ئۆڭكۈردىن ئۇچۇپ چىقىۋاتقانلىقىنى بايقاپ قاپتۇ. بۇ
ئەتراپتا سۇ يوق تۇرسا، ئۇلار قانداقمۇ ھايات كەچۈرىدىغاندۇ؟
ئۆڭكۈرنىڭ يېنىدا بىر چوڭ دەرەخ بولۇپ، مايموٰنلار دەرەخكە
چىقىپ، دەرەخ شاخلىرى ئارىسىدىن ئۆڭكۈرنى كۆزىتىپتۇ. ئۇ-
نىڭ ئىچى ناھايىتى چوڭقۇر ۋە قاراڭغۇ بولۇپ، قۇياش نۇرى ۋە
ئاي نۇرىمۇ ئىچىنى يورۇتالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىكەن.

مايموٰنلار باش قاتۇرۇشۇپ: «بىز قانداق كىرەرمىز؟ لېكىن
كىرمىسەك بولمايدۇ. سىدو ئۆڭكۈر ئىچىدە بولۇشى مۇم-
كىن» دېيىشىپتۇ. ئۇلار ئۆزۈنىسىغا تىزىلىپ، بىر - بىرىنىڭ
قۇيرۇقىدىن تۇتۇشۇپ، قاراڭغۇ ئۆڭكۈرگە باتۇرلارچە كىرىشكە
باشلاپتۇ، لېكىن ئىچىدە ھېچنېمىنى كۆرەلمەپتۇ. ھەنومانە ھاسا
تايىنىپ ھەممىسىنىڭ ئالدىدا مېڭىپتۇ. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مېڭى-
ۋاتقان مايموٰنلار ئەمالاردەك ئۇياق - بۇياققا سوقۇلۇپ، تەستە

ئىلگىرىلەپتۇ. ئاخىرى ئۇلار ئالتۇندىن ياسالغان قاتار ـ قاتار ئۆيلەرنىڭ ئالدىغا كەپتۇ، لېكىن بىرەر ئادەمنىمۇ ئۇچرىتالماپتۇ. ئۇلار ئۈچ يۈز ئۆينى بىر ـ بىرلەپ تەكشۈرۈپ، گۈزەللىكتە تەڭدىشى يوق بىر قىزنى ئۇچرىتىپتۇ. ئۇلار:

— بۇ قانداق جاي؟ — دەپ سوراپتۇ. قىز:

— تېز كېتىڭلار، بۇ يالماۋۇز مەھەمايەنىڭ ئۆيى. ناۋادا ئۇ سىلەرنى كۆرۈپ قالسا، ھەرگىز كەچۈرمەيدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئاق كۆڭۈل قىز ئۇلارنى ئۆڭكۈرنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە باشلاپ بېرىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئالدىدا چوڭقۇر جەنۇبىي دېڭىز ۋە ھەيۋەتلىك تاغلار كۆرۈنۈپتۇ.

ئۇلار بۇ يەردە نامى ھەممە يەرگە تارقالغان كەلتە دېگەن سېرىق قاناتلىق قۇشنىڭ بالىسى سەنپەد بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ. ئۇ ھەنومانەگە، گۇناھى چېكىدىن ئاشقان راپونەنىڭ ھازىر دېڭىزنىڭ ئۇ تەرىپىدە ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ساھىبجامال سىدونى ئەشۇكە بېغىغا سولاپ قويغانلىقىنى، سىدونى تېپىش ئۈچۈن جەزمەن يۈز يوجەنە مۇساپىلىق دېڭىزدىن ئۆتۈش كېرەكلىكىنى ئېيتىپتۇ.

## ئالتىنچى قىسسە

# رىڭكادىكى ئەھۋال - دېڭىز سىرتىدىكى يۈز يوجەنلىك مۇساپە

مايمۇنلار دېڭىز بويىغا كەپتۇ. ئۇيۇقسىزچە تۇتاشقان دېڭىز سۈيى قاپقارا كۆرۈنىدىكەن. دېڭىز دولقۇنلىرى شاۋقۇن پەيدا قىلىپ، ئۇنىڭ گۈلدۈرلىگەن ئاۋازى يىراقلارغا كېتىدىكەن.

مايمۇنلار بۇ قورقۇنچلۇق پايانسىز دېڭىزغا ئۈمىدسىزلەنگەن هالدا قاراپ ئۇنىڭدىن سەكرەپ ئۆتۈشكە جۈرئەت قىلالماپتۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە شامال ئىلاھىنىڭ ئوغلى ھەنومانەلا ئوتتۇرىغا چىقىپ:

— مەن سىناپ باقاي، — دەپتۇ. ئۈچ ئالەمدە ھېچكىم ئۇنىڭدەك باتۇرلۇق قىلالمايدىكەن!

چوڭ ئىگەكلىك ئىلاھ مايمۇن ھەنومانە دېڭىزدىن ئۆتمەكچى بولۇۋاتقاندا، باشقىلار ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ بارغانسېرى چوڭىيىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۇنىڭ بەدىنى پاكارراق تاغقا، پارقىراپ تۇرغان كۆزلىرى بىر جۈپ قۇياشقا ئوخشاپ قاپتۇ، بەدىنىدىكى تۈكلەرمۇ ئۆزىراشقا باشلاپتۇ. بۇ تۈكلەر خۇددى ئۇنىڭ بەدىنىگە يېپىشىۋالغان يىلانلاردەك كۆرۈنىدىكەن. ھەنومانەنىڭ ئېغىرلىقىغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن مەرەيە تېغى تەۋرەپ كېتىپتۇ، دەرەخلەر سىلكىنىپ چېچەكلىرى ۋە يوپۇرماقلىرى تۆكۈلۈپتۇ، قۇشلار چۆچۈپ تەرەپ - تەرەپكە ئۇچۇپ كېتىپتۇ. بىرمۇنچە تاغ چوققىلىرى يېرىلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىكى ياۋايى ھايۋانلار غۇلاپ

چۈشۈپ كېتىپتۇ، شىر ۋە پىللار قورققىنىدىن باشقا ئورمانلارغا قېچىپ كېتىپتۇ. زەھەرلىك يىلانلار يەر ئاستىدىن چىقىشىپ ۋەھشىيانە قىياپەتتە چىرقىرىشىپتۇ. مايمۇنلار قوشۇنىنىڭ غەلىبە سادىلىرىغا هايۋانات ۋە ئۇچار - قاناتلارنىڭ ئاۋازلىرى قوشۇلۇپ، قورقۇنچلۇق شاۋقۇن - سۈرەن پەيدا بوپتۇ. بۇ ئۇلۇغ قەهرىمان ئۆز جايىدا ئولتۇرغاندا، ئۇنىڭ قۇلاقلىرى بىردىنلا ئۆزىراپ كېتىپتۇ. شامال ئىلاهىنىڭ ئوغلى ئورنىدىن تۇرۇپ سەكرەپتۇ. ئۇ غۇلىچىنى ئىككى تەرەپكە كېرىپتۇ. ئۇنىڭ قۇيرۇقى چوڭ بوغما يىلاندەك تولغىنىپتۇ. ئۇ بوشلۇقتا توختىماي ئېلىگىرىلەپتۇ، ئاستى تەرەپتە دولقۇنلىنىۋاتقان دېڭىزنى كۆرۈپتۇ.

هەنۇمانە بارغانسېرى ئېگىز كۆتۈرۈلۈپتۇ. قۇياش گويا ئۇنىڭ قالپىقىغا، ئىككى پۇتى گويا قىپقىزىل ئىككى سۇ لەيلىسىگە ئوخشاپ قاپتۇ. ساماۋىي ئىلاهلار ئۇنىڭ بۇ كارامىتىنى كۆرۈپ ناهايىتى سۆيۈنۈپتۇ. ئۇ دېڭىز ئۈستىدىن تېز ئۇچۇپ ئۆتۈۋاتقاندا، ئۇلار ئۇنىڭغا قارىتىپ گۈللەرنى چېچىپتۇ.

باتۇر هەنۇمانە شامالغا قارشى گۈرۈلدەپ ئۇچۇپ مېڭىۋېرىپتۇ. مايمۇنلار ئۇنىڭغا تاكى كۆز ئالدىدىن يوقىلىپ كەتكۈچە كۆز ئۈزمەستىن تىكىلىپ قارىشىپ قاپتۇ. هەنۇمانە دېڭىزنىڭ تۆتتىن ئۈچ قىسمىدىن ئۆتۈپ بوپتۇ، تۆتتىن بىر قىسمى قالغاندا، سۈرەپە ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇۋاپتۇ. چوڭ يىلان سۈرەپە بوغما يىلانلار ئىچىدە ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىگە ئىگە يىلان بولۇپ، ئاسماندىكى پەرىشتىلەردىن تارتىپ دوزاختىكى جىن - ئالۋاستىلارغىچە ئۇنىڭدىن قورقىدىكەن. ئۇ هەنۇمانەگە:

— ساماۋىي ئىلاھ سېنى ماڭا يەم بولۇشقا ئەۋەتىپتۇ. مەن سېنى يەۋېتىمەن، سەن ئۆزۈڭنى بىلىپ، ئېغىزىمغا كىر! — دېگىنىچە ئېغىزىنى يوغان ئېچىپ تۇرۇپتۇ.

شامال ئىلاهىنىڭ ئوغلى هەنۇمانە ئۆز بەدىنىنى ناهايىتى

كىچىكلىتىپ، ئۇچقان پېتىچە ئۇنىڭ ئاغزىغا كىرىپتۇ ـ دە، ئۇ ئىغىزىنى يۇمغۇچە ئۇچۇپ چىقىپ كېتىپتۇ. ھەنومانە دېڭىزدا ئۇچۇۋېرىپ ئىنتايىن ھېرىپ كېتىپتۇ. تۇيۇقسىز سۇ ئۈستىدىن ئالتۇندەك نۇر چېچىپ تۇرىدىغان مىنەكە تېغى كۆتۈرۈلۈپ چىقىپتۇ. ئۇ ھەنومانەگە:

«ئىي، شامال ئىلاھىنىڭ ئوغلى، سەن مېنىڭ ئۈستۈمگە چىقىپ بىردەم ئارام ئېلىۋال، قورقما، مەن سېنى دوستلاردەك قارشى ئالىمەن. سەن بىلەن سەمىمىي دوست بولىمەن، — دەپتۇ.

ھەنومانە بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئاسماندا تۇرۇپ:

— ئەي، چوڭ تاغ، ئېيتقىنا، مېنى نېمە ئۈچۈن توسۇۋالدىڭ؟ نېمە ئۈچۈن مەن بىلەن دوست بولىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. مىنەكە تېخى جاۋاب بېرىپ مۇنداق دەپتۇ:

— قەدىمكى زاماندا ھەممە تاغلارنىڭ قانىتى بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرى خالىغان جايلارغا ئۇچۇپ بارالايدىكەن، شۇڭا ئۇلار ئەسكى ئىشلارنى قىلىپ نۇرغۇن شەھەر ۋە يېزىلارنى بېسىپ ۋەيران قىپتۇ. شۇڭا ساماۋىي پادىشاھ ئىندىرەنىڭ بۇ ئىشقا قاتتىق ئاچچىقى كەپتۇ ـ دە، چاقماق چاقتۇرۇپ ئۇلارنى جازالاپ، قاناتلىرىنى چۇشۇرۇۋېتىپتۇ. ئۇ مېنىمۇ قوغلاپ چاقماق بىلەن جازالىغاچقا، قورقۇپ جېنىمنىڭ بارىچە قېچىپ كەتتىم. شامال ئىلاھى مېنىڭ بۇ بىچارە ھالىتىمنى كۆرۈپ، ماڭا ئىچ ئاغرىتىپ، مېنى بۇ يەرگە ئۇچۇرتۇپ ئەكېلىپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن قانىتىم ساقلىنىپ قالدى. شۇنىڭدىن بېرى مەن دېڭىزدا تۇرۇپ قالدىم. سەن دوستۇم شامال ئىلاھىنىڭ ئوغلى، سېنى جەزمەن ياخشى كۈتۈۋالمىسام بولمايدۇ.

— سەن ماڭا سەمىمىي مۇئامىلە قىلىپ، چەكسىز خۇشاللىق ئاتا قىلدىڭ، — دەپتۇ ھەنومانە، — ئەسلىدە بۇ يەردە دەم ئېلىۋالغۇم بار ئىدى، لېكىن بۇنداق قىلالمايمەن، رىنكاغا تېز-

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com



رەك بىرىشقا ئالدىرايمەن. ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئۆز كۇچۇمگە تايىد-
نىپ، يۇز يوجەنە يول بىسىپ ئۆتىدىغان دېڭىزدىن تېز ئۆتۈپ
كېتىشكە قەسەم قىلغانىدىم، — دەپتۇ - دە، مىنەكە تېغى بىلەن
خوشلىشىپ، ئۇچۇشنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ھەنومانە رىنكانى يىد-
راقتىن كۆرۈپتۇ.

ئۇ سۇبرە تېغى ئۇستىدىكى گۇتەكە دەرىخنىڭ ئۇستىگە
چۇشۇۋاپتۇ. شۇ ھامان ئۇنىڭ پۇتى ئاستىدىكى تاغ تەۋرەپ، رېنكا
ئارىلىمۇ سىلكىنىپتۇ. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا سىدونىڭ سول بىلىكى-
مۇ سىلكىنىپ كېتىپتۇ. بۇ ئۇنىڭ ئۇچۇن ئېيتقاندا بىر ياخشى-

لىقىنىڭ ئالامىتى ئىكەن، راپونەنىڭ سول بىلىكىمۇ سىلكىنىشكە باشلاپتۇ. بىراق، بۇ ئۇنىڭ ئۇچۇن شۇملۇقنىڭ ئالامىتى ئىكەن. چۈنكى، سول بىلەكنىڭ سىلكىنىشى بىر ئەر كىشىگە بەختسىز-لىك ئېلىپ كېلىدىكەن. ھەنومانە رېنكاغا كىرگەندىن كېيىن، سىدونى ئىزدەشكە باشلاپتۇ. ئۇ ئورمانلار ۋە دەرەخلىكلەردىن بىر - بىرلەپ ئۆتۈپتۇ. قۇشلارنىڭ خەندان ئۇرۇپ سايراشلىرىنى، ھەسەل ھەرىسىنىڭ غۇڭ - غۇڭ قىلىپ ئەركىن ئۇچۇپ يۈرگەن ھالىتىنى، كۆللەر ۋە دەريالاردىكى سۇ لەيلىسىنىڭ پورەكلەپ ئېچىلغانلىقىنى كۆرۈپ خۇشاللىقىنى باسالماي قاپتۇ. شەھەرنىڭ ئىچىدىكى سېپىللار ئالتۇندىن، تېشىدىكىلىرى تۆمۈردىن سوقۇل-غانىكەن... بۇ ھەيۋەتلىك سېپىللار كۆككە تاقاشقۇدەك ئېگىز ئىكەن.

ھەنومانە توختىماي مېڭىۋېرىپتۇ. ئۇ: «راپونەنىڭ رىنكادىدى-كى ھوقۇقى بەك چوڭ ئىكەن. ئۇن باشلىق پادىشاھنى قانداقمۇ پەرق ئېتەرمەن؟ بۇ قەبىھ دۈشمەنلەردىن قانداق يوشۇرۇنارمەن؟ رامەنىڭ چىرايلىق ئايالىنى قانداق تونۇيالارمەن؟» دېگەنلەرنى ئويلاپتۇ.

بۇ چاغدا قۇياش ئولتۇرۇپتۇ، ھەنومانە شەھەر مەركىزىگە كىرىپتۇ. ئاي كۆتۈرۈلۈپتۇ. ھەنومانە رىنكا شەھىرىگە نەزەر سېلىپ، ئۇ يەردىكى ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىلىرىنىڭ ئالتۇندىن ياسال-غانلىقىنى، ئۆيلەرنىڭ تۆت ئەتراپىغا مەرۋايىت بىلەن نەقىشلەن-گەن جۇلالار ئېسىلغانلىقىنى، ئۆيلەرنىڭ ئۈستىگە بايراقلار قا-دالغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ھەنومانە ئۆز بەدىنىنى ھەر خىل شەكىلگە ئۆزگەرتىپتۇ. بۇ چاغدا ئۇ مۈشۈككە ئايلىنىپ ئۆيمۇئۆي ئايلى-نىپ يۈرۈپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ ۋېسەنەنىڭ ئوردىسىغا كىرىپ، ئىنتايىن ھەيۋەتلىك شۇۋە بۇتخانىسىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ رىنكادىكى پۈتكۈل ئۆيلەرنى بىر - بىرلەپ ئاختۇرغان بولسىمۇ، سىدونىڭ ھېچقانداق ئىز - دېرىكىنى ئالالماپتۇ. ئاخىر ئۇ پادىشاھنىڭ

ئىچكىرىكى ئۆردىسىدىن راپونەنىڭ ھۇجرىسىنى تېپىپ، ئىچىگە كىرىپتۇ. راپونەنىڭ تېنى ئىنتايىن كېلەڭسىز بول-ۇپ، ئۇ ئۈنچە- مەرۋايىت بىلەن بېزەلگەن كارىۋات ئۈستىدە ياتقانىكەن. ئۇنىڭ تېرىسى قارا - كۆك بولۇپ، سېرىق كىيىم كىيىۋالغانىكەن. ئۇ نۇرغۇن زىننەت بۇيۇملىرىنى ئېسىۋالغان بولۇپ، بەدىنىگە كۆك ئەمەن سۈرتىۋالغانىكەن. ئۇنىڭ ئون تاجىسىدىن نۇر چاقنايدىكەن، ئۆيىنىڭ تۆت بۇلۇڭىدا قولىغا چالغۇ ئەسۋاب تۇتۇۋالغان تۆت چىرايلىق قىز ئۇيقۇغا كەتكەنىكەن. راپونەنىڭ يېنىدا يىپەك كىيىم كىيگەن، زىننەت بۇيۇملىرى تاقىغان چىرايلىق بىر قىز ياتقانىكەن. ئۇ ئىبلىس دېۋە مايانىڭ قىزى ئىكەن. ھەنۇمانە دەسلەپتە ئۇنى سىدوغا ئوخشىتىپتۇ. بىراق ئۇ: «ھېچقانداق ئادەم زامەگە تەڭ كېلەلمەيدۇ. سىدونىڭ باشقىلارنى ياخشى كۆرۈشى مۇمكىن ئەمەس، بۇ يەردە يېتىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس» دەپ ئويلاپتۇ.

ھەنۇمانە راپونەنىڭ ئون بېشىنى ۋە يوغۇۋالغان يىگىرمە كۆزىنى كۆرۈپ ئىنتايىن قورقۇپ كېتىپتۇ. ئۇ بۇ يەردىن شۇ ھامان چىقىپ كېتىپ، باشقا ئۆيلەرنى ئاختۇرۇپتۇ. ئۇ مەيخانا ۋە ئاشخانىلارغا كىرىپ، ئۇ يەردە ئادەم ۋە ئۇچار قانات، ھايۋانات-لارنىڭ جەسەتلىرىنى كۆرۈپتۇ. ھەنۇمانە سىدونى تاپالماي، رىن-كانىڭ سېپىلىغا چىقىپ، پۇتكۈل شەھەرگە سەپسېلىپ قاراپتۇ. ئۇ ھەممىلا يەردە مېتال ۋە خرۇستالدىن ياسالغان ئۆيلەرنى كۆ-رۈپتۇ. بەزى ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىسىگە تۈزنىڭ پەيلىرى يېپىشتۇرۇلغان بولۇپ، بۇ ھەشەمەتلىك قۇرۇلۇشلار ئۇنىڭ كۆزىگە خىرە كۆرۈ-نۈپتۇ.

ئۇ كۆڭلى يېرىم بولغان ھالدا: «سىدونى قەيەردىن تاپسام بولار؟ رامە مېنى ئۈزۈتۈپ قويغىلى بىر ئايدىن ئېشىپ كەتتى. بىراق سىدونىڭ ھېچقانداق دېرىكىنى ئالالمىدىم» دەپ ئويلاپتۇ. ئۇ مۇشۇنداق قايغۇرۇپ تۇرغاندا، ئۇنىڭ كۆزى بىر ئەشۇكە



www.uyghurkitap.com

ئورمانلىقىغا چۈشۈپتۇ.

ئۇ: «مەن ئۇنى ئاشۇ يەردىن تېپىشىم مۇمكىن» دەپ ئويلاپ، سېپىلدىن چۈشۈپتۇ، سېھىر ئىشلىتىپ، بەدىنىنى كىچىكلىتىپتۇ. ئۇ بىر ئېگىز دەرەخنىڭ ئەڭ ئۇچىغا يامىشىپ چىقىپ تۆت ئەتراپىغا سىنچىلاپ قاراپتۇ. ھەر خىل دەرەخ ۋە رەڭگارەڭ گۈللەرنى، بىرنەچچە ئويۇنخانىلارنى كۆرۈپتۇ. بۇ راپونەنىڭ ھۆر قىزلارنى ئېلىپ بېرىپ كۆڭۈل ئاچىدىغان جايلىرى ئىكەن، ئۇ يەنە بىر پەرىزاتتەك قىزنىڭ چوڭ دەرەخنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئەتراپىدا بىرمۇنچە قورقۇنچلۇق راكشەسلەرنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئايال راكشەسلەر قولىغا تۆمۈر تاياق ۋە نۇر چاقناپ تۇرىدىغان ئەگرى پىچاقلارنى ئېلىۋالغان بولۇپ، قول ئاستىدىكى ئەسىرگە تەھدىت سېلىۋاتقاندەك كۆرۈنۈپتۇ. ھەنومانە ئۇ يەرگە ئاستا بېرىپتۇ. بۇ ئايال ھەقىقەتەن تەڭداشسىز گۈزەل ئىكەن، لېكىن ناھايىتى ئاجىز ۋە ياداڭغۇ كۆرۈنىدىكەن. ئۇنىڭ ئۇزۇن چۈۋۈلۈپ كەتكەن چاچلىرى ئازراقمۇ پارقىرىمايدىكەن، كىيىملىرى كونىراپ يىرتىلىپ كەتكەنىكەن، ھەنومانە ئۇنىڭغا تېخىمۇ يېقىنلىشىپ، ئۇنىڭقايغۇ - ھەسرەتلىك تىنىنشلىرىنى ئاڭلاپتۇ. شەك - شۈبھىسىزكى، بۇ دەل سىدو ئىكەن! شامال ئىلاھىنىڭ ئوغلى ئالدىغا بېرىشقا ئەمدىلا تەمشىلىۋاتقاندا راپونە كېلىپ قاپتۇ. ھەنومانە دەرھال ئۆزىنى تېخىمۇ كىچىكلىتىۋاپتۇ، دەرەخ ئۇستىگە چىقىۋېلىپ پەسكە-قاراپتۇ ۋە ئون باشلىق پادىشاھ بىلەن سىدونىڭ دېيىشكەن گەپلىرىنى ئاڭلاپتۇ. ئون باشلىق پادىشاھ سىدوغا يەنە بىر قېتىم مۇھەببەت ئىزھار قىلىپ:

— ئەي، جانانىم، ماڭا خوتۇن بول، ماڭا تەئەللۇق بولغان ھەممە نەرسە مەڭگۈ ساڭا مەنسۇپ، — دەپتۇ. سىدو ئۇنىڭغا رەددىيە بېرىپ:

— سەن بولساڭ ئەڭ رەزىل، ئەڭ پەسكەش راكشەسە! —

دەپتۇ. راپونە ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ تۇرۇپ:
— مەن ساڭا بىر يىل مۆھلەت بېرىمەن، دەپ قەسەم قىلغان، ھازىر ئون ئاي ئۆتۇپ كەتتى. سېنى يەنە ئىككى ئاي كۇتىمەن. ئەگەر شۇ چاغدا يەنە جاھىللىق قىلىۋەرسەڭ، مېنىڭ ئاشپەزلىرىم سېنى سەككىز پارچە قىلىپ پارچىلاپ، مېنىڭ ناشتىلىقىمغا ئەكېلىپ بېرىدۇ، — دەپتۇ - دە، ئوردىسىغا قايتىپ كېتىپتۇ.
ئون باشلىق پادىشاھ كەتكەندىن كېيىن، كۆزەتچىلىك قىلىۋاتقان ئايال راكشەسەلەر سىدونى قىيناشقا باشلاپتۇ. ئۇلار:
— ئاڭلا، سەن راپونەدىنمۇ ياخشى ئەرنى تاپالمايسەن، رامە ھېچقانچە باي ئەمەس، ئۇنىڭ ئۆمرى قىسقا، ئەكسىچە راپونە رىنكاغا مەڭگۇ ھۆكۇمرانلىق قىلىدۇ، — دەپتۇ.
— لېكىن، ئاشۇ مال - دۇنياسى ئاز، ئۆمرى قىسقا ئادەم مېنىڭ ئېرىم، — دەپتۇ.
ئايال جادۇگەرلەر دەرغەزەپكە كېلىپ، ئەگرى قىلىچلىرى ۋە توقماقلىرىنى ئېلىشىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ كەپتۇ. ئۇلار ۋارقىرىشىپ:
— بىز سېنى دەپ جاپا چېكىۋاتىمىز. بىز سېنى يەۋېتىمىز، — دەپتۇ.
سىدو كۆزىنى مەھكەم يۇمۇپ، رامەنى چاقىرىپتۇ. بۇ ۋەھشى، رەھىمسىز ئايال راكشەسەلەر مۇشۇنداق قاتتىق، يۇمشاق ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، سىدونى تاكى ھوشىدىن كەتكۇچە قىيناپتۇ.
يېرىم كېچە بوپتۇ. سىدو ئۇدۇم دەرىخىنىڭ تۇۋىدە يالغۇز ئولتۇرۇپ يىغلاپتۇ. شىرەمە سىدونىڭ ئالدىغا كەپتۇ. گەرچە شىرەمە ئۇلارغا ئوخشاشلا راكشەسە بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ناھايىتى ئاق كۆڭۈل بولۇپ، سىدو بىلەن ئىنتايىن ياخشى ئۆتىدىكەن. سىدو كۆڭلى يېرىم بولۇپ، مۇنداق دەپتۇ:

— قەدىرلىك شىرەمە، مەن ئەزەلدىن مېكىمگە يامانلىق قىلمىغان، پەرۋەردىگاھ نېمە ئۈچۈن مېنى مۇشۇنداق ئازابلاپ يۈرىدۇ؟ بەزىلەرگە دەرد ئۈستىگە دەرد كېلىدۇ، بەزىلەرگە خۇشاللىق ئۈستىگە خۇشاللىق كېلىدۇ. رامە ئىككىمىز ھەرگىز ئايرىلالمايمىز. رامە ۋە مېنىڭ ئۈنچە - مەرۋايىتلىرىم بولاپ كېتىلدى. تەقدىر ئۇنى دېڭىزنىڭ ئۇ چېتىگە ئېلىپ كەتتى. مەن ئۇنى قانداقمۇ ئۇنتۇپ كېتەي؟ مەن بۇ دۇنياغا كۆز ئېچىپلا، چەنەگەنىڭ قىزى بولۇپ قالدىم. مېنى بۇ ئايال ئالۋاستىلار قاچانغىچە قىينار؟ بەزىدە قېچىپ كەتكۈم كېلىدۇ. بىراق قېچىپ كېتىشكە ئامالىم يوق. رىنكانىڭ تۆت ئەتراپىنى دېڭىز ئوراپ تۇرىدۇ.

ھەنومانە ئۆزى يوشۇرۇنۇپ تۇرغان جايدا تۇرۇپ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپتۇ، ئۇلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپتۇ. شىرەمەمۇ كېتىپ سىدو قالغاندا، ھەنومانە سىدوغا پىچىرلاپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ رامەنىڭ بۇيرۇقى بويىچە سىدونى ئىزدەپ كەلگەنلىكىنى ئېيتقان.



دا، سىدو ھەيران قاپتۇ، لېكىن ئالدىدا تۇرغان مايمۇننى شەكلىـ
نى ئۆزگەرتىپ كەلگەن راپونەمىكىن دەپ گۇمان قىپتۇ. بۇ
چاغدا ھەنومانە رامەنىڭ ئىسمى ئويۇلغان ياقۇت كۆزلۈك ئۈزۈكنى
ئېلىپ كۆرسەتكەندە، سىدونىڭ كۆڭلى ئارامىغا چۈشۈپتۇ. ئۇ
كىيىمىنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇپ قويغان ياقۇتنى ئېلىپ ھەنومانەگە
بېرىپتۇ ۋە ئۇنى رامەگە تاپشۇرۇپ بېرىشنى، ئۇنىڭ تېزرەك
كېلىپ ئۆزىنى قۇتقۇزۇۋېلىشنى ئۆتۈنۈپتۇ.

ھەنومانە سىدو توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئېلىپ، تېزلىكتە
دېڭىزنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۇچۇپ بېرىپتۇ. ئۇ مايمۇنلارغا ئۆزىنىڭ
سىدونى ئىزدەش داۋامىدا بېشىدىن ئۆتكۈزگەن كەچۈرمىشلىرىنى
تەپسىلىي بايان قىپتۇ. ئەنگىتە بىلەن مايمۇنلار يەڭنى شىمايلاپ
تەييارلىنىپ، رىنكاغا بېرىپ سىدونى قۇتقۇزماقچى بوپتۇ. چەپـ
پەن ئۇلارغا بۇ ئىشنى دەرھال رامەگە خەۋەر قىلىپ قويۇشقا
ئاگاھلاندۇرۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلار كېچە ـ كۈندۈز يول
يۈرۈپ ئارقىغا قايتىشىپتۇ.

رامە ھەنومانەنى يىراقتىن كۆرۈپ، دەرھال ئورنىدىن تۇـ
رۇپتۇ. ئۈمىد ۋە ۋەھىمە ئۇنىڭ قەلبىنى چىرمىۋاپتۇ. ئۇنىڭغا
قانداق خەۋەر ئېلىپ كېلەركىن؟ بۇ چاغدا ئۇنىڭ قەلبى زىددىيەت
ئىچىدە قاپتۇ. ھەنومانە رامەگە سىدو توغرىسىدىكى پۈتكۈل ئەھـ
ۋاللارنى بايان قىپتۇ ھەمدە ياقۇتنى رامەگە تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ.
رامە ئۇنى مەيدىسىگە يېقىپ تۇرۇپ، ئاۋازىنى ئىچىگە يۇتۇپ
ئەلەم بىلەن يىغلاپ كېتىپتۇ. ئۇ ھەنومانەگە سىدونىڭ:

— مەن ئالىيجاناب رامەنىڭ ئايالى. ئون باشلىق راپونە
مېنى رىنكاغا بۇلاپ ئەكەلدى. ھازىر يەنە ئىككى ئايلىقلا ۋەرەلىم
قالدى، ئىككى ئاي ئۆتۈشى بىلەنلا ئۆلۈپ كېتىمەن، — دېگەن
سۆزنى قايتا ـ قايتا تەكرارلاتقۇزۇپتۇ. رامە كۆزىگە لىق ياش
ئېلىپ، كۆڭلى قاتتىق پاراكەندە بوپتۇ. ئەمدى بۇ ئىشنى بىر
مىنۇتمۇ كېچىكتۈرۈشكە بولمايدۇ، دېگەن يەرگە كەپتۇ!

www.uyghurkitap.com



رامە چوڭ قوشۇننى باشلاپ رىنكاغا يولغا چىقىپتۇ. ئاسماندا ياخشىلىقتىن دېرەك بېرىدىغان يۇلتۇزلار چاقناپتۇ. ئۇنى كېچە-دىكى مۇقەددەس پەيت، خاسىيەتلىك كۈن دېسىمۇ بولىدىكەن. مۆلچەرگە ئاساسلانغاندىمۇ، بۇ قېتىمقى تەۋەلككۈلچىلىكنىڭ نە-تىجىسىنىڭ ناھايىتى ياخشى بولىدىغانلىقى ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە ئايان ئىكەن. رامە يولغا چىققاندا، ئۆزىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە بىر توپ سىيىر ۋە بىر بۆكەننىڭ تۇرغانلىقىنى، سىيىرلارنىڭ موزاي-لىرىنى ئەگەشتۈرۈۋالغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. يەنە سول تەرىپىدە بىر جەسەتنى ۋە بىر چىلبۆرىنى كۆرۈپتۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى غەلىبە قازىنىشنىڭ ئالامەتلىرى ئىكەن. ۋاقتىمۇ ئۇنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى-دىكى يۇلتۇزغا ماس كېلىدىكەن. بۇ راپونە بىلەن راكشەسلەر-نىڭ گۇمران بولىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدىكەن.

بۇ ھەيۋەتلىك مايمۇنلار قوشۇنى كېچە - كۈندۈز يول مې-ڭىپ، ئۇزۇن ئۆتمەي پايانسىز دېڭىز بويىغا كەپتۇ. ئۇلار شاخ - شۇمبىلار ۋە ياغاچتىن ئۆي ساپتۇ. رامە ۋە لەكشمەنە قۇملۇق ساھىلغا ئورۇنلىشىپتۇ. پايلاقچىلار بۇ خەۋەرنى راپونە-گە يەتكۈزۈپتۇ. راپونەنىڭ ئوردىسىدا، ئون باشلىق پادىشاھنىڭ ئىنىسى ۋىبىسەنە ئاپەتنىڭ يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، ئاكىسىغا سەممىمي نەسىھەت قىلىپ:

— رامە سەن ئۇچۇن چوڭ خەتەر. سەن سىدونى رىنكاغا تۇتۇپ ئەكەلگەندىن كېيىن، كۆپ قېتىم چۇشۇم بۇزۇلدى. تاز-قارا ئۆيىمىزنىڭ ئۈستىدە ئەگىپ يۈردى. چىلبۆرىلەر ھۇۋلاپ ئۇخلاتمىدى. چىرايى بەتبەشىرە جادۇگەر خوتۇن ئۆيمۇئۆي يۈ-رۈپ، ئۆيلەرنى مارىلىدى. ئاكا، بىرمۇنچە شۇملۇق ئالامەتلەرنى كۆردۈم. رامە ئىنتايىن باتۇر ئادەم، ئۇ تەڭداشسىز، — دەپتۇ. راپونە ئۇنىڭغا:

— رامەدىن نېمە ئۇچۇن قورققۇدەكمىز؟ رامە بىلەن مايمۇن سۇچىرىپە نېمە قىلالايتتى؟ — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. راپونە

ئىنىسى ۋىبسەنەنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشلىرىغا پىسەنتىمۇ قىلماپتۇ.

ۋىبسەنە:

«ئاكا! سەن نېمە ئۈچۈن گۈللىنىۋاتقان شەھەرنى ۋەيران قىلماقچى بولىسەن؟ رامەنىڭ خوتۇنىنى رامەگە قايتۇرۇپ بەرسەڭ بولماسمىدى؟! — دەپتۇ. راپونە دەرغەزەپكە كېلىپ:

— قارىغاندا، سەن ۋىبسەنە مېنىڭ ئاكام، مەن سېنىڭ ئىنىڭ بولۇپ قالغان ئوخشايمەن. مەن سېنىڭ نەسىھەتلىرىڭنى ئاڭلىغۇدەكمەن... نەزەرىڭدە سەن بەك ئادالەتلىك، مەن ئادالەتسىز بولۇپ قالغان ئوخشايمەن. سەن ۋىبسەنە بىر ئاددىي ئىنسانىدىن قورقۇپ تىترەپ كېتىۋاتىسەن. مەن مۇنداق ئىنىمنىڭ مەن بىلەن بىللە تۇرۇشىنى خالىمايمەن. ۋىبسەنە، كۆزۈمدىن يوقال، ھېچقانداق قارار چىقارمايمەن. ئۇرۇشتىن باشقا تاللاش يولۇم يوق، — دەپتۇ.

ئاق كۆڭۈل ۋىبسەنە يەنە:

— ئالىيلىرى، بىر نادان ئادەم كۆز ئالدىدا ئىلاھ تۇرسىمۇ، ئۇنى كۆرەلمەيدۇ. مېنىڭ قاتتىق ئېچىنىدىغىنىم، پۈتكۈل رەكشەسە مىللىتى سېنىڭ گۇناھىڭ تۈپەيلىدىن يوقىلىپ كېتىدىغان بولدى، — دەپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان رىنكا پادىشاھى غەزەپلەنگەن ھالدا مۇنداق دەپتۇ:

— مەن چۈشىنىمەن، ۋىبسەنە، جەمەتىمدىكىلەرنىڭ كۆڭلىنى ناھايىتى ياخشى چۈشىنىمەن. ئەگەر بىر ئادەم خەتەرگە يولۇقسا، ئۇنىڭ جەمەتىدىكىلەر شۇنداق خوش بولىدۇ. بىراق، ناۋادا ئۇلار ئۆز ئىچىدىكى بىرسىنىڭ بېيىپ بەختلىك ئۆتۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالسا، ئۇنىڭغا ھەسەت قىلىدۇ. ئۇلار ئەزرائىلغا كەلگەندەك قورساقلىق قىلىدۇ - يۇ، بىراق، باشقىلارنىڭ بېيىپ راھەت كۆرۈشىگە يول قويمايدۇ. ئۇلار ھەمىشە باشقىلاردىن

سەۋەنلىك ئىزدەيدۇ. سەۋەنلىكنى تېپىپلا قالسا، بىر ئامال قىلىپ ئۇنى يوقىتىشنىڭ كويىدا بولىدۇ. بىر ئادەمنىڭ ئۆز جەمەتىدىكىلەر بىلەن بىر يەردە بولۇشى خەتەرلىك. يوقال رىنكادىن، دەرھال كەت!... ۋىبسەنە ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ:

«ئىي رىنكانىڭ ھۆكۈمرانى، شۇ نەرسە ئېسىڭدە بولسۇنكى، سەندىن ئايرىلسا، ئۇلارنىڭ كۆڭلى ئىنتايىن يېرىم بولىدۇ. مەن كۆڭۈل يېرىمچىلىك ئىچىدە كېتىپ قالىمەن. چۈنكى ئەقىللىق



ئادەم ئوت كەتكەن ئۆينى تاشلاپ كېتىدۇ. مەن ھازىر رامەننىڭ قېشىغا كېتىمەن، — دەپتۇ.

ۋىبسەنە راپونە بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن، ھاۋاغا ئاستا - ئاستا كۆتۈرۈلۈپتۇ. تۆت ۋەزىر سەپەرگە ئۇنىڭ بىلەن بىللە مېڭىپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇلار رىنكادىن خېلىلا يىراقلىشىپ كېتىپتۇ، بىراق كۆڭلى قايغۇ - ھەسرەتكە چۆمۈپتۇ.

ۋىبسەنە ھەمراھلىرىغا مۇنداق دەپتۇ:

— ئاكام خەتەرگە يولۇققاندا ئۇنىڭدىن ئايرىلىدىغان بولدۇم. ناۋادا رامەننىڭ قېشىغا ھازىر بارسام، نادانلار ماڭا بەتنام چاپلايدۇ. شۇڭا مەن راپونە ئۆلۈپ كەتكەندىن رامەنى ئىزدەيمەكىن دەيمەن. ھازىر مەن ۋاقتىنچە بىر خىلۋەت جاينى تېپىپ ئورۇنلىشىپ، ئۇنى كۆڭلۈمدە ئەسلەپ تۇرماقچى بولۇۋاتىمەن. مەن مۇشۇنداق ئويلىساممۇ، تېخىچە بىر قارارغا كېلەلمەيۋاتىمەن. ئېيتىڭلارچۇ، مەن زادى قانداق قىلسام بولار؟ مېنىڭ تېخى يەنە بىر پىلانىم بار، بايلىق ئىلاھى كوۋىرە ناھايىتى ئەقىللىق، ناھايىتى ئاق كۆڭۈل ئادەم. ئۇنىڭ ئەخلاق - پەزىلىتى بەك ياخشى بولغاچقا، ئىلاھ شىۋە ئۇنى ئۆزىگە دوست تۇتقان. ئۇ بىزگە يول كۆرسەتسۇن!

ئۇنىڭ ھەمراھلىرى:

— بۇ ناھايىتى ياخشى ئامال بوپتۇ، — دېيىشىپ ئۇنىڭ پىكرىنى قوللاپتۇ.

شۇنداق قىلىپ ئۇلار كەيلاسە شەھىرىگە بارغۇچە داۋاملىق ئىلگىرىلەپتۇ. ئىلاھ شىۋە ھىمالايا تېغى ئەتراپىدا تۇرغان بولۇپ، ئۇ بۇ ئەھۋاللاردىن پۈتۈنلەي خەۋەردار ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ خوتۇنى بىلەن بىر بۇقىغا مىنىپ، كوۋىرەنىڭ يېنىغا كېلىپ، ۋىبسەنەنى كۈتۈۋالماقچى بوپتۇ.

ۋىبسەنە ئىلاھ شىۋە بىلەن كوۋىرەنىڭ سارايىدا تۇرغانلىقىنى يىراقتىن كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال بوپتۇ. ۋىبسەنە ۋارقىراپ

تۇرۇپ:
— بەك ياخشى بولدى. مەن كىمنى كۆردۈم؟ شىۋەنى كۆر-دۈم، سىز ئەۋلىيا ـ ئەنبىيالارمۇ كۆرۈشكە تەشنا بولغان شىۋە، بىر ئادەمنىڭ ئۆتمۈشىنى ۋە كەلگۈسىنى بىلەلەيدىغان شىۋە. ھازىر ئۇ بىزنىڭ ئالدىمىزدا تۇرۇپتۇ، مەن ھەقىقەتەنمۇ بەختلىك ئىكەنمەن!
ۋىبسەنە ئۆزىدىكى گاڭگىراشلارنى شىۋەگە ئېيتقاندىن كې-يىن، شىۋە ئۇنىڭغا:
— ئەرزىمەس خىياللارنى قىلىپ نېمە قىلىسىز؟ بېرىڭ، دەرھال رامەنىڭ يېنىغا بېرىڭ، كىشىلەرگە بەخت يارىتىڭ، — دەپتۇ. ۋىبسەنە ئىلاھ شىۋەنىڭ يولىيۇرۇقىنى ئالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى چىگىشلەر يېشىلىپتۇ. ئۇلار خۇشال ھالدا رامە تۇرغان جايغا مېڭىپتۇ.
ئۇرۇش باشلىناي دېگەندە، رىنكا دۆلىتىدىن پاناھ ئىزدەيدى-غانغا تۇيۇقسىز بىرقانچە كىشى كېلىپ قاپتۇ. سۇچىرىپە ئۇلارنى پايلاقچى دەپ گۇمان قىلىپ، دەرھال ئۆلتۈرۈۋېتىش تەكلىپىنى بېرىپتۇ. بىراق، رامە ۋىبسەنەنىڭ نىيىتىنىڭ خالىس ئىكەنلىكى-نى چۈشىنىپ، مايمۇن پادىشاھىغا دوستلاردىن گۇمان قىلماس-لىق توغرىسىدا نەسىھەت قىپتۇ. رامە لەكشمەنەنى دېڭىز سۈيى ئەكېلىشكە بۇيرۇپتۇ ۋە ئۇنى ۋىبسەنەنىڭ بېشىغا تۆكۈپ، تاج كىيدۈرۈپ، ئۇنى پادىشاھلىققا تەيىنلەش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپتۇ ھەمدە ۋىبسەنەنى جامائەت ئالدىدا راكشەسەنىڭ پادىشاھى دەپ جاكارلاپتۇ. مايمۇنلار ئۇن ھارۋۇلىق پادىشاھ شاھزادىسىنىڭ كۆڭلى ـ كۆكسىنىڭ كەڭلىكىنى ۋە ئەقىل ـ پاراسىتىنى قىز-غىن مەدھىيىلەپتۇ.
كۆز يەتمەيدىغان پايانسىز دېڭىز مايمۇنلار قوشۇنىنىڭ ئالدى-نى توسۇۋاپتۇ. بۇ پايانسىز دېڭىزدىن قانداق ئۆتۈش كېرەك؟ ۋىبسەنە دېڭىز ئىلاھىدىن ياردەم سوراش تەكلىپىنى بېرىپتۇ.

رامە مۇشۇ ئىشنى دەپ دېڭىز بويىدا ئۈچ كۈن تۇرۇپتۇ. تۆتىنچى كۈنى دېڭىز ئىلاھى رامەگە:

— مۇشۇ زېمىن، شامال، ئاسمان ۋە سۇ ھەممە قۇياش نۇرىنىڭمۇ ئۆزىگە خاس خاراكتېرى بولىدۇ. مېنىڭ خاراكتېرىم مۆچەرلىگىلى بولمايدىغان چوڭقۇرلۇقتا ئىپادىلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن ئۆتكىلى بولمايدۇ. ھۈنەر ئىلاھىنىڭ ئوغلى نەرەلا دېڭىز ئۈستىگە كۆۋرۈك سالالايدۇ. سەن ئۇنىڭغا كۆۋرۈك ياساپ مېنىڭ ئۈستۈمدىن ئۆتۈشكە بۇيرۇق بەر، — دەپتۇ.

دېڭىز بويىدا ئورمانلىق بولۇپ، مايمۇنلار دەرەخلەرنى كېسىپ دېڭىزغا تاشلاپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي دېڭىز ئۈستى ياغاچلار بىلەن توشۇپ كېتىپتۇ. ئۇلار گرانت تاشلارنى ياغاچ ئۈستىگە تاشلاپتۇ، ياغاچلارنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ كۆۋرۈك ياساشقا باشلاپتۇ. مايمۇنلار ئۇنى ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەپتۇ. شامال ئىلاھىنىڭ ئوغلى تاغ چوققىلىرىنى يىقىتىپ مۇرىسىگە ئېلىپ نەرەگە يەتكۈزۈپ بېرىپتۇ... يۈز يوجەنلىك كۆۋرۈك بىر ئايغىچە پۈتۈپتۇ.

رامەنىڭ مايمۇنلار قوشۇنى تېزلىكتە كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ، رىنكاغا قارا يولغا چىقىپتۇ. چوڭ قوشۇن ئۆتكەندە يەر جاھان زىلزىلىگە كەپتۇ. ئۇلار گويا قارا بۇلۇتقا ئوخشاش ھەممە يەرنى قاپلاپ رىنكاغا يوپۇرۇلۇپ كەلگەندە، راكشەسەلەر يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كەتكۈدەك قورقۇپ، ئالدىرىغىنىچە راپونەنىڭ ئالدىغا كەپتۇ ۋە: «رامە دېڭىزدىن ئۆتتى!» دېيىشىپتۇ. راپونە تۆت ئەتراپىغا قاراپ، «ئوت كۆز» دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئەشەددىي دۈشمىنى چاقىرىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا بارلىق مايمۇنلارنى كۆيدۈرۈپ كۈلگە ئايلاندۇرۇۋېتىش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرۈپتۇ.

شۇنداق قىلىپ «ئوت كۆز» دەپ ئاتىلىدىغان بۇ راكشەسە ئۆزىنىڭ قورقۇنچلۇق كۆزىنى ئېچىۋېلىپ، ئۈستى خۇرۇم بىلەن يېپىلغان ئۇرۇش ھارۋىسىغا ئولتۇرۇپ، كۆۋرۈك تەرەپكە مېڭىپ

كېتىپتۇ. ۋېسسەنە:

— ئالىيلىرى، «ئوت كۆز» ئۇرۇش قىلىشقا كەپتۇ. ئۇنىڭ كۆزىدە سېھرىي كۈچ بار. كۆز ئالدىدىكى بارلىق ئادەملەرنى كۆيدۈرۈپ كۈلگە ئايلاندۇرۇۋېتەلەيدۇ، — دەپتۇ. رامە:

— ئۇنداقتا ئادەملىرىمىزنى قانداق قۇتقۇزىمىز؟ — دەپ سوراپتۇ. ۋېسسەنە:

— ئەينەكنى ئوقيانىڭ ئۈستىگە قويۇپ، «ئوت كۆز»گە قارىتىپ ئاتىسىز، ئۇ ئەينەكتىن ئۆزىنىڭ يۈزىنى كۆرسىلا تۈگە-شىدۇ، — دەپتۇ.

رامە ئالاھىدە گۆھەرلەردىن تۈمەنلىگەن كىچىك ئەينەك يا-ساپ، شۇ ئەينەكلەر بىلەن بۇ قەبىھ دۈشمەنلەرنى قارىغا ئاپتۇ. ئىبلىس دىۋىلەر ئۇنىڭ قورقۇنچلۇق كۆزىگە تېگىپ قويۇلغان نەرسىلەرنى يۆتكەۋاتقاندا، «ئوت كۆز» ئەينەكتە ئۆزىنىڭ شولى-سىنى كۆرۈپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ ئوت كۆزى شۇ ھامان ئۆزىنى كۆيدۈرۈپ كۈلگە ئايلاندۇرۇۋېتىپتۇ.

تۈنجى جەڭ غەلىبىلىك ئاخىرلىشىپتۇ. مايمۇنلارنىڭ غەلى-بىنى تەبرىكلەش ئالقىش سادالىرى يەر - جاھاننى لەرزىگە ساپ-تۇ. رامە رىنكا قۇرۇقلۇقىغا چىقىپتۇ. توپ - توپ مايمۇنلار راكشەسە شەھىرىنى قورشىۋاپتۇ. بۇ چاغدا تاڭ ئېتىشقا ئاز قاپتۇ. ئون باشلىق پادىشاھ ئىچى تىت - تىت بولۇپ خاتىرجەم-سىزلىنىشكە باشلاپتۇ. ئۇ راكشەسەلەرنى توپلاپ، ئۇلارغا رىنكا-نى قوغداشقا پەرمان چۈشۈرۈپتۇ. ھەممە يەر ئۇرۇش ئالدىدىكى جىددىيلىك كەيپىياتىغا چۆمۈپتۇ.

كۆرگىلى بولمايدىغان ساماۋىي ئىلاھلار ئاسماندا جىددىي يىغىلىش ئۆتكۈزۈپتۇ.

تەقدىر ئىلاھى ئاق قۇغا مىنىپ، ساماۋىي ئىلاھ ئىندىرە ئۆزىنىڭ پىلىغا مىنىپ، سۇ ئىلاھى ئۆزىنىڭ دېڭىز دىلفىنىغا مىنىپ، شىۋە بۇقىسىغا مىنىپ، بەۋەت ئۆزىنىڭ شىرىغا مىنىپ

www.uyghurkitap.com

بۇ يەرگە كېلىشكە باشلاپتۇ. ئۇلار ئەرشتىكى مۇزىكانتلار ۋە ئۇسسۇلچىلارنى باشلاپ، يەر ئۈستىدە قويۇلماقچى بولغان تىل-تىرنى كۆرۈشكە كەپتۇ.

شىۋەنىڭ ئايالى بەۋەت ئارقىغا ئۆرۈلۈپ ئېرىنى ئەيىبلەپ:

— ھەقىقەتەن چۈشەنمىدىم، سىز مۇخلىسىڭىز راپونەنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ تۇرۇپ نېمىشقا بىپەرۋا بولۇۋالىسىز؟ بۇنىڭدىن كېيىن، كىممۇ سىزگە ئىززەت - ئىكرام بىلدۈرىدۇ؟ — دەپتۇ. شىۋە كۈلۈپ تۇرۇپ:

— سىز ھەقىقەتەن ئاياللىقىڭىزنى ئىپادىلىدىڭىز، راپونە ئون مىڭ يىل رىيازەت چەكتى، بىراق، ئۇ مەڭگۈ ياشاش بەخت - سائادىتىگە ئېرىشەلمىدى. ھازىر ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆتكۈزگەن گۇناھى تۈپەيلى، ھالاكەت يولىغا ماڭدى. قوغداش ئىلاھى ۋىشنو ئون ھارۋىلىق پادىشاھنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، رامەنى قايتىدىن دۇنياغا كۆز ئاچقۇزدى. ئۇ كۆۋرۈك سېلىش مۇمكىن بولمايدىغان دېڭىز ئۈستىگە كۆۋرۈك سالدى. ھازىر ئۇلار راپونەنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلدى. ھازىر راپونەنى قانداق قۇتقۇزغىلى بولىدۇ؟ مېنى ئۇنداق ئەرزىمەيدىغان گەپلەر بىلەن ئەيىبلىمەڭ، بەۋەت مېنىڭ راپونەنى قۇتقۇزۇشقا ئامالىم يوق، تەقدىرنىڭ ئىرادىسى بويىچە بولغان ئىشلاردىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدۇ.

شىۋە بىلەن بەۋەت تالاش - تارتىش قىلىۋاتقاندا، بۇ ئىش ئىلاھلارغا كۈلكىلىك تۇيۇلۇپتۇ. چۈنكى، راپونەنىڭ ئۇزاق ئۆتمەي ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقى ئۇلارغا ئايان ئىكەن.

## يەتتىنچى قىسسە

# غەيرىي ئۇرۇش - رامەنىڭ راپونەنى جازالىشى

ئۇرۇش ئالدىدا ھەر ئىككىلا تەرەپ جىم بولۇپ كېتىپتۇ، بەش كۇنگىچە ئازراقمۇ شەپە بولماپتۇ، راكشەسەلەر قوشۇنى ھۇجۇمغا ئۆتمەپتۇ. مايمۇنلار قوشۇنىمۇ ھۇجۇم قىلماپتۇ. رامە:

— ۋىبىسەنە، راپونە نېمە ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىشقا چىقمايدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئالىيلىرى، ئۇ جەزمەن بىزنىڭ قوشۇنىمىز پەيدا قىلغان شاۋقۇن - سۇرەندىن ئەس - ھوشىنى يوقاتقان گەپ. ئەڭ ياخشىسى، بىر ئەلچى ئەۋەتىپ بۇنى ئىسپاتلاپ باققان بولسىلا.

ئەمگەتو چاقىرىپ كېلىنىپتۇ. رامە ئۇنىڭغا:

— بىز سىلەرنىڭ بىزگە ئەلچى بولۇپ، راپونە بىلەن كۆرۈشۈپ، غەرىزىمىزنى ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپ قويۇشىڭىزنى، راپونەنىڭ ھەرىكىتىنى بايقاپ كېلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمىز، — دەپتۇ.

ئەمگەتو چاقناپ تۇرغان نۇرغا ئوخشاش ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ ناھايىتى تېزلىكتە راپونەنىڭ ئوردىسىغا يېتىپ بېرىپتۇ.

ئۇن باشلىق مەلئۇن پادىشاھ ھەيۋەتلىك قىياپەتتە تەختتە ئولتۇرغانىكەن. ئۇنىڭ ئەتراپىدا تۇرغان ۋەزىر - ۋۇزرالىرى ۋە دوستلىرى بىر - بىرىدىن قامەتلىك، كۈچ - قۇدرەتلىك ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ھېچقانداق قورال زەخىملەندۈرەلمەيدىغان مەھادىرە، پىلغا مىنىپ يۈرىدىغان «قورقماس باھادىر»، ئاتقا

مىنىپ يۈرىدىغان «كۆلرەك كۆز» ، تېلشىرەنىڭ بىرلىيانت بىلەن بېزەلگەن هارۋىغا ئولتۇرۇپ يۈرىدىغان ئوغلى قاتارلىقلار بار ئىكەن. ئوردىدا يەنە ئىككى «ئەقىل چولپىنى» مۇ بار ئىكەن. ئۇلار ئەجەل ئىلاھىنىڭ ئەلچىلىرى ئىكەن يەنە پالۋان كۇنبەگەنىڭ ئىككى ئوغلىمۇ بار ئىكەن. «چاقماق چىش» مۇ كەلگەنىكەن يەنە ئۈچ ئالەمنىمۇ قورقىتىپ غال - غال تىترىتەلەيدىغان ئىندىرەكتىمۇ پادىشاھ دادىسىنىڭ ئالدىدا هۆرمەت - ئېھتىرام بىلەن ئۆرە تۇرىمىش. راپونە مۇنداق دەپتۇ:

— ئادەم ۋە مايمۇنلار مېنى ئۆلتۈرۈشكە كەپتۇ. رامە ئاغزىدىن سۈت تېمىپ تۇرىدىغان بىر بالا، مايمۇنلارنى بوۋاقلار دېسەكمۇ بولىدۇ. ئۇلار مېنىڭ بوش ئەمەسلىكىمنى بىلىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ مەن بىلەن ئۇرۇشقۇسى يوق. ئەگەر كىمىكى رامە ۋە لەكشمەنەنى ئۆلتۈرەلىسە، مەن ئۇنىڭغا قىممەت باھالىق سوۋغات ۋە شان - شۆھرەت ئىنئام بېرىمەن.

راپونەنىڭ گېپى تۈگىشى بىلەنلا، راكشەسە سانغۇنلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، ۋارقىرىشىپ ئۇرۇشقا قاتنىشىشنى تەلەپ قىلىشىپتۇ. ئۇلار هاكاۋۇرلۇق بىلەن قوراللىرىنى كۆتۈرۈشۈپ، هېچكىمنى كۆزگە ئىلمىغان قىياپەتتە ئۆزلىرىنى ماختاپ پو ئېتىشىپتۇ.

دەل مۇشۇ ۋاقىتتا باتۇر ئەمگەتو ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پەيدا بوپتۇ. ئۇنىڭ قامىتى تاغدەك چوڭ، ئىككى كۆزى يۇلتۇزلاردەك چاقناپ تۇرىدىغان بولۇپ، بېشى تاغقا تاقىشىدىغان هالەتتە كۆرۈنىدىكەن. راكشەسەلەرنىڭ قاراۋۇللىرى ئۇنى كۆرۈپ خۇددى مۇشۈكنى كۆرگەن چاشقاندەك قېچىپ كېتىشىپتۇ. ئەمگەتو بىر تېپىك بىلەن ئوردىنىڭ دەرۋازىسىنى ئېچىپ، ئىچىگە كىرىپتۇ. ئۇ بىر سەكرەپلا راكشەسەلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا چۈشۈپ، قۇيرۇقىنى يىغىپ ئورۇن راسلاپ ئۇستىگە ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ تۆت ئەتراپقا قاراپ، مەلئۇن پادىشاھ راپونەنىڭ ئىنتايىن خاپا قىياپەتتە



تەختتە ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ.

راكشەسەلەر ئۆز ـ ئۆزىگە:

— پەرۋەردىگاھ، ئۇ زادى كىم بولغىيتتى؟ — دېيىشىپتۇ. سانغۇنلار ئەمگەتونىڭ پەۋقۇلئاددە ئېگىز قامىتىگە ئۇن ـ تىۋىش قىلماي قارىشىپ قاپتۇ.

راپونە سېھرىگەر ئىكەن. ئۇ ناھايىتى ئۇستاتلىق بىلەن ئەمگەتونىڭ كۆزىگە بىرلا راپونەنى ئەمەس، مىڭلىغان، تۈمەنلىگەن راپونەنى كۆرسىتىپتۇ. ئۇنىڭغا ئەتراپتىكى رەكشەسەلەرنىڭ ھەممىسى ئۇن باشلىق، يىگىرمە قوللۇق، ئوت چاقناپ تۇرىدىغان يىگىرمە كۆزلۈك بولۇپ كۆرۈنۈپتۇ. شۇ سورۇندىكىلەرنىڭ ھەممىسى راپونەنىڭ قىياپىتىگە كىرىۋاپتۇ. پەقەت ئىندرەگىتلا ھېچقانداق ئۆزگەرمەپتۇ. ئۇ دادىسىنىڭ قىياپىتىگە كىرىۋېلىشتىن خىجىل بوپتۇ. ئۇ ھېلىلا: «ئورمان ئايال ئىلاھى» نىڭ قېشىدىن قايتىپ كەلگەن بولۇپ، چېكىسىگە ئايال ئىلاھ نەزىرگاھىدا كۆيگەن ئوتنىڭ كۈلى سۈركەلگەنىكەن. ئۇ ئايال ئىلاھنىڭ ئىخلاسمەن مۇرىتى ئىكەن. ئەمگەتو ئۇنى شۇ ھامان تونۇۋاپتۇ.

— ئېيتقىنا ئىندرەگىت، بۇ رەكشەسەلەرنىڭ ھەممىسى سېنىڭ داداڭمۇ؟ — دەپتۇ ئۇ ئۇنىڭ يېنىرىغا تېگىپ يەنە، — ماڭا ئېيتقىنا، داداڭنىڭ قوۋۇرغىغا يۆگىلىپ قالغان زادى كىم؟ ... دىمەكچى بولغىنىم، ئۆزى ئەۋلىيا بولۇۋېلىپ رامەنىڭ خوتۇنىنى ئوغرىلاپ كەتكەن كىم؟ مېنىڭ ئىزدىمەكچى بولغىنىم، سېنىڭ ھېلىقى داداڭ ... — دەپتۇ.

ئەمگەتو راپونەنىڭ يۈزى تۆكۈلىدىغان بۇرۇنقى بەدبەشىرە ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى دەۋېتىپتۇ، بۇنىڭغا رەكشەسەلەر پادىشاھى تاقەت قىلىپ تۇرالماپتۇ. ئۇ ئۇياتقا قېلىپ ئۆزىنىڭ سېھرىنى يىغىۋېلىپ، ئەمگەتوغا ۋەھشىيانە قىياپەتتە تىكىلىپتۇ. ئۇ ۋارقىراپ تۇرۇپ:

— سەن زادى كىم؟ سېنى بۇ يەرگە ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرگىلى كىم ئەۋەتتى؟ ئورمانلىقتىكى ياۋايى مايمۇنلار نېمە ئۈچۈن رەكشەسە دۆلىتىگە كەلمەكچى بولىدۇ؟ سەن ئەبلەخنىڭ ئىسمى زادى نېمە؟ قايسى دۆلەتتىن كەلدىڭ؟ قورقما، راست گەپ قىلىدىغان بولساڭلا سېنى ئۆلتۈرمەيمەن، — دەپتۇ. ئەمگەتو:

— ۋاي مۇتىھەم، ئۆزۈڭ قانداق نەرسە ئىدىڭ؟ سەندىن قورقۇپ قالامتىم؟ رامە رىنكانى قورشاپ بولدى. ئۆزۈڭ نېمە ئۈچۈن شەھەرگە بېكىنىۋالدىڭ؟ نېمە ئۈچۈن سىرتقا چىقمايسەن؟ سېنىڭ بۇ قېتىمقى رەقىبىڭ قۇياش ئىلاھى ئەمەس، سۇ ئىلاھىمۇ ئەمەس، بەلكى رامە. سېنىڭ پۈتكۈل جەمەتىڭ ئۆلۈپ تۈگەيدۇ. ئەگەر جېنىڭنى ساقلاپ قالىمەن دېسەڭ، سىدونى تەخترىۋانغا ئولتۇرغۇزۇپ يولغا سېلىۋەت. سەن ئۆزۈڭ رامەنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ تۇرۇپ گۇناھىڭغا توۋا قىل، بىزمۇ جەزمەن ئارىغا چۈشۈپ، ئۇنىڭدىن گۇناھىڭنى كەچۈرۈۋېتىشنى ئۆتۈنىمىز، — دەپتۇ. راپونە دەرغەزەپكە كېلىپ:

— مايمۇن، ئىلاھىم ئاغزىڭغا كۈل تىقىلىپ، زۇۋان سۇرەلمەي قالارسەن. سەن نېمە ئۈچۈن گۇناھىمنى تىلەيدىغانغا ئارىغا چۈشىسەن؟ مەن ئۆلۈپ كېتىشكە رازىمەنكى، ھەرگىز تەسلىم بولمايمەن، — دەپتۇ.

راپونە ئاچچىقىدىن بوغۇلۇپ گەپ قىلالماي قېلىپ، غالجىرلاشقان قىياپەتتە ئەتراپىغا قاراپتۇ. قاۋۇل كۈچتۇڭگۇر كەلگەن تۆت رەكشەسە ئەمگەتوغا قاراپ ئېتىلىپ بېرىپ، ئۇنى ئورۇپ يىقىتماقچى بوپتۇ. بىراق، ئۇلار ئۇنى قانداق قىلالايتتى؟ ئەمگەتو قولىنى سوزۇپ ئۇلارنى مەھكەم قۇچاقلىۋاپتۇ - دە، سېپىل ئۈستىگە سەكرەپ چىقىپ، تۆت رەكشەسەنى يەرگە تاشلاپ، ئۇلارنىڭ مېڭىسىنىڭ قېتىقىنى چىقىرىپ، ئۇستىخانلىرىنى سۇندۇرۇۋېتىپتۇ، ئارقىدىن ئۇ بىر سەكرەپلا رامەنىڭ ئالدىدا پەيدا بوپتۇ.

ئەمگەتو يۈز بەرگەن ئەھۋالنى رامەگە بايان قىلىپ بېرىپتۇ. رامە ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، ئۇنىڭغا نۇرغۇن سوۋغاتلارنى بېرىپتۇ.

رىنكا شەھىرىدە، قاتتىق غەزەپلەنگەن راپونە ئىندرەگىتقە جەڭگە چىقىشقا بۇيرۇق بېرىپتۇ. ئۇ سەككىز تۈمەن ئوقياچى، ئون مىڭ پىل، يىگىرمە مىڭ ئات، يىگىرمە بەش مىڭ قوراللىق رەكشەسە لەشكىرىنى باشلاپ جەڭگە ئاتلىنىپتۇ. ئۇلارنىڭ سادغۇنلىرى ھەر خىل قوراللارنى ئېلىپ، جەڭ ھارۋىلىرىغا چىقىپ تەييار ھالەتتە تۇرۇپتۇ. ئىندرەگىت دادىسىنىڭ ئەتراپىدا ئۈچ ئايلىنىپ، ھۆرمەت - ئېھتىرام بىلەن ئۇنىڭغا تەزىم قىلىپ، جەڭ ھارۋىسىغا ئولتۇرۇپتۇ.

ئۇ باشلاپ ماڭغان قوشۇن ئىككى مىڭ يوجەنە ئارىلىققا سوزۇلغان بولۇپ، ئۈچ ھەربىي ئوركېستر سەپنىڭ ئالدىدا ھەربىي مۇزىكا چېلىپ مېڭىپتۇ. مۇزىكا ئاۋازى يەر - جاھاننى لەرزىگە سالپتۇ.

رەكشەسەلەر قوشۇنى ئالدى بىلەن شەرقىي قوۋۇققا كېلىپ، دۈشمەنگە يامغۇردەك ئوق ياغدۇرۇپتۇ. مايمۇنلار قورام تاش، ياغاچ ۋە تاشلارنى تاشلاپ، ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇپتۇ. ئىندرەگىت ئەمگەتونى ئىزدەپ ھېچيەردىن تاپالماي، قول ئاستىدىكىلەرنى باشلاپ جەنۇبىي قوۋۇققا قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇ ئۇ يەردە ئەمگەتونى كۆرۈپ، قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ.

— سەن مېنىڭ دادامغا ھاقارەت قىلدىڭ. ھازىر سېنى كىم قۇتۇلدۇرالايدىغانلىقىنى بىر كۆرۈپ باقاي، — ئۇ شۇنداق دەپتۇ - دە، ئوقيانى ئېلىپ كېتىپ، ئوت ئوقيا بىلەن مىڭلىغان، تۈمەنلىگەن مايمۇنلارنى ئۆلتۈرۈپتۇ، ھايات قالغانلىرى قېچىپ كېتىپتۇ. پەقەت ئەمگەتولا قاپتۇ. ئەمگەتو بىر چوڭ قورام تاشنى كۆتۈرۈپ، ئىندرەگىتقا قارىتىپ ئېتىپتۇ ھەمدە غەزەپلىنىپ بىر تېپىپ ئۇنىڭ ھارۋىسىنى پاچاقلاپ، ھارۋىكەشنى



www.uyghurkitap.com

ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. ئىندرەگىت قورقۇپ غال - غال تىترىگەن پېتىچە ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپ قېچىپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ بوشلۇقتا توختاش ئىقتىدارى بار بولۇپ، ئۇ بوشلۇقتا تۇرۇپ جەڭنى كۆزى-تىپتۇ.

باتۇر لەكشمەنە كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن ئېلىشىپتۇ. ئۇ ھەقىقەتەن ھەيۋەتلىك، قۇياشتەك نۇرلۇق، سەلتەنەتلىك كۆرۈنىدىكەن. ئۇ ئەتىگەندىن تارتىپ كەچ كىرگەنگە قەدەر نىشانغا دەل تەگكۈزەلەيدىغان ئوقياسىنى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن ئىشقا سېپتۇ. ئۇنىڭ ھەربىي ماھارىتى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، ئوقيانى قالتىس ئېتىپتۇ. كۆن ئولتۇرغىچە، مىڭلىغان - تۈمەنلىگەن راكشەسەنى ئۆلتۈرۈپتۇ. ساماۋىي ئىلاھلار ئاسماندا بۇنى كۆرۈپ ھەيران قېلىشىپتۇ.

راكشمەنەنىڭ ئالدىدا قانلىق دەريا ھاسىل بولۇپ، ئۇنىڭدىن قىزىل كۆپۈكچىلەر كۆتۈرۈلۈپتۇ. راكشەسەلەرنىڭ قوشۇنى قېچىپتۇ.

غايىب بولۇش سېھرىنى ئىشلىتەلەيدىغان ئىندرەگىت ئۆزىنىڭ سان - ساناقسىز لەشكەرلىرىنىڭ ئۆلۈپ كېتىۋاتقانلىقىغا قاراپ، كۆڭلى ئىنتايىن يېرىم بوپتۇ. ئۇ:

— قايسى يۈزۈم بىلەن دادامنىڭ ئالدىغا بارىمەن؟ مېنى ناھايىتى چوڭ ئۈمىد بىلەن جەڭگە ئەۋەتكەن تۇرسا، ھازىر شۇنچە كۆپ لەشكەر ئۆلۈپ كەتتى، بۇنى نېمىدەپ چۈشەندۈرىمەن؟ مېنىڭ يۈزۈم تۆكۈلدى، ئاشكارا ئۇرۇش قىلسام غەلىبە قىلالمايدىكەنمەن. بىراق، مەن شىۋەنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشكەن. غايىب بولۇۋېلىپ دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلسام بولىدۇ، — دەپ ئويلاپتۇ.

ئىندرەگىت مۇشۇ ئىشنى يادىغا ئېلىپلا بۇلۇتلار ئىچىگە غايىب بوپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ كامالەتكە يەتكەن سېھرىي كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، تۆۋەندىكى ئادەملەر ۋە مايمۇنلار بىلەن ئېلىشىپ-

تۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئالتۇن ئوقياسىنى ئۇستىلىق بىلەن ئىشقا ساپتۇ. ئوقيانىڭ ئاۋازى ھەم يۇقىرى، ھەم قورقۇنچلۇق بولۇپ، ئىبادەتخانىلارنىڭ مۇنارلىرىنىمۇ تەۋرىتىۋېتىپتۇ.

ئىندرەگىت ۋارقىراپ تۇرۇپ:

— رامە، لەكشىمەنە! سىلەر مېنىڭ تەڭداشسىز «ئەزرائىدلىم» نىڭ ئۇچۇپ كېتىۋاتقىنىغا قاراڭلار. ئەگەر قۇدرىتىڭلار يەتسە ئۇنى توسۇۋېلىڭلار، — دەپتۇ.

ئوت چىقىرىۋاتقان ئوقيالار رامە ۋە لەكشىمەنەلەرگە قارىتىپ ئېتىلىپتۇ. مايمۇنلار ئۇياق - بۇياققا سەكرەپ يۈرۈپ، ئىندرەگىتنى ئىزدىگەن بولسىمۇ، ئۇنى ھېچقانداق يەردىن تاپالماپتۇ. ئاكا - ئۇكىلار:

— بىزنىڭ ھېچقانداق ئامالىمىز قالمىدى، ئىندرەگىت بۇلۇتلار ئىچىگە يوشۇرۇنۇۋېلىپ بىزنى مەغلۇپ قىلدى. ئۇنىڭ قەيەردە تۇرۇپ بىزگە زەربە بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرەلمىدۇق، — دېيىشىپتۇ. ئۇلارنىڭ بەدىنىنىڭ ھەممىلا يېرىگە ئوقيا تېگىپ، قانلار شۇرقىراپ ئېقىپتۇ...

ئىندرەگىت:

— مەن شۇنچە كۆپ ئوقيا ئاتتىم، بىراق ئۇلار تېخىچە ئۆلۈپ تۈگىمەيۋاتىدۇ، — دەپ غەزەپلىنىپ، ئۆزىنىڭ ئەڭ دەھشەتلىك قورالىنى ئوقيايىغا قويۇپتۇ. بۇ قورالىنىڭ ئىسمى «يىلان ئوقيا» بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئەرۋاھلارمۇ قورقۇپ غال - غال تىترەيدىكەن. ئىندرەگىت بۇ قورالنى دۈشمەنگە قارىتىپ قارىغا ئېلىپ ئېتىپتۇ.

«يىلان ئوقيا» گۈلدۈرمامىغا ئوخشاش دەھشەتلىك ئاۋاز چىقىرىپ، سەككىز مىڭ تۆت يۈز تال زەھەرلىك يىلان پەيدا قىپتۇ. ئۇلار باشلىرى ۋە قىپقىزىل تىللىرىنى چىقىرىشىپ شامالدەك گۈركىرەپ ئۇچۇپتۇ. بۇ زەھەرلىك يىلانلار رامە ۋە لەكشىمەنەنىڭ پۇت - قولى ۋە بويىنىنى مەھكەم چىرماپ باغلاپ

تاشلاپتۇ. ئۇلارنىڭ زەھىرى بەك ئۆتكۈر ئىكەن. ئاكا - ئۇكا ئىككىيلەن چايقالغان پېتىچە يىقىلىپ چۈشۈپ، ھوشىنى يوقىتىپ جەڭ مەيدانىدا يېتىپ قاپتۇ. مايمۇنلار بۇنىڭغا كۆڭلى يېرىم بولۇپ يىغلىشىپتۇ. ئىندرەگىت ئىنتايىن كۆرەڭلىگەن ھالدا قايتىپتۇ. رىنكا شەھىرىدە غەلىبىنى تەبرىكلەپ داقا - دۇمباقلار چېلىنىپتۇ. كوچىلارغا ساندال ئەتىرسى سېپىلىپ، يىپەك پاياندازلار سېلىنىپ، خۇش پۇراق ئەتىر گۇللەر چېچىلىپتۇ.

ساماۋىدىكى ئەۋلىيا - ئەنبىيالار ئەندىشە قىلىشقا باشلاپتۇ. ئەۋلىيالار پادىشاھى ئىندرە شامال ئىلاھىنى چاقىرىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا:

— رامەنىڭ يېنىغا بېرىڭ، ئۇ كارەتەنى ئىسىگە ئالسۇن، — دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن شامال ئىلاھى رامەنىڭ يېنىغا ئۇچۇپ بېرىپ، ئۇنىڭ قۇلىقىغا كۇسۇلداپ تۇرۇپ:

— كارەتەنى تېز ئىسىڭىزگە ئېلىڭ، — دەپتۇ. رامە پۈتكۈل ئەس - يادى بىلەن كارەتەنى ئىسىگە ئاپتۇ.





www.uyghurkitap.com

يىراقتىكى كوشا ئارلىدا، سۇمۇرغ قۇش كارەتە ھېلىلا بىر بوغما يىلاننى يەپ بولۇپ، دېڭىز ساھىلىدا ئاپتاپ سۇنۇپ ياتقاندىكەن، ئۇ تۇيۇقسىز ئۆزىنى چاقىرغان ئاۋازنى ئاڭلاپ قاپتۇ. ئۇ ئېغىزىدىكى بوغما يىلاننى چىقىرىۋېتىپ، ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپتۇ. ئۇ ھاۋادا غايەت زور قاناتلىرىنى قېقىپ ئۇچۇپ، دەھشەتلىك بوران چىقىرىپتۇ. بوراننىڭ تەسىرى بىلەن دەرەخلەر ئۆرۈلۈپ، يىلانلار ۋە قۇرۇت ـ قوڭغۇزلار قورقۇپ ئۇۋىلىرىغا قېچىپ كىرىشىپتۇ. بارلىق قۇرۇت ـ قوڭغۇزلار كارەتەدىن ئىنتايىن قورقىدىكەن. چۈنكى ئۇ ئۇلارنى كۆرۈپ قالسىلا، ئۇلارنى يەۋېتىدىكەن. ئىندرەگىتنىڭ زەھەرلىك يىلانلىرى رامە ۋە لەكشمەنەدىن بوشىنىپ چىقىپ ئالدىراپ ـ سالدىراپ قېچىپ كېتىپتۇ.

كارەتە ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەنگە قانىتىنى ئاستاغىنە تەگكۈزۈپ قويۇپ، ئۇلارنى ساقايتىپتۇ. ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا قايتىدىن كۈچ ـ قۇدرەت ۋە روھ پەيدا بولۇپ، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپتۇ.

مايمۇنلار رامە ۋە لەكشمەنەنىڭ پۈتۈنلەي ئەسلىگە كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ تولىمۇ خۇشال بولۇشۇپتۇ. ئۇلار مەمنۇن بولغان قىياپەتتە ئالقىش ياڭرىتىپتۇ. ئالقىش ساداسى رىنكاغا يېتىپ كەپتۇ. راپونە:

— رامە ئۆلگەن تۇرسا، مايمۇنلار يەنە نېمە ئۈچۈن خۇشال بولۇشىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

راكشەسەلەرنىڭ مۇھاپىزەتچىسى دوكلات قىلىپ:

— ئالىيلىرى، «ئارغامچا يىلان» رامە ۋە لەكشمەنەنى باغلىيالمايدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ كېتىپتۇ، — دەپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان راپونە ئاچچىقىدا تىترەشكە باشلاپتۇ. ئۇ بۇيرۇق بېرىپ «ھېچنېمىدىن قورقماس» دەپ ئاتىلىدىغان ھەيۋەتلىك راكشەسەنى چاقىرتىپ كەپتۇ. راپونە ئۇنىڭغا:

— پالۋان، سەن بىر كۈن ئىچىدىلا ئۈچ ئالەم ئۈستىدىن

www.uyghurkitap.com

غەلىبە قىلالايسەن. سەن بىرىپ بىر تال تانا بىلەن رايە ۋە لەكشىمەنەلەرنىڭ بوينىدىن باغلاپ ئالدىمغا ئەكەل، — دەپتۇ. راپونە «ھېچنېمىدىن قورقماس»نى راسا رىغبەتلەندۈرۈپ، ئۇنى ئۇرۇش قىلىشقا ئەۋەتىپتۇ. «ھېچنېمىدىن قورقماس» ھەشەمەتلىك جەڭ ھارۋىسىغا ئولتۇرۇپتۇ. ئۇنىڭغا تولۇق قوراللانغان سان - ساناقسىز راكشەسەلەر ئەگىشىپتۇ.

راكشەسەلەرنىڭ بۇ باتۇر سانغۇنى يولغا چىققاندا، پۇت - قولىنىڭ غالىلداپ تىترەۋاتقانلىقىنى ھېس قىپتۇ. ئۇ ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا: «بۇ ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى ئەمەس» دەپ ئويلاپتۇ. بىراق، ئۇ ھەرگىز ئىككىلەنمەي، جەڭگىۋار قىياپەتتە ئۇرۇشقا ئاتلىنىپتۇ.

تۇيۇقسىز بىر تازقارا ئۇنىڭ جەڭ ھارۋىسىدىكى بايراقتا شىددەت بىلەن ئېتىلىپتۇ. ئۇنىڭ ئېتى پۇتلىشىپ يەرگە يىقىلىپتۇ. ئۇ ئېتىنى تۇرغۇزۇپ، غەربىي قوۋۇقتىكى توپ - توپ دۈشمەنلىرىگە شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىپتۇ. بۇ ھەقىقەتەنمۇ بىر قانلىق جەڭ بولۇپ، يەردىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ - توزان جەڭگاھنى قاراڭغۇلاشتۇرۇۋېتىپتۇ. قاراڭغۇلۇق ئىچىدە، راكشەسەلەر بىلەن راكشەسەلەر، مايمۇنلار بىلەن مايمۇنلار ئۆزئارا قىرغىن قىلىشىپ، يەرنى قانغا بويىۋېتىپتۇ. مايمۇن سانغۇنلار تېخىمۇ غەيرەتكە كېلىپ، قول ئاستىدىكىلىرىنى باشلاپ باتۇرلارچە جەڭ قىپتۇ، بىراق ئاخىرى يەنىلا قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بوپتۇ. «ھېچنېمىدىن قورقماس» ئوقياسىنى كۆتۈرگىنىچە قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ. مايمۇنلار قوشۇنىنىڭ سەركەردىسى نىرو قېچىپ كېتىپتۇ. باتۇرلارچە كۆۋرۈك ياسىغان ھېلىقى نەرەنىڭمۇ ئىككى كۆزىگە ئوق تېگىپ قارىغۇ بولۇپ قاپتۇ. دەل مۇشۇ چاغدا ھەنۇمانە پەيدا بوپتۇ. ئۇ قاتتىق ھۆركىرىگەن ھالدا:

— ئەبلەخ، سەن قەيەرگە قاچماقچى؟ سەن قول ئاستىمدىكىلەرنى يەڭدىڭ، دەپ قارامسەن؟ سەن جەزمەن مېنىڭ قولۇمدا

ئۆلىسەن، — دەپتۇ.

ئىككىيلەن قاتتىق ئېلىشىپتۇ. ھەنومانەگە دۇشمەنىنىڭ نۇر-غۇن ئوقلىرى تېگىپ، يىقىلىپ بىر پەس ھوشىدىن كېتىپتۇ. بىراق يەنە دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، كۈچلۈك قوللىرى بىلەن چوڭ بىر تۇپ سالا دەرىخىنى يىلتىزىغا قوشۇپ يۇلۇۋېلىپ،



ئالدىغا ئېتىلىپ بېرىپتۇ. دۈشمەن ئاتقان ئۆتكۈر ئوقيالار شالا دەرىخنى پارچە - پارچە قىلىۋېتىپتۇ. ھەنومانە: «مۈنداق قىلىسام بولمىغۇدەك» دەپ ئويلاپ، دۈشمەننىڭ جەڭ ھارۋىسىغا بىردىنلا سەكرەپ چىقىۋاپتۇ.

ھەنومانە «ھېچنېمىدىن قورقماس» نىڭ چېچىنى قامالاپ تۇتۇپ، ئۇنىڭ بېشىنى يەرگە قاتتىق ئۇرۇپ، مېڭىسىنىڭ قېتىقىنى چىقىرىپ، سۆڭەكلىرىنى سۇندۇرۇپ تاشلاپتۇ. مايمۇنلار:

— غەلىبە رامەگە مەنسۇپ! — دەپ ۋارقىرىشىپتۇ.

ۋەزىر - ۋۇزرالار راپونەگە دوكلات قىلىپ:

— ئاڭلىغايلا، رىنگانىڭ ھۆكۈمرانى، «ھېچنېمىدىن قورقماس» يىقىلىپتۇ، — دەپتۇ. راپونە خاتىرجەمسىزلىنىپ، ئۆزىنىڭ قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى ھېس قىپتۇ. ئۇ دۈشمەن بىلەن ئۆزى بىۋاستە ئېلىشىشقا مەجبۇر بوپتۇ. راپونە ئېچىدە:

— مەن يەنە «چاقماق چىش» نىڭ نېمە كارامىتى بارلىقىغا قاراپ باقىپ بىر نەرسە دەي، — دەپ ئويلاپ، ئىقتىدار جەھەتتە كامالەتكە يەتكەن بۇ راكشەسەنى چاقىرتىپ كەپتۇ ھەمدە ئۇنىڭغا ناھايىتى يېقىنچىلىق بىلەن مۇنداق دەپتۇ:

— چاقماق چىش، سەن جەڭ قىلىشتا كامالەتكە يەتكەن. دۇنيادا ھېچقانداق كىشى ساڭا تەڭ كېلەلمەيدۇ. ئەگەر سەن ئوقيانى ئېلىپ جەڭ مەيدانىغا كىرسەڭ، ساماۋىي ئىلاھ ئىندرەمۇ سەن بىلەن قارشىلىشىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. بۇرۇن مەن سېنىڭ ياردىمىڭگە تايىنىپ ئەۋلىيالارنى مەغلۇپ قىلغانىدىم. ھازىر سەن لەشكەرلىرىمنى باشلاپ بېرىپ، رامە بىلەن لەكشمەنى ئۆلتۈرۈۋەت.

ئىبلىس دىۋە «چاقماق چىش» راپونەگە تەزىم قىلىپ تۇرۇپ مۇنداق دەپتۇ:

— پادىشاھ ئالىيلىرى، مەن بېرىپ جەڭ قىلسام، بۇ ئىككى

ئاددىي ئادەم مېنىڭ قولۇمدا ئۆلىدۇ. سۇچىرىپە، شامال ئىلاھى-
نىڭ ئوغلى ۋە مايمۇنلارمۇ جېنىنى ساقلاپ قالالمايدۇ. سىلى
ماڭا دۇئا قىلسىلا، ئوردىدا قېلىپ سىدو بىلەن كۆڭۈل ئاچسىلا.

ئۇ راپونەنىڭ يېنىدىن چىقىپ جەڭ قىلىشقا ھازىرلىق
قىپتۇ. ئۇ ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئوق ئۆتمەس كىيىملەرنى كى-
يىپتۇ، بىرەر كېلىشمەسلىككە ئۇچرىماسلىق ئۈچۈن ئىككى بى-
لىكىگە تۇمار ئېسىپتۇ، ئۇچىسىغا تىغ ئۆتمەيدىغان ساۋۇت،
بېشىغا ئالتۇن دۇبۇلغا كىيىپتۇ، دولىسىغا ئۆتكۈر ئوقيالار قا-
چىلانغان خالتا ئېسىپتۇ. ئۇ بارلىق قورالالارنى ئېلىپ جەڭ
ھارۋىسىغا چىقىپتۇ. بۇ ھارۋىغا ئالتۇن ۋە مەرۋايىت بىلەن
بىزەلگەن ئىگەر - يۈگەنلىك ئات قېتىلىپتۇ. ئۇ يۈز مىڭلىغان
ئوقياچى، ھەر خىل قورالالارنى ئېلىۋالغان تۈمەن مىڭلىغان
راكشەسەلەرنى باشلاپ مېڭىپتۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئاتقا، بەزى-
لىرى ھارۋىغا چىقىۋاپتۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە يىرتقۇچ تەبىئەتلىك
پىللارمۇ بار بولۇپ، ئىگىسى دۈشمەننى كۆرسىتىپ قويسىلا،
ئۇلار ھېچ ئىككىلەنمەستىن بېرىپ ئۇلارنى دەسسەپ چەيلى-
ۋېتىدىكەن.

غەيرىي - غۇيرى ھەربىي مۇزىكا ساداسى ئىچىدە، «چاقماق
چىش» جەڭگە ئاتلىنىپتۇ.

ئۇ يول بويى نۇرغۇن شۇملۇق ئالامەتلىرىنى كۆرۈپتۇ. بىر
سۇپۇرگە يۇلتۇز كۆيگەن پىتىچە ئالدىدىكى ھاۋا بوشلۇقىدىن
ساقىپ چۈشۈپ كېتىپتۇ. چىلبۆرە ئېغىزىدىن ئوت چىقىرىپ،
قورقۇنچلۇق ھۇۋلاپتۇ. ئاتلارنىڭ كۆزىدىن تارام - تارام ياش
ئېقىپتۇ. «چاقماق چىش» شۇنچە كۆپ شۇملۇق ئالامەتلىرىنى
كۆرگەن بولسىمۇ، ئۇ بۇلاردىن ئازراقمۇ قورقماي، مەغرۇر
قىياپەتتە لەشكەرلىرىگە سۆز قىلىپ مۇنداق دەپتۇ:

— بۇ شۇملۇق ئالامەتلىرىنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتمەڭلار.
ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بىرمۇنچە شۇملۇق ئالامەتلىرى ئەمەلىيەت-

تە خەيرلىكنىڭ ئالامىتى بولىدىكەن. گېپىمگە قۇلاق سېلىشقان.
بۇ شۇملۇق ئالامەتلىرى قانچىلىك نېمىيتتى؟ مېنىڭ مۇشۇ ئىك-
كى كۇچلۇك بىلىكىم شۇم ئىشلارنى خەيرلىك ئىشلارغا ئايلاندۇ-
رۇۋېتەلەيدۇ. مېنىڭ ئوقيايىم بارلىق مايمۇنلارنى تېشىپ ئۆتە-
لەيدۇ. مەن رامە ۋە لەكشىمەنەلەرنىڭ گۆشى بىلەن قورسىقىمنى
تويغۇزىمەن. مېنىڭ چىشىم چاقماقتەك ئىتتىك، ئۇلارنىڭ سۆ-
ڭەكلىرىنى چىشلەپ سۇندۇرۇپ تاشلايمەن. قورقماڭلار، مەن
بىلەن مېڭىڭلار، ھەممىمىز جەڭ مەيدانىغا بېرىپ دۇشمەنلەرنى
دەرھال يوقىتايلى. ئۇلارنى قانچە تېز يوقاتساق شۇنچە ياخشى.
چۈنكى شۇ چاغدا ئۆيىمىزگە قايتالايمىز، — «چاقماق چىش»
مۇشۇ گەپلەرنى قىلىپ بولۇپ، غەزەپ بىلەن ۋارقىراپتۇ.
ئۇلار ناھايىتى تېزلىكتە شىمالىي قوۋۇققا يېتىپ كەپتۇ.
سۇچىرىپە دەل ئاشۇ يەردە تۇرۇپ، مۇشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى
كۆرۈپتۇ. ئۆزى ۋە قول ئاستىدىكىلەر تەييارلىقلارنى بالدۇرلا



پۇتكۈزۈپ قويغانىكەن. ئۇلار يولۇۋالغان چوڭ دەرەخلەر ۋە غايەت زور قورام تاشلار بىلەن ئۆزلىرىنى قورالاندۇرۇپتۇ. راكشەسە-لەر قوشۇنى ئۇلارغا يامغۇردەك ئوق ياغدۇرۇپتۇ... غەزەپلەنگەن مايمۇنلار ھۇجۇمغا ئۆتۈپتۇ... بۇ جەڭ ھەقىقەتەن كەسكىن، ئۇ-زۇن داۋاملىشىپتۇ. سۇچىرىپە يوغان دەرەخلەرنى دۈشمەنگە قارى-تىپ ئېتىپ، راكشەسەلەرنىڭ نۇرغۇن لەشكەرلىرىنى ئۆلتۈرۈپ-تۇ، يارىدار قىپتۇ. ئاخىرىدا «چاقماق چىش» چىقىپ ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشىپتۇ. راكشەسەلەرنىڭ بۇ سانغۇنى ئۇزۇن ئۆتمەي جەڭ ھارۋىسىدىن ئايرىلىپ قاپتۇ. «چاقماق چىش» مىخلىق توقماق ۋە كالتەكلەرنى ئېلىپ جېنىنىڭ بارىچە ئېلىشىپتۇ. لېكىن مايمۇن پادىشاھى قورال ئىشلىتىشتە ئۇنىڭدىن چاققان بولۇپ، بىر پارچە چوڭ تاشنى ئۇنىڭغا تەگكۈزۈپتۇ. ئۇ دەلدەڭ-شىگەن پېتىچە يەرگە يىقىلىپتۇ، ئېغىزىدىن بۇلدۇقلاپ قان چىقىشقا باشلاپتۇ. ئارقىدىن ئۇنىڭغا يەنە بىر تاش تېگىپ جېنى-دىن ئايرىلىپتۇ. قول ئاستىدىكىلىرى ئۇنىڭ ئۆلگەنلىكىنى كۆ-رۈپ، ئالاقزادە بولۇپ قېچىپ كېتىپتۇ.

راپونە «چاقماق چىش» نىڭ ئۆلگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلاپ، جەڭگە ئۆزى بېرىشنى قارار قىپتۇ. ئۇ قول ئاستىدىكىلەرنى جەڭ تەييارلىقلىرىنى ياخشى ئىشلەشكە بۇيرۇپتۇ.

راپونە ئۆزىنىڭ ئون بېشىغا پارقىراپ تۇرىدىغان ئون ياقۇت-نى تاقاپتۇ. ئۇنىڭ ھارۋىكىشى نۇرغۇن زىننەت بۇيۇملىرى بىلەن ئالتۇن ھارۋىسىنى بىزەپتۇ. ئالتۇن ھارۋىنىڭ چاقلىرى بىرىل-يانت تاشلار بىلەن بېزىلىپتۇ. ھارۋىنىڭ ئالدىغا بىر تاۋار بايراق قادىلىپتۇ. بايراقنىڭ خادىسى مەرۋايىت، ياقۇتلار بىلەن ياسى-لىپتۇ. راپونە شەمشەر، نەيزە، تۆمۈر كالتەك، مىخلىق توقماق قاتارلىق نۇرغۇن قوراللارنى ئېلىپ جەڭ ھارۋىسىغا چىقىپتۇ. شامال ئىلاھى ئۇنىڭ مۇشۇنداق تەييارلانغانلىقىنى كۆرۈپ، قور-قۇپ ئىزغىرىن شامال چىقىرىپتۇ. قۇياش تۇتۇلۇپتۇ، ساماۋىدى-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



كى ئىلاھلارمۇ ئالاقزادە بولۇپ كېتىپتۇ. قولىغا ئوقيا ئالالايدىغانلىكى راكشەسەلەرنىڭ ھەممىسى راپونەگە ئەگىشىپ جەڭگە قاتنىشىپتۇ. ئۇلار جەڭگىۋار شوئارلارنى توۋلاپ، ئوقيالارنى ئېتىپتۇ. رامە:

— ئاۋۇ نۇر چاقنىتىپ تۇرغان ئەبلەخ كىم؟ — دەپ سوراپتۇ. ۋىبسەنە:

— ئون باشلىق پادىشاھ، ئۇ مېنىڭ ئاكام، ئۇچ ئالەمنى بويسۇندۇرغان راپونە، ساماۋىي ئىلاھلار چوڭ ئاكامنى ياقتۇرۇپ قېلىپ ئۇنىڭغا براھما ياسىغان بىر ھارۋىنى سوۋغا قىلغان. ئۇ ئۆزىنى ھەر خىل شەكىلگە ئۆزگەرتەلەيدۇ. راپونە كوۋىرەنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، بۇ ھارۋىنى ئۇنىڭ قولىدىن تارتىۋالغان. ھازىر ئۇ دەل مۇشۇ ھارۋىغا ئولتۇرۇپ جەڭ قىلىۋاتىدۇ. بۇ ھارۋا يۇزلىگەن، تۇمەنلىگەن ياقۇتنىڭ نۇرىدەك نۇر چىقىرىدۇ. رامە، قاراڭ، ئۇ نېمىدېگەن سەلتەنەتلىك ھە! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. رامە كۇلۇپ تۇرۇپ:

— ھازىر ئون باشلىق پادىشاھنى تونۇۋالدىم، قارىغاندا ئۇ ھەقىقەتەن رىنگانىڭ پادىشاھى بولۇشقا مۇناسىپتەك تۇرىدۇ. بىراق، نېمە ئۇچۇن ئۇنىڭ كاللىسى يامان غەرەزلەر بىلەن توشقان بولغىيدى ـ ھە؟ — دەپتۇ.

مايمۇنلار پادىشاھى سۇچىرىپە راپونەنى كۆرۈپ قاتتىق غەزەپلىنىپتۇ. ئۇ بىر پارچە قورام تاشنى ئېلىپ، بېشىدىن بىرقانچە قېتىم ئايلاندۇرۇپ، راكشەسەلەر پادىشاھىغا قارىتىپ ئېتىپتۇ. راپونە ئاچچىقلىنىپ ئون ئوقيا ئېتىپ تاشنى كۇكۇم تالقان قىلىۋېتىپتۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئوقيالار تېزلىكتە ئۇچۇپ كېلىپ، سۇچىرىپەنىڭ كۆكرىكىگە قادىلىپتۇ. بۇ قاۋۇل مايمۇن ئۇياق ـ بۇياققا بىر چايقىلىپتۇ ـ دە، دۇشمەنلەرنىڭ ئالدىدىن سەكرەپ چۇشۇۋاپتۇ. رامە غەزەپلىنىپ ئوقيانى ئېلىپ ئاتماقچى بولغاندا، لەكشمەنە ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ:

— بۇ يەردە تۇرۇپ تۇرۇڭ، جانابلىرى، مەن بۇ ئۇن باشلىق يالماۋۇزنى كۆز يۇمۇپ ئاچقۇچە ئۆلتۈرۈۋېتىمەن، — دەپتۇ. رامە:

— راپونە ئۈچ ئالەمنى بويسۇندۇرغان، ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشمەن دەپ قاراملىق قىلما، — دەپتۇ.



بىراق لەكشمەنە ئۇنىڭ گېپىگە كىرمەي، ھۇجۇمغا ئۆتۈپ راپونە بىلەن ئېلىشىپتۇ. ئۇ ئىككىسى ناھايىتى باتۇر پالۋانلاردىن

بولۇپ، ئۇرۇش قىلىشقا ماھىر ئىكەن. راپونە ئىككى يۈز ئوقيا ئېتىپتۇ، لېكىن بۇ ئوقيالارنىڭ ھەممىسىنى لەكشمەنە سۇندۇرۇپ تاشلاپتۇ. ئۇ يەنە لەكشمەنەنىڭ مەيدىسىگە قارىتىپ ئۈچ يۈز ئوقيا ئېتىپتۇ. لەكشمەنەنىڭ پۈتكۈل بەدىنى زەخىملىنىپ كۆزى خىرەلىشىشكە باشلاپتۇ، ئوقيا تۇتقان قولىمۇ بوشاپ كېتىپتۇ، ئۇ بارلىق كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، بىر ئوقيا ئېتىپ، راپونەنىڭ ئوقياسىنى ئۈزۈپ تاشلاپتۇ. ھەش - پەش دېگۈچە راپونە يەنە بىر ئوقيانى ئېلىپ، يامغۇردەك ئوق ياغدۇرۇپتۇ. لەكشمەنە قاتتىق غەزەپلەنگەن ھالدا ئۆزىنىڭ ئوقياسىنى ئېلىپ، دۈشمەنگە قارىتىپ راسا ئېتىپتۇ. بۇ ھەقىقەتەن كەسكىن، شىددەتلىك جەڭ بوپتۇ. ئۇلار ئاتقان ئوت ئوقيا ئاسماننى يورۇتۇپ، قورقۇنچلۇق ھالەتكە كەلتۈرۈپتۇ. ئوقلاردىن چىققان ئاۋازمۇ كىشىلەرنىڭ يۈرىكىنى پوكۇلدىتىۋېتىپتۇ. ئۇلار ئۆز ئارا ھۇجۇم قىلىشىپ، چېكىنىپ ھەيۋەتلىك مەنزىرە ھاسىل قىلىشىپتۇ. كۈن قاراڭغۇلىشىشقا باشلاپتۇ. لەكشمەنەنىڭ ئاتقان ئوت ئوقيالىرى راپونەنىڭ قورالىنى بۇزغاندا، ئۇنىڭدىن ئوت چاقناپتۇ. ئوقيالار گۈلدۈرماميدەك ئاۋاز چىقىرىپ، راپونەنىڭ مەيدىسىگە سانجىلىپتۇ. راپونە ئۆزىنىڭ سېھىرلىك نەيزىسىنى يادىغا ئاپتۇ. ئۇ تۆۋەن ئاۋازدا بىرنەچچە دۇرۇت ئوقۇپ، بىر ۋارقىراپتۇ - دە، نەيزىنى لەكشمەنەگە قارىتىپ ئېتىپتۇ. بۇنىڭدىن ئەرش، پانىي دۇنيا ۋە دوزاخمۇ قورقۇپ كېتىپتۇ. لەكشمەنە ئوقياسىنى سېھىرلىك نەيزىگە قارىتىپ ئېتىپتۇ. بىراق، ئۇنىڭ ئاتقان ئوقياسى راپونەنىڭ ئەڭگۈشتەرىگە تېگىشى بىلەنلا سۇنۇپ كېتىپتۇ. سېھىرلىك نەيزىنىڭ ئۇچۇش سۈرئىتى شامالدىنمۇ تېز بولۇپ، باتۇر لەكشمەنەنى يەرگە يىقىتىپتۇ. بۇ چاغدا شامال ئىلاھىنىڭ ئوغلى ھەنومانە سەكرىگەن پېتىچە ئالدىغا ئۆتۈپ راپونەگە چاقماق تېزلىكىدە بىر مۇشت ئېتىپتۇ. راپونە بېشى قېيىپ، تىك موللاق ئاتقان پېتىچە جەڭ ھارۋىسى ئىچىگە

www.uyghurkitap.com

يىقىلىپ چۈشۈپتۇ، ئاندىن ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ قېچىپ كېتىپتۇ. ئۇلار لەكشىمەنەنى رامەنىڭ ئالدىغا كۆتۈرۈپ ئەكېلىپتۇ. رامە ئىچىدە دۇئا قىلىپ، ئۇنى ھوشىغا كەلتۈرۈپتۇ.

راپونە جەڭ ھارۋىسىغا يەنە بىر قېتىم ئولتۇرۇپ جەڭگە قاتنىشىپتۇ. دەرغەزەپكە كەلگەن رامە ساماۋىي ئىلاھ بەرگەن ئوقياسىنى ئېتىپ، راپونەنىڭ مەيدىسىگە تەگكۈزۈپ ئۇنى يىقىتىپتۇ. رامە ۋارقىراپ تۇرۇپ مۇنداق دەپتۇ:

— بۈگۈن سېنى ئۆلتۈرمەيمەن. مەن لوھور جەمەتىدىن بولغان رامە بولىمەن. تۇنجى كۈنى ھەرگىز دۈشمەن ئۆلتۈرمەيمەن. ئەگەر ھازىر سېنى ئۆلتۈرسەم ئۇرۇش ئاخىرلىشىدۇ. سېنىڭ نۇرغۇن تۇغقانلىرىڭ ۋە دوستلىرىڭ ھازىر يەنىلا ھايات. سېنىڭ تېخى يەنە سان ـ ساناقسىز باللىرىڭ، نەۋرىلىرىڭ بار، مەن ئۇلارنىڭ بىرسىنىڭمۇ ھايات قېلىشىغا ھەرگىز يول قويمايمەن. مەن سېنىڭ ئۇرۇق ئەۋلادىڭغىچە قىرىپ تۈگىتىپ، ئاخىرىدا سېنى يوقىتىمەن. سېنىڭ تەختىڭگە ۋىبسەنە چىقىدۇ.

راپونە جەڭ مەيدانىدىن شەرمەندىلەرچە قېچىپ كەلگەندىن كېيىن بېشىنى ئېگىپ ھەسرەت چېكىپ تەختتە ئولتۇرۇپلا قاپتۇ.

— قاتتىق ھاقارەتكە ئۇچراپ يۈزۈم تۆكۈلدى. بىر ئاددىي ئادەم ئوقيا ئېتىپ مېنى يارىلاندۇردى. مەن پادىشاھ تۇرۇقلۇق مەغلۇپ بولسام، باشقا راكشەسلەردىن نېمە ئۈمىد كۈتكىلى بولىدۇ، — راپونە مۇشۇ ئىشلارنى ئويلاپ، كېيىن قانداق قىلىش توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزۈپتۇ... تۇيۇقسىز ئۇنىڭ يادىغا ئۆز ئىنىسى كۇڭپەگەنە كەپتۇ. بوي تۇرقى جەھەتتە دۇنيادا تەڭدىشى يوق بۇ راكشەسە بىر ئۇخلىسا ئالتە ئايغىچە ئويغانمايدىكەن. بىر يىل ئىچىدە بىرلا كۈن ئويغاق ئۆتىدىكەن. ھازىرغىچە ئۇ بەش ئاي ئۇخلاپتۇ. ئويغىنىدىغانغا يەنە بىر ئاي قاپتۇ. ناۋادا ھازىر زىنكا قولدىن كەتسە، كېيىن كۇڭپەگەنە نېمىمۇ قىلالايتتى؟



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

راپونه قانداق ئىش يۈز بېرىشىدىن قەتئىينەزەر، جەزمەن ئۆز ئىنىسىنى ئويغىتىپ دۆلىتىنى قۇتقۇزۇۋېلىشنى قارار قىپتۇ. راپونه ئۆزىنىڭ ۋەزىر - ۋۇزرالىرى ۋە لەشكەرلىرىگە ۋارقىراپ تۇرۇپ:

— بېرىڭلار، بارلىق ئاماللارنى قوللىنىپ كۈچپەگەنەنى ئويغىتىڭلار. ئۇنى ئويغاتقاندا قاتتىق ئاگاھ بولۇڭلار. بولمىسا جېنىڭلاردىن ئايرىلىپ قالىسىلەر، — دەپتۇ. قول ئاستىدىكىلەرى شۇ هامان پادىشاھنىڭ پەرمانىنى ئىجرا قىلىشقا تۇتۇش قىپتۇ.

ئۈچ مىليون راكشەسە ئالدىراپ - سالدىراپ كۈچپەگەنەنىڭ ئۆيىگە كېلىپتۇ. ئۇلار توپ - توپ كالا، بۇغا، قوي، ئۆچكە ۋە كۆپلىگەن هاراق - شارابلارنى هەمدە دەستە - دەستە خۇش پۇراق گۈللەرنى ئېلىپ كېتىپتۇ.

كۈچپەگەنە ئالتۇندەك نۇر چېچىپ تۇرغان، ئۆگزىسىدە تاۋار بايراق لەپىلدەپ تۇرغان كەڭ، هەيۋەتلىك ساراي ئىچىدىكى ياقۇت كارىۋاتتا ئۇخلاۋاتقانىكەن. ئۇنىڭ هۇجرا ئۆيىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئوتتۇز يوجەنە، كەڭلىكى ئون يوجەنە كېلىدىكەن. ئىشىكىنىڭ كەڭلىكى تۆت يوجەنە، ئېگىزلىكى سەككىز يوجەنە كېلىدىكەن، ئىشىكى تولىمۇ ئېگىز بولۇپ ئىچىدىكىنى هېچكىم كۆرەلمەيدىكەن. مۇشۇنداق ئىشىكتىن تۆتى تۆت تەرەپكە ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، هەرقايسى ئىشىكلەر ئارىلىقىدا نۇرغۇن دېرىزىلەر بار ئىكەن.

كۈچپەگەنە شۇنداق قاتتىق ئۇخلاپ كەتكەنىكەنكى، ئۇنىڭ نەپەس ئېلىشى چىقىۋاتقان بورانغا ئوخشايدىكەن. راكشەسەلەر ئىشىككە يېقىنلاشقان هامان، ئۆي ئىچىگە دەرهال شۇمۇرۇلۇپ كىرىپ كېتىپتۇ ۋە يەنە دەرهال تىنىق بىلەن بىللە چىقىپ كېتىپتۇ. بىرنەچچە راكشەسە ئۇنىڭ بۇرنىغا كىرىپ كېتىپتۇ. راكشەسەلەر تىنىق يەتمەيدىغان بىر بۇلۇڭدىن ناهايىتى چاق-

قان ئۆتۈپ ئۆيگە كىرىۋاپتۇ.

كۆكچەپەگەنە قاتتىق چۈشكۈرۈپتىكەن، ئۇنىڭ ئىغىزى قورقۇنچلۇق ئۆككۈرگە ئوخشاپ قاپتۇ. ئۇنى قانداق ئويغىتىش كېرەك؟ مىڭلىغان، تۈمەن مىڭلىغان راكشەسە يۈزلىگەن، مىڭلىغان دۇمباقلارنى چېلىشقا باشلاپتۇ. كۆپلىگەن ساندال مېيىنى ئۇنىڭ مەيدىسىگە تۆكۈپتۇ. بىراق، بەدەننى سالقىنلاشتۇرىدىغان ساندال مېيى ئۇنى تېخىمۇ قاتتىق ئۇخلىتىۋېتىپتۇ. ئۇلار مىڭلىغان، تۈمەنلىگەن قۇلۇلە قېپىنى كاناي ئورنىدا چېلىپتۇ، بىراق ئۇ يەنىلا توختىماي خورەك تارتىپتۇ، خورەك ئاۋازى بايىقىدىنمۇ كۈچىيىپ كېتىپتۇ. قۇلۇلىدە چېلىنغان ئاۋاز بىلەن خورەك ئاۋازى قوشۇلۇپ، قورقۇنچلۇق ئاۋازغا ئايلىنىپ، رىنكادىكى پۇقرالارنى قورقىتىۋېتىپتۇ. ئۇلار توپ ـ توپ هايۋانلارنى ئېلىپ كېلىپ ئۇنىڭ بۇرنىغا تىقىپتۇ، بىراق ئۇنىڭ چىقارغان تىنىقى بىلەن بۇ هايۋانلار بۇرنىدىن ئېتىلىپ چىقىپ كېتىپتۇ.

ئۇنى ئويغىتىدىغان بارلىق سىناقلار مەغلۇپ بوپتۇ. راكشەسەلەر بۇ ئەھۋالنى دەرھال راۋانەگە دوكلات قىپتۇ. ئۇلار يەنە تېز قايتىپ كېلىپ كۆكچەپەگەنەنى ئۇرۇپ ئويغاتماقچى بولغانلىقىنى ئېيتىپتۇ ۋە كۆكچەپەگەنەنى ئۇرۇۋېلىپ ھەممە تەرەپتىن يۈرەكلىك ئۇرۇشقا باشلاپتۇ. ئۇلار دەرەخلەر ۋە قورام تاشلارنى ئۇنىڭ مەيدىسىگە تاشلاپتۇ، بىلەكلىرى ۋە پۇتلىرىغا ئۇرۇپتۇ. بىرنەچچىسى چوڭ ئامبۇر ئېلىپ كېلىپ بەدىنىدىكى گۆشلەرنى قىسىپ تارتىپتۇ، بەدىنىگە نەيزە سانجىپتۇ، بەزى راكشەسەلەر ئۇنى چىشلەپتۇ، تىرناقلىرى بىلەن تاتىلاپتۇ، بىراق كۆكچەپەگەنە بىرلا ئۆرۈلۈپ قويۇپ، بۇرۇنقىدىنمۇ قاتتىق ئۇخلاپ كېتىپتۇ. ئۇنى قىينىغان راكشەسەلەر بۇنى كۆرۈپ ھەيران قېلىشىپتۇ.

«راھەندو» دەپ ئاتىلىدىغان بىر راكشەسە:

— بۇنداق قىلساق ئۇنى ئويغىتالمىغۇدەكمىز، ئېسىل مەي ـ شارابلارنى ئېلىپ كېلەيلى، گۆش قاينىتىپ، تۇۋاقنى

ياپمايلى، مەي ـ شارابلارنىڭ ھىدى ئۇنىڭ دىمىقىغا ئۇرۇلسا، ئۇ جەزمەن ئويغىنىدۇ، — دەپتىكەن، ئۇلار مۇشۇ ئۇسۇلنى قوللىنىپتۇ. كۇڭپەگەنە قاتتىق چۈشكۈرۈپتۇ. بۇ چۈشكۈرۈك ئاۋازى شۇنداق قاتتىق چىقىپتۇكى، ئاۋازىنىڭ قاتتىقلىقىدىن قۇياش ۋە ئايمۇ قورقۇپ كېتىپتۇ. كۇڭپەگەنە كۆز قارىچۇقىنى بىرنەچچە ئايلاندۇرۇپ، ئورنىدىن تۇرۇپتۇ ـ دە:

— مېنى نېمە ئۈچۈن ۋاقىت توشماستىلا ئويغىتىۋېتىسىلەر؟ — دەپ ھۆركىرەپتۇ.

راكشەسەلەر ئۇنىڭغا پادىشاھ راپونەنىڭ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمەكچى بولغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. كۇڭپەگەنە بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۆزىنى لاپپىدە ئېچىپتۇ.

ئۇلار ناشتىلىق ئۈچۈن دۆۋە ـ دۆۋە يېمەكلىكلەرنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. ئۇ يىگىرمە يەتتە چۆگۈن شارابنى ئىچىۋېتىپتۇ، تاغدەك دۆۋىلەنگەن گۆشلەرنى يەپتۇ. بۇغا، كالا، ياۋا چوشقا دېگەنلەرنى پۈتۈن پېتىچە يۇتۇۋېتىپتۇ. ئۇ بىر ۋاقىتلىق تامىقىغا بىر مىڭ ئىككى يۈز ياۋا چوشقا يەۋېتىپتۇ. كۇڭپەگەنە:

— مېنى ئويغىتىشىڭلاردىكى سەۋەبنى چۈشەندىم. جەزمەن ئىندرە دېگەن ئەبلەخ بىزگە تاجاۋۇز قىلغان گەپ. ئۇ ھەقىقەتەن نومۇسسىز نەرسە ئىكەن. بىز ئۇنى كۆپ قېتىم مەغلۇپ قىلغاندۇق، لېكىن ئۇ يەنە كېلىشكە جۈرئەت قىپتۇ. مەن ئۇنىڭ ئەزرائىلى، مەن ئۇنى يۇتۇۋېتىمەن، — دەپتۇ. بىر راكشەسە:

— ئىندرەنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرمەيلى، ئۇنىڭدا گۇناھ يوق. بىزگە بالايىئاپەت ئېلىپ كەلگىنى ئادەم ۋە مايمۇن. رامە بىلەن سۇچىرىپە باشلاپ كەلگەن مايمۇنلار قوشۇنى بىزنى ۋەيران قىلىۋاتىدۇ. رىنكانىڭ ھۆكۈمرانى ۋە پۇقرالىرى سىزنىڭ كېلىپ قۇتقۇزۇشىڭىزنى كۈتمەكتە. ئاللىيلىرى سىز بىلەن كۆرۈشمەكچى، — دەپتۇ. كۇڭپەگەنە:

— مەن ئاۋۋال دۈشمەنلەرنى مەغلۇپ قىلاي، ئاندىن ئۇن

باشلىق ئاكام بىلەن كۆرۈشەي، — دەپ قويۇپ دەرھال يولغا چىقىشقا تەييارلىق قىپتۇ.

بىر مەسلىھەتچى ئۇنىڭ گېپىگە قوشۇلماي:

— پادىشاھنىڭ پەرمانىنى ئالماي تۇرۇپ قانداقچىسىگە جەڭ قىلىسىز؟ — دەپتۇ. كۇڭپەگەنە:

— مېنىڭ قورسىقىم ئاچ، ئاۋۋال قورسىقىمنى تويغۇزۇپ ئاندىن جەڭگە چىقىمەن، — دەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ راكشەسەلەر يەنە مول يېمەكلىكلەرنى ئېلىپ كەپتۇ. كۇڭپەگەنە ئۇلارنى پۈتۈن پېتىچە يۇتقىلى تۇرۇپتۇ. ئۇلار يېمەكلىكلەرنى ئۆيگە تولدۇرۇۋېتىپتۇ. ئۇ بۇلارنى يەپ تۈگىتىپ-تۇ. ئۇ يەنە توپ - توپ چوشقا، قوي، كالا دېگەنلەرنى پۈتۈنلەي يەپ بوپتۇ، ئۇلارنىڭ قانلىرىنى ئىچىپتۇ.

كۇڭپەگەنە تاماق يەپ بولۇپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇنىڭ تاغدەك بەستى رىنكانىڭ سېپىلىدىنمۇ چوڭ بولۇپ، مايمۇنلار ئۇنى كۆ-رۈپ ئالاقزادە بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇلار ئارقىغا ئۆرۈلۈپ قاچماقچى بولغاندا، ۋىبسەنە ئۇلارنى خاتىرجەم قىلىدىغان گەپلەرنى قىلىپ توختىتىۋاپتۇ. رامە:

— بۇ قاۋۇل قەھرىمان قەيەردىن كەپتۇ؟ قارىغاندا دۇنيادا ئۇنىڭ تەڭدىشى يوقتەك تۇرىدۇ. بۇنداق گىگانت ئادەمنى مەغلۇپ قىلىشنىڭ مۇمكىنچىلىكى بولمىسا كېرەك، — دەپتۇ.

ۋىبسەنە جاۋاب بېرىپ مۇنداق دەپتۇ:

— ئۇ مېنىڭ ئىككىنچى ئاكام، ئۇنىڭ ئىسمى كۇڭپەگەنە. ئۇن باشلىق پادىشاھ جەڭ قىلغاندا برەھمانىڭ شاپائىتىگە تايىنىد-دۇ. بىراق، كۇڭپەگەنە ئۇزۇن كالتەك ئىشلىتىپ، ئۆز غەيرى-تىگە تايىنىپ جەڭ قىلىدۇ. ئۇ ھەش - پەش دېگۈچە ئۈچ ئالەمنى بويسۇندۇرالايدۇ. ئۇ تۇغۇلۇپلا ئانىسىنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ كېلىۋاتقان دېدەك قىزنى يەۋەتكەن، نۇرغۇن كۆيۈمچان ھۆر قىز، راھىب ۋە ئەۋلىيالارنى تىرىك پېتىچە يۇتۇۋەتكەن، ئىندرە ئۇنىڭ

www.uyghurkitap.com



بۇ قىلمىشىدىن غەزەپلىنىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ چاقمىقى بىلەن ئۇرغان، بىراق كۆكپەگەنە ئۇنىڭ چاقمىقىنى يۇتۇۋەتكەن ھەمدە ئۇنىڭ چىشىنى سۇندۇرۇۋەتكەن. ئىندرە ھوشىدىن كېتىپ يې-قىلغان. ئۇ ئۆلمەيدىغان ئىلاھ بولغاچقا، ئۇنىڭ ھاياتى ئامان قالغان.

بىز ئۈچ ئاكا - ئۇكا نۇرغۇن رىيازەت چەكتۇق ۋە ئىبادەت قىلدۇق ھەم بۇنى ئۇزۇن يىل داۋاملاشتۇردۇق. ئاخىرى ئۇلۇغ برەھما بىزگە شاپائەت قىلدى. ئۇ ئالدى بىلەن راپونەگە ئۈچ ئالەمنى بويسۇندۇرالايدىغان كۈچ - قۇدرەت ئاتا قىلدى، ئاندىن ماڭا مەڭگۈ ئۆلمەيدىغان ئامەت ئاتا قىلدى. ئۇ ئەمدىلا كوكپەگە-نەگە شاپائەت قىلماقچى بولۇپ تۇرغان ئىلاھلار ھودۇقۇپ كې-تىپ، دەرھال سۆزمەن ئايال ئىلاھ برەھسەدىنى كۆزگە كۆرۈن-

مەستىن بېرىپ، كۈنپەگەنەنى ئازدۇرۇۋېتىشكە ئەۋەتتى. بىرەھما ئۇنىڭدىن:
— كوڭپەگەنە ساڭا نېمە سوۋغات كېرەك؟ — دەپ سوراپتۇ. ئۇ:
— ماڭا باشقا سوۋغاتنىڭ كېرىكى يوق. مەن ئويغانماي مەڭگۈ ئۇخلىسام دەيمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. بىرەھما:
— تەلىپىڭگە ماقۇل بولدۇم. سەن بۇنىڭدىن كېيىن كېچە ـ كۈندۈز ئۇخلاپ، مەڭگۈ ئويقۇغا كەتكىن، — دەپتۇ.
بۇ چاغدا راپونە بىرەھمانىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ يىغلاپ، ئۇنىڭدىن گېپىنى قايتۇرۇۋېلىشنى تەلەپ قىپتۇ. شۇ. نىڭ بىلەن بۇ ئۇلۇغ ئىلاھ مۇنداق دەپتۇ:
— كوڭپەگەنە پەقەت ئالتە ئاي ئۇخلاپ، ئويقۇسى قانغاندىن كېيىن، بىر كۈنلا ئويغاق تۇرىدۇ. لېكىن، ئۇ تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان كۈچ ـ قۇدرەتكە ئىگە بولىدۇ. ئۇنىڭ ئىشتىھاسى ھەيران قالارلىق دەرىجىدە چوڭ بولىدۇ. ئۇنى ۋاقتى توشماستا ئويغىتىۋەتسە، ئۇ ئۆلۈپ كېتىدۇ.
بىرەھما كېتىشى بىلەنلا، كوڭپەگەنە دەرھال ئۇخلاپ كەتتى. راپونە ئىككىمىز ئۇنى يۇدۇپ ئۆيگە قايتۇرۇپ كەلدۇق. ئالىيلى-رى، ھازىر ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى ئاڭلىدىڭىز، بۇگۈن ئۇ ۋاقتى توشماي ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ سىزنىڭ قولىڭىزدا ئۆلۈپ كېتىدىغان بولدى.
گەپقۇ مۇشۇنداق. لېكىن ئەمەلىيەت قانداق بولار؟
ۋەھىمە ۋە ھودۇقۇش رامە ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلىرىنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغانىدى...
بۇ چاغدا كوڭپەگەنە راپونە بىلەن كۆرۈشمەكچى بوپتۇ. راپونە بۇنىڭدىن ناھايىتى خۇشال بولۇپ ئورنىدىن سەكرەپ كې-تىپتۇ ۋە كۈچ جەھەتتە تەڭداشسىز ئىنىسىنى قىزغىن قۇچاقلاپ-تۇ. كوڭپەگەنە ھۆرمەت ـ ئېھتىرام بىلەن پادشاھ ئاكىسىنىڭ

www.uyghurkitap.com

پۇتىنى سىلاپ، ئاكىسى كۆرسىتىپ بەرگەن ھەشەمەتلىك ئورۇندا ئولتۇرۇپتۇ. كوڭپەگەنە ئۈنىگدىن:

— سەن كىمدىن قورقىسەن؟ سەن بۇير ۇق بەر. مەن ئەجەل ئىلاھىنىڭ يېنىغا كىمنى ئۈزىتىپ قوياي؟ مەن يېنىڭدىلا بولىدىكەنمەن، سەن ھېچكىمدىن قورقماسلىقىڭ كېرەك، مەن بىر ئوتلاپلا دېگىز - ئوكيانىنىڭ سۇيىنى قۇرۇتۇۋېتىمەن، لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوتنى يۇتالايمەن، نەيزەم بىلەن پۈتكۈل يەر شارىنى



پاچاقلىۋېتەلەيمەن. قۇياش ۋە ئاينى چىشلەپ ئېزىۋېتەلەيمەن، دۇنيانى بېشىمغا ئېلىپ كۆتۈرۈپ شارقىراپ ئېقىۋاتقان دەرياغا تاشلىۋېتەلەيمەن. سېنىڭ بېشىڭغا پادىشاھلىق كۇنلۇكىنى تۇتۇپ، ئۈچ ئالەمگە ھۆكۈمرانلىق قىلغۇزىمەن. سەن قانداق بولۇپ مايمۇنلار ۋە ئادەتتىكى ئادەملەر بىلەن ئۇرۇش قىلىدىغان بولۇپ قالدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

راپونە كۇڭپەگەنەگە پۈتكۈل جەرياننى سۆزلەپ بېرىپتۇ. كۇڭپەگەنە مۇنداق دەپتۇ:

— ئۇن باشلىق ئاكا، سەن ماڭا ھەيران قالارلىق بىر ئىشنى ئېيتىپ بەردىڭ. رامە ۋە لەكشمەنەلەرنىڭ ئادەتتىكى ئادەملەردىن بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. رامە قانداقسىگە پايانسىز دېڭىز ئۈستىگە كۆۋرۈك سالىدۇ؟ قانداقسىگە كۆندۈرۈكسىز ياۋايى مايمۇنلار بىلەن يېقىن دوستلۇق ئورنىتىدۇ؟ ئۇ چوقۇم ئادەتتىكى ئادەملەردىن ئەمەس.

راپونە ۋارقىراپ تۇرۇپ:

— ئۇنداقتا، ئۇ نېمە ئۈچۈن زاھىدلار كىيىمىنى كىيىپ ئورمانلىقتا سەرگەردان بولۇپ يۈرۈيدۇ؟ — دەپتۇ ۋە — ياق، ئۇ پەقەت ھارامزادە، قورسىقى ھىيلە - مىكىر بىلەن توشقان ئادەتتىكى ئادەم. ئىنىم ۋىبىسەنە ئەسلىدە ئەقىللىق، ئاق كۆڭۈل ئىدى. لېكىن، ئۇ يەنىلا ئەقلىدىن ئازدى. مەن بىلەن ئۇرۇش - جېدەل چىقىرىپ، پاناھلانغىلى رامەنىڭ يېنىغا كەتتى. ئۇلار رىنكا شەھىرىمگە ئەڭ شىددەتلىك ئۇرۇش قوزغىدى. نۇرغۇن باتۇر راكشەسە سانغۇنلىرىمنى ئۆلتۈردى، ئىنىم، مەن سېنىڭ رىنكا شەھىرىنى ئادەملەر ۋە مايمۇنلار قولىدىن قۇتۇلدۇرۇۋېلىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن.

كۇڭپەگەنە ئۇنى مازاق قىلىپ مۇنداق دەپتۇ:

— سەن قانداق ھەربىي تەدبىر قوللانغانتىڭ؟ ئۇلار دېڭىزنىڭ ئۇ تەرىپىدە تۇرۇۋاتقان چاغدا، نېمە ئۈچۈن قوشۇن ئەۋەتىپ

هۇجۇم قىلمىدىڭ؟ ئەگەر شۇنداق قىلغان بولساڭ، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە كۆۋرۈك سالالمايتتى. سەن ئۆيدە يېتىۋېلىپ، ئۆزۈڭنى دۇنيادا ئەڭ قۇدرەتلىك، تەڭدىشى يوق پادىشاھ، دەپ ئويلاپ قاپسەن. ئەمدىلىكتە رىنكا شەھىرىمىز ياۋۇز مايمۇنلارنىڭ قورشاۋىغا چۈشۈپ قاپتۇ! سۇچىرىپە باتۇرلۇق جەھەتتە بۆرىدىن قېلىشمايدۇ. ئۇ ئاز - تولا غەلىبىگە ئېرىشتى، پادىشاھلىقتا ۋە خانىش جۇماغا ئىگە بولدى. ئۇ ھەم ئۇنىڭ مايمۇنلىرى سەندىن ئەقىللىقكەن.

ئون باشلىق پادىشاھ راپونە كۇڭپەگەنەنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، ئاچچىقتىن ئۇنىڭ يىگىرمە قىزىل كۆزى ئالىيىپ كېتىپتۇ. ئۇ ھۆركىرەپ تۇرۇپ مۇنداق دەپتۇ:

— مەن بۇ دۇنيا، ئۇ دۇنيا ۋە ئەرشنى بويسۇندۇرغان چېغىمدا، سەن ئۆيۈڭدە يېتىۋېلىپ ئۇخلىدىڭ. تەقدىرنىڭ ئىرادىسى بويىچە بولغان ئىشتىن قۇتۇلغىلى بولمايدۇ. گەپ قىلغان تەلەپپۇزىڭدىن ئۆزۈڭنى گويا مېنىڭ ئىنىم ئەمەس، ئاكامدەك كۆرۈۋاتىسەن. ئوردىدا ئاپئاشكارا ھالدا ماڭا دۆلەتنى قانداق باشقۇرۇش توغرىسىدا تەنبىھ - نەسىھەت قىلماقچى بولۇۋاتىسەن! سەن ماڭا بىر مۇنچە گەپلەرنى قىلدىڭ. بۇنى مەن ئويلاشسام بولىدۇ، بىراق ھازىر ئالدى بىلەن دۈشمەننى يوقىتىش لازىم.

كۇڭپەگەنە ئۇنىڭغا جاۋابەن:

— ئاكا، ئەمدى گەپ تالاشمايلى، ئالدىمىزدىكى خەۋپ - خەتەر مېنى بايامقى گەپلەرنى قىلىشقا مەجبۇر قىلدى. بۇنىڭ ھەممىسى سەن ئۈچۈن، قورقمىغىن، مەن دۈشمەنلىرىمىزنى يوقىتىپ، شەھىرىمىزنى قوغدايمەن. مەن رامەنىڭ بېشىنى كېسىپ كېلىپ، ساڭا تەقدىم قىلىمەن. سىدونى يېنىڭدا ئەپقېلىپ، كۈنلىرىڭنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈز. مەن ئالدى بىلەن ئادەملەر ۋە مايمۇنلارنىڭ رىنكاغا قىلغان مۇھاسىرىسىنى بۇزۇپ تاشلايمەن. سۇچىرىپە ۋە ھەنومانەنى جەھەننەمگە يوللايمەن، ئاندىن



www.uyghurkitap.com

كېيىن بىز بىلەن قارشىلاشقان ئىنىمىز ۋىبسەنىنىڭ ئۆلتۈ-رىمەن، — دەپتۇ.
كۆڭپەگەنە گېپىنى تۈگىتىپلا، ئورنىدىن تۇرۇپ جەڭگە چىقىشقا هازىرلىق قىپتۇ. «ئەرهەتتو» ئۇنىڭغا قولىنى جۈپلەپ تەزىم قىلىپ تۇرۇپ:
— سىلى ئۆزۈن ئۇخلىدىلا، خانىملارنىڭ سىلىنى كۆرگۈسى بار ئىكەن، كىرسىلە، — دەپتۇ.
بۇ گىگانت راكشەسە قاتتىق ھۆركىرەپ تۇرۇپ:
— دۈشمەن شەھەر سىرتىدا تۇرۇۋاتسا، سەن تېخى بىر ئاز تۇرۇپ تۇر دېمەكچىمۇسەن! مەن ئاۋۋال غەلىبىلىك جەڭ قىلىپ كەلگەندىن كېيىن، ئاندىن ھەرەمگە كىرىمەن، — دەپتۇ.
راپونە ئورنىدىن تۇرۇپ، ساۋۇت - دۇبۇلغىلارنى ئۆز قولى



بىلەن ئىنىسىغا كىيدۈرۈپ قويۇپتۇ. شادلىققا چۆمگەن راكشەسە-
لەر ئالدىراش كېلىشىپ ياردەملىشىپتۇ. كۆكپەگەنەنىڭ بېشىغا
ئۈنچە ـ مەرۋايىتلار بىلەن بېزەلگەن دۇبۇلغا كىيدۈرۈلۈپتۇ.
بارمىقىغا كۈلالچىنىڭ چىغىرتمىغىچىلىك چوڭلۇقتىكى ئۈزۈك
سېلىنىپتۇ. بوينىغا نۇر چاقناپ تۇرىدىغان ئۈنچە ـ مەرۋايىت
زەنجىر ئېسىلىپتۇ. قۇلاقلىرىغا بىباھا ياقۇت كۆزلۈك ھالقا
سېلىنىپتۇ. ئۇ پادىشاھقا ئەدەپ بىلەن تەزىم قىپتۇ ـ دە، جەڭ
مەيدانىغا يۈرۈپ كېتىپتۇ.

كۆكپەگەنە جەڭگە ئۆزى يالغۇز چىقىپتۇ. ئۇ ماڭغاندا پۇتى
ئاستىدىكى يەرلەر تەۋرەپ، دېڭىز ـ ئوكيانلار دولقۇنلىنىپ كې-
تىپتۇ. ئەرشتىكى ئەۋلىيالار خاتىرجەم بولالماي قاپتۇ. مايمۇنلار
ئۇنىڭ غايەت زور تۇرقىنى يىراقتىن كۆرۈپ، قورققىنىدىن
تىترەپ كېتىپتۇ. كوكپەگەنە ئۇلارغا غەزەپ بىلەن بىر ھۆركىرد-
گەنىكەن، چوڭ ـ كىچىك مايمۇنلار قورققىنىدىن قوراللىرىنى،
ياغاچ ۋە تاشلىرىنى تاشلىۋېتىپ قۇيرۇقىنى تىكىۋېتىپتۇ. ئەمگە-
تو چېكىنىۋاتقان بۇ قوشۇنغا غەزەپ بىلەن قاراپ تۇرۇپتۇ. ئۇ
ۋارقىراپ تۇرۇپ:

— سىلەر نېمىشقا قاچىسىلەر؟ مەن راكشەسەلەرنى بىر
مۇشت بىلەن ئۆلتۈرۈۋېتەلەيمەن. ھايات ـ مامات بىزنىڭ قولد-
مىزدا ئەمەس. جەڭ مەيدانىدىكى ئۆلۈم بىزگە شان ـ شەرەپ
ئېلىپ كېلىدۇ. سىلەرنىڭ ئىلگىرىكى بىرقانچە قېتىملىق ئۇ-
رۇشتىكى غەلىبەڭلەرنىڭ ھېچقانداق ھەيران قالىدىغان يېرى
يوق. ناۋادا مۇشۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا غەلىبە قىلالىساڭلار، ھەقد-
قىي قەھرىمان بولالايسىلەر، سىلەرنى تەڭرى ئاپىرىدە قىلغان.
ئۇلۇغ ئىلاھلاردەك كۈچ ـ قۇدرىتىڭلار بار. نېمە ئۈچۈن رەسۋا-
لارچە قېچىپ، كۈلكىگە قالىسىلەر؟ — دەپتۇ.

مايمۇنلار بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ توپ ـ توپى بىلەن قايتىپ
كېلىشىپتۇ. مايمۇنلار ئەمگەتونىڭ قوماندانلىقىدا سەكرەپ يۈرۈپ

ياغاچ ۋە تاشلارنى بۇ راكشەسەنىڭ ئۇستىگە ئۇستى - ئۇستىلەپ تاشلاپتۇ. دەرغەزەپكە كەلگەن كوڭپەگەنە ئۇزۇن نەيزىسى بىلەن كۆپلىگەن دۇشمەننى ئۆلتۈرۈپتۇ. بۇ باتۇر مايمۇنلار ئۇنىڭ نەيزىسى ئاستىدا بىر - بىرلەپ ئۆلۈپ كېتىپتۇ. كوڭپەگەنەنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان مايمۇنلار گويا لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان ئوتتا كۆيۈۋاتقان كىچىك ئوت - چۆپكە ئوخشاپ قاپتۇ. ئۇنىڭ غايەت زور بەدىنىگە تەگكەن دەرەخلەر ۋە تاشلار، گويا ئۇنىڭ بەدىنىدىن يۇلۇنۇپ چۈشكەن تۈكلەردەك تۆكۈلۈپ چۈشۈپتۇ. كوڭپەگەنە جان ئاچچىقىدا بۇ مايمۇنلارنى ئىككى قولى بىلەن قامالالاپ تۇتۇپ، تىرىك پېتىچە يۇتۇۋېتىپتۇ.

مايمۇنلار قوشۇنى قورققىنىدىن ئالاقىزادە بولۇشۇپ چېكىنىپتۇ. ھېچقايسىسى كوڭپەگەنە بىلەن ئېلىشالماپتۇ. چوڭ مايمۇن نىرە چوڭ بىر تۈپ سالا دەرىخىنى يىلتىزى بىلەنلا قومۇرۇۋېلىپ، ئۇنى ۋە غايەت زور قورام تاشنى دۈشمەنگە قارىتىپ ئېتىپتۇ. بىراق، ئۇلار كوڭپەگەنەگە تېگىپلا پارچىلىنىپ كېتىپتۇ. نىرە پۈتكۈل غەيرەت - شىجائىتىنى ئىشقا سېلىپ، تۆت قەھرىمانىنى باشلاپ ئۇنىڭ بىلەن داۋاملىق ئېلىشىپتۇ. گەرچە ئۇلار كۈچىنىڭ بارىچە ئېلىشقان بولسىمۇ، زادىلا تەڭ كېلەلمەپتۇ. ھەتتا غايەت زور تۆمۈر كالتەك بىلەن ئۇنىڭ مەيدىسىگە كۈچەپ ئۇرغان بولسىمۇ، بۇ گىگانت راكشەسەنى ھېچنېمە قىلالماپتۇ.

كوڭپەگەنە قولىدا ئۇزۇن نەيزىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، ئۇلارغا ۋەھشىيلەرچە تىكىلىپ قاراپتۇ. «قاراپ تۇرۇش!» دەپ ۋارقىرىغىنىچە، قولىنى سوزۇپ، مايمۇنلارنى مەھكەم قۇچاقلىۋاپتۇ. نىرە ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ ئىغىزىدىن قان كېتىپ، ھوشىدىن كېتىپتۇ. كوڭپەگەنە ئۇلارنى يەرگە تاشلاپ، پۈتى بىلەن يەنە تېپىپتۇ.

باشقا مايمۇنلار نىرە قاتارلىق سانغۇنلارنىڭ يەرگە يىقىلغا-

لىقنى كۆرۈپ: «ئۆلتۈرىمىز! ئۆلتۈرىمىز! ئۆلتۈرىمىز!» دەپ ۋارقىرىشىپ كېتىپتۇ. ئۇلار كوڭپەگەنەنى قاتمۇقات قورشىۋاپتۇ. بەزىلىرى ئۇنىڭ مۇرىسىگە، بەزىلىرى ئۇنىڭ بېشىغا سەكرەپ چىقىپ، ئۇنى مۇشتۇمى بىلەن ئۇرۇپتۇ. بىراق ھېچكىم ئۇنى زەخىملەندۈرەلمەپتۇ. ئۇ مايمۇنلارنى تۇتۇۋېلىپ، يوغان ئېغىزىغا سېلىپ، ھوزۇرلىنىپ چايناپتۇ. قانلار ئۇنىڭ ئېغىزىدىن ئېقىپ چۈشۈپتۇ. ئۇ تۇتۇۋالغان مىڭلىغان، تۈمەنلىگەن مايمۇن ئۇنىڭ قانلىق ئېغىزىغا كىرىپ يەم بوپتۇ. بىرمۇنچە مايمۇنلار ئۇنىڭ بۇرنى ۋە قۇلىقىدىن ئۆمىلەپ چىقىۋاپتۇ. ئۇنىڭ بۇرۇن ۋە قۇلاق تۆشۈكلىرى شۇنداق چوڭ ئىكەنكى، ئۇلار ھېچقانچە كۈچ سەرپ قىلمايلا ئۇ يەردىن چىقىۋاپتۇ.

كۇڭپەگەنە ئەمگەتۇنىڭ ئالدىغا سەكرەپ بېرىپ، مىخلىق نەيزە بىلەن ئۇنى ئۇرۇپ يىقىتىپتۇ. ھەنۇمانە ھاۋا بوشلۇقىغا سەكرەپ چىقىپ، دەرەخ ۋە قورام تاشلارنى كوڭپەگەنەنىڭ بېشىغا كۈچەپ تاشلاپتۇ. ئۇلار گۇلدۇرلەپ ئۇچۇپ چۈشۈپ ئۇنىڭ مىخلىق نەيزىسىنى سۇندۇرۇۋېتىپتۇ. كوڭپەگەنە قورالىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ھەنۇمانەنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇنىڭ مەيدىسىگە بىر مۇشت ئۇرۇپتۇ. ھەنۇمانە يەرگە يىقىلىپ، ئاغرىققا چىدىماي يۇمىلاپ كېتىپتۇ. مايمۇنلار بۇ ئەھۋالنى كۆرگەندىن كېيىن، قورقۇپ ئالاقىزادە بولۇپ قېچىپ كېتىپتۇ.

كۇڭپەگەنە چوڭ - كىچىك مايمۇنلارنى يېگىلى تۇرۇپتۇ. سۇچىرىپە بىر توپ چوڭ دەرەخنى كۆتۈرۈۋېلىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا كەپتۇ.

— تېز كېلىپ مەن بىلەن ئېلىش، — دەپتۇ سۇچىرىپە، — بۇ سالا دەرىخى سېنىڭ جېنىڭنى ئالىدۇ، — دەپ ۋارقىراپتۇ. ئارقىدىن يەنە، — مەن ئۇلۇغ ئىلاھنىڭ نەۋرىسى، ۋۇ ئەبلەخ، مەن سېنىڭ كۈچۈڭنى ۋە باتۇرلۇقۇڭنى كۆرۈپ باقاي، — دەپتۇ.



سۇچىرىپە ئۆزىنىڭ قورالىنى كۇچەپ ئېتىپتۇ. بىراق، ئۇ
گىگانت راكشەسەگە تېگىپلا دەرھال پاچاقلىنىپ كېتىپتۇ.
كۇۋېپەگەنە ئۇنى مەسخىرە قىلىپ: سەن شۇ ئەپتىڭ بىلەن
گىشەگىنتە دۆلىتىنى قانداقمۇ باشقۇرالارسەن؟ مەن پادىشاھ بو-
رىنى قەھرىمان دەپ ھېسابلايمەن، بىراق سەن پادىشاھلىقىڭنى
قانداقمۇ ساقلاپ قالالارسەن...
ئىككى مىڭ راكشەسە غايەت زور بىر تۆمۈر كالتەكنى كۆتۈ-
رۈپ كەپتۇ. كۇۋېپەگەنە ئۇنى خۇددى بىر تال پەينى كۆتۈرگەندەك
كۆتۈرۈپتۇ. بىراق، ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى سۇچىرىپەنى قورقىتال-
ماپتۇ. ئۇ سەكرەپ بېرىپ ئۇنىڭ تۆمۈر كالتىكىنى تارتىۋېلىپ،
يەرگە تاشلىۋېتىپتۇ. ئۇنىڭدىن يەر – جاھان تىترەپ، قورقۇنچ-
لۇق ئاۋاز چىقىپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن كۇۋېپەگەنە ھەرەيا تېغى-
نىڭ بىر چوققىسىنى ئۈرۈپ چۈشۈرۈپ ئۇنى سۇچىرىپەگە قارد-
تىپ ئېتىپتۇ. سۇچىرىپە ھوشسىزلىنىپ يەرگە يىقىلىپتۇ.
كۇۋېپەگەنە بۇ نەرسىنى راپونەگە سوۋغات سۈپىتىدە تەقدىم قىلى-
ماقچى بوپتۇ.
كۇۋېپەگەنە سۇچىرىپەنى كۆتۈرۈپ، رىنكا كوچىسىدا مەغ-
رۇرانە قىياپەتتە ماڭغاندا، پۈتكۈل شەھەر شادلىققا چۆمۈپتۇ.
راكشەسەلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئاياللىرى ۋاراڭ – چۇرۇڭ قىلىشىپ
ئۆزلىرىنىڭ قەھرىمانى ۋە ئەسىرىنى كۆرۈشكە كېلىشىپتۇ. ئايال
راكشەسەلەر سۇچىرىپەنى كۆرۈپ قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ.
مايمۇنلار قاتتىق ھەسرەت چېكىپتۇ. ئۇلار باشلىرىنى تۇتۇ-
شۇپ قاتتىق يىغلاپتۇ. ئۇلارنىڭ باشلىقى ھەنومانە:
— بۈگۈن مەن كۇۋېپەگەنەنى ئۆلتۈرۈپ، پادىشاھىمىزنى
قۇتقۇزىمەن، — دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىغى-
لى مېڭىپتۇ.
چەپۈپەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ بېرىپ ۋارقىراپتۇ:
— قايتىپ كېلىڭ، قايتىپ كېلىڭ! پادىشاھىمىز بىر كۈن



هاياتلا بولىدىكەن، ئۇ ئۆزىنى ئۆز مەنسەپدارلىرى قۇتقۇزغانلىقىد-
نى ئۇنتۇپ قالمايدۇ ھەم بۇ ئار - نومۇسنى ھەرقانداق قىلىپمۇ
يۇيالمايدۇ. ئەسكى ئىشنىڭ ئەتراپقا تارقىلىشى ياخشى ئىشتىنمۇ
تېز بولىدۇ. سىز نېمىدەپ ئۇنى قۇتقۇزغىلى بارغۇدەكسىز؟
پادىشاھىمىز ئالاھىدە ئەقىل - پاراسەتكە ئىگە، ئۇ پەۋقۇلئاددە
كۈچلۈك. ئۇ چوقۇم كۆكپەگەنىنىڭ قولىدىن قېچىپ چىقىدۇ.

ھەنومانە چەپۆپەنىنىڭ گېپىگە كىرىپ، قايتىپ كېلىپ قو-
ۋۇقنى ساقلاپتۇ.

سۇچىرىپە ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ كوكپەگەنە-
نىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى، ئەتراپىنى نۇرغۇن راكشەسەلەر
قورشىۋالغانلىقىنى سېزىپتۇ. ئەتراپىدا بىر مايمۇننىمۇ كۆرمەپ-
تۇ. ئۇلار بىر ھەشەمەتلىك ئۆيدە تۇرغان بولۇپ، راكشەسەلەر
مۇزىكا چېلىپ، ئۇسسۇل ئويناۋاتقانىكەن. بۇ باتۇر ھەم كۈچلۈك
مايمۇن ئۆزىنى قانداق قۇتقۇزۇش توغرىسىدا ئەتراپلىق پىكىر

قىپتۇ...

سۇچىرىپە تۇيۇقسىز كۆكپەگەنەنىڭ قۇلاقلىرىنى ئارتىپ ئو-زۇۋاپتۇ، بۇرنىنىمۇ چىشلەپ ئۈزۈۋاپتۇ. كوكپەگەنە ئاغرىقتىن ۋارقىرىۋېتىپتۇ. سۇچىرىپە پۇتىنىڭ تىرناقلىرى بىلەن كوكپە-گەنەنىڭ بەدەنلىرىنى تاتىلاپ قان چىقىرىۋېتىپتۇ. كوكپەگەنە تۇتۇۋالغان ئەسىرنى قويۇۋېتىپتۇ. باتۇر مايمۇن پادىشاھى بۇ چوڭ راكشەسەنىڭ ئىككى قۇلىقىنى مەھكەم تۇتقان، ئېغىزىدا ئۇنىڭ بۇرنىنى چىشلىگەن پېتىچە، بىر سەكرەپلا ئۆز جەمەتلىرى-نىڭ ئارىسىغا چۇشۇپتۇ. ئۇ رامە بىلەن ئالدىراش كۆرۈشۇپ، كۆكپەگەنەنىڭ قۇلىقى ۋە بۇرنىنى ئۇنىڭغا تەقدىم قىپتۇ. ھەربىر قۇلاقنىڭ ئۆزۈنلۇقى ئون بەش ئىنگلىز چىسى كېلىدىكەن.

كۆكپەگەنە ئۆزىنىڭ چەكسىز خورلانغانلىقىنى ھېس قىپتۇ. بۇرۇن ۋە قۇلاقلىرىدىن ئايرىلغان تۇرۇقلۇق، بۇ ھاياتنىڭ نېمە مەنىسى بولسۇن! ئۇ جەڭ مەيدانىغا كەلگەندە، مايمۇنلار ئۇنىڭ بۇرۇنسىز يۈزىنى كۆرۈپ قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ. غەزەپ-لەنگەن گىگانت راكشەسە بىر قانچە مايمۇننى تۇتۇۋېلىپ ئېغىزىغا ساپتۇ، بىراق ئۇنىڭ بۇرۇن ۋە قۇلاقلىرىنىڭ تۆشۈكى ناھايىتى كەڭرىپ كەتكەن بولغاچقا، مايمۇنلار ئۇ يەردىن ئۆمىلەپ چىقىپ چىقىپتۇ. كۆكپەگەنەنىڭ تۇرقى ئەسلىدىلا ناھايىتى قورقۇنچلۇق ئىكەن، ھازىر ئۇ بۇرنى ۋە قۇلىقىدىن ئايرىلىپ تېخىمۇ بەدبەشە-رە بولۇپ كېتىپتۇ. شۇڭا ئۇ كۆزلىرىنى ئالايتىپ، مايمۇنلارغا قاراپ، ئۇلارنى تېخىمۇ قورقىتىۋېتىپتۇ. باشقا مايمۇنلار: «بۇر-نى يوق ئەبلەخ كەپتۇ» دەپ چىرقىرىغان پېتىچە قېچىپ، لەكشى-مەنەنىڭ ئالدىغا كەپتۇ.

لەكشىمەنە ئۇقياسىنى ئېلىپ كۆكپەگەنەنىڭ ئالدىغا بېرىپ-تۇ. كوكپەگەنە مەسخىرە قىلىپ:

— سېنى كىم كەلسۇن دەپتۇ؟ ئاكاڭ رامە كەلسۇن، — دەپتۇ.

— مانا مەن كەلدىم! ئەجەل ئىلاھى ئاخىرى سېنى ئېسىگە ئاپتۇ. سەن پۈتكۈل كۈچۈڭنى ئىشقا سال، بارلىق قوراللىرىڭنى ئېلىپ كەل. ئالدى بىلەن سېنى ئۆلتۈرىمەن، ئارقىدىن راپونەنىڭ ئون بېشىنى كېسىپ تاشلاپ، پادىشاھلىق كۈنلۈكىنى ۋىبسەنەنىڭ بېشىغا تۇتىمەن، — دەپ ۋارقىراپتۇ رامە.

كۇڭپەگەنە تەلۋىلەرچە كۈلۈپ كېتىپتۇ. ئۇ:

— سەن تېخى ئۆز دۆلىتىڭگە قايتالايمەن دەپ ئويلامسەن؟ - دەپ ۋارقىراپتۇ. غەزەپلىنىپ كۆزىدىن ئوت چاقناپ تۇرغان بۇ گىگانت راكشەسە قان چاچراپ تۇرغان ئېغىزىنى يوغان ئېچىپ رەقىبلىرىنى تىرىك پېتىچە يۇتماقچى بوپتۇ.

رامە بۇرۇن مايمۇن پادىشاھى بۆرىنى ئېتىشقا ئىشلەتكەن ئوقيانىڭ بىر تېلىنى ئۇنىڭغا ئېتىپتۇ. ئوقيا يېنىۋاتقان يۇلتۇزغا ئوخشاش ئۇچۇپ بېرىپتۇ، لېكىن ئۇ كوڭپەگەنەنىڭ بەدىنىگە تەگكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭغا يىڭنە سانجىلغانچىلىكمۇ تەسىر قىلماپتۇ. بۇ گىگانت راكشەسە:

— ھالىڭ شۇنچىلىكمىدى، — دەپ مازاق قىلغان پېتىچە ئۆزىنىڭ مىخلىق توقمىقىنى پۇلاڭلىتىپتۇ، — ئاكام سېنىڭ ئايالىڭنى ئېلىپ ماڭغاندا، ئىقتىدارىڭنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى مۆلچەرلىگەن!

رامە ئۇنىڭغا ئارقا - ئارقىدىن ئوقيا ئېتىپتۇ. كۇڭپەگەنە ئۆزىنىڭ قورالىنى بىر ياققا تاشلاپ قويۇپ، رامەنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ بېرىپتۇ. ئۇ قۇرۇق قولى بىلەن تەلۋىلەرچە ئېلىشىپتۇ. ئۇ ئالدىنى توسىغان مايمۇن سانغۇنلارنى چېكىندۇرۇپتۇ. ئۇلارنى پۇتى بىلەن تېپىپ، دەسسەپ ئۆلتۈرۈپتۇ. ئۇلار قورقۇپ قېچىۋاتقاندا، مىخلىق توقمىقىنى ئېلىپ يەنە قوغلاپتۇ.

بۇ چاغدا لەكشىمەنە مايمۇنلارغا:

— ئۇ قان ھىدىنى پۇراپ قېلىپ ساراڭ بوپتۇ. سىلەر ئۇنىڭ مۇرىسىگە چىقىۋېلىپ، ئۆز ئېغىرلىقىڭلار بىلەن ئۇنى

www.uyghurkitap.com

بېسىپ يىقىتىڭلار. ئۇ يەرگە يىقىلىدىغانلا بولسا، ئۇنى ئۆلتۈ-رۈش ئاسانغا چۈشىدۇ، — دەپتۇ.

مايمۇنلار لەكشىمەنەنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، باشقىدىن غەيرەت-كە كەپتۇ. نۇرغۇن ئادەمسىمان مايمۇنلار، چوڭ ئورانگوتانلار ۋە قارا ئورانگوتانلار بۇ گىگانت راكشەسەنىڭ ئىككى مۈرىسىگە سەك-رەپ چىقىپتۇ. ئۇلار ئۇنىڭ مۈرىسىگە بىردەم چىقىپ، بىردەم چۈشۈپتۇ. ئۇنىڭ بەدىنى خۇددى تامار ھىندى دەرىخىگە ئوخشاپ قاپتۇ. مايمۇنلار ئۇنىڭ ئۈستىدە شەپەرەڭگە ئوخشاش ھەرىكەت قىلىپ چاچلىرىنى تارتىپتۇ، تىرناقلىرى بىلەن بەدىنىنى، يۈز-لىرىنى تاتىلاپتۇ. كۇگپەگەنە ئۇلارنى تۇتۇۋېلىپ يەرگە تاشلاپ، ھوشىدىن كەتكۈزۈۋېتىپتۇ. مايمۇنلارنىڭ ئېغىزىدىن قان ئېقىپ-تۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ئەمگەتو ۋە ھەنومانەلەرنى ئىختىيارسىز ۋەھىمە بېسىپتۇ. ئىمكى بۇ چوڭ مەخلۇققا ھۇجۇم قىلىپ قال-سا، ئۇنىڭ ھايات قېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىكەن.

رامە بىر پەۋقۇلئاددە ئۆتكۈر ئوقيانى يايىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ-



تۇ. بۇ، ساماۋي ئىلاھنىڭ ئۇنىڭغا ئىنئام قىلغان «برەھما قورالى» دەپ ئاتىلىدىغان سوۋغىسى ئىكەن. ئۇ مۇشۇ ئوقيا بىلەن ئۇنى قارىغا ئاپتۇ. گۈلدۈر قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئوقيا ئېتىلىپ چىقىپ كوڭپەگەنەنىڭ ئوڭ قولىنى ئۈزۈپ تاشلاپتۇ. ئۇنىڭ بۇ قولى تاغ پارچىسىدەك چوڭلۇقتا بولۇپ، يەرگە چۈشـ كەندە سان ـ ساناقسىز مايمۇنلارنى بېسىپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ. يارىلانغان كوڭپەگەنە تېخىمۇ ئەسەبىيلىشىپتۇ. ئۇ سول قولى بىلەن بىر تۈپ سالا دەرىخىنى يۇلۇپ ئېلىپ رامەگە ئېتىلىپ بېرىپتۇ. رامە يەنە بىر ئوقيانى ئېتىپ ئۇنىڭ سول قولىنى ئۈزۈپ تاشلاپتۇ. بۇ گىگانت راكشەسە يوغان قانلىق ئېغىزىنى ئېچىپ ئۇنى يۇتۇۋەتمەكچى بوپتۇ. رامە يەنە ساماۋي ئىلاھ بەرـ گەن قورالنى ئېلىپ، ئوقيادىن ئىككىنى ئېتىپ كوڭپەگەنەنىڭ ئىككى پۇتىنى كېرەكتىن چىقىرىپتۇ. بىراق، بۇ گىگانت راكشەـ سە يەنىلا ئۆلمەپتۇ. ئۇ مىخلىق توقماقنى چىشلىۋېلىپ ئەتراپىدىـ كى مايمۇنلارنى قاتتىق ئۇرۇپتۇ.

رامە توققۇز ئوقيا بىلەن ئۇنىڭ مىخلىق توقمىقىنى پارچىلىـ ۋېتىپتۇ، ئارقىدىنلا يەنە ياي ئۈستىگە بىر تال يېڭى ئوقيانى قويۇپ، ئېھتىيات بىلەن قارىغا ئاپتۇ. بۇ ئوقيا ئېتىلىپ چىـ قىپ، ئۆزىنىڭ قورقۇنچلۇق ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىۋاتقاندا، كۆزنى چاقنىتىدىغان نۇرلارنى چىقىرىپ، كارامىتىـ نى كۆرسىتىپتۇ... كوڭپەگەنەنىڭ قانغا بويالغان بېشى يەرگە يۇمىلاپ چۈشۈپتۇ. ھەنومانە ئۇنى دېڭىزغا ئېتىۋېتىپتۇ. گۈلدۈر قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ، ئۇ بىر غۇلىغان تاغقا ئوخشاش دېڭىزغا چۈشۈپ، دېڭىزدىكى بارلىق جانلىقلارنى قورقىتىۋېتىپتۇ. قايغۇـ غا چۆمگەن پايلاقچىلار كوڭپەگەنەنىڭ ئۆلگەنلىك خەۋىرىنى راپوـ نەگە دوكلات قىپتۇ. راپونەنىڭ يىگىرمە كۆزىدىن ياش ئېقىپتۇ. بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەقىقەتەن ئېغىر پاجىئە بوپتۇ!

راپونەنىڭ ئوغۇللىرى دادىسىنىڭ چىرايى تۇتۇلۇپ كەتكەنـ

www.uyghurkitap.com

لىكىنى كۆرۈپ، كۆڭلى ئىنتايىن پەرىشان بوپتۇ. تىرشىرە ئالدىغا ئۆتۈپ دادىسىغا مۇنداق دەپتۇ:

— دادا، ئۈمىدسىزلەنمەڭ، سىز باتۇرلارچە جەڭ قىلىپ ئۈچ ئالەمنى بويسۇندۇردىڭىز. چوڭ ئاكىڭىز، بايلىق ئىلاھى كۇۋىرەنىمۇ مەغلۇپ قىلدىڭىز. قورال كۈچىڭىزگە تايىنىپ ئۇنىڭ ھاۋادىكى ئۇچار ھارۋىسىنى ۋە رىنكا شەھىرىنى قولغا كىرگۈزدىڭىز. ئالۋاستى مايا، جىن - ئەرۋاھلار پادىشاھى سىزگە ئۆزىنىڭ ساداقەتمەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قىزىنى سىزگە ياتلىق قىلدى. يىلانلار پادىشاھى، ئۈچ ئالەمنىمۇ قورقىتىدىغان ۋەسۇكەمۇ سىزنى كۆرسە قېچىپ كېتىدۇ. سىز ئۆلمەيدىغان ئۇلۇغ ئىلاھ ئىندرە، يەمە، بارانەلەرنى ھاقارەتلەپ، ئۇلارنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدىڭىز. ئاددىي ئادەملەرنى مەغلۇپ قىلىش ئىنتايىن ئوڭاي، مەن رامە ۋە لەكشمەنەلەرنى ئۆلتۈرۈپ، سىزگە تەسەللى بېرىمەن.

ئوغلى تىرشىرەنىڭ گېپى راپونەنى خۇشال قىپتۇ. باشقا ئۈچ ئوغلىمۇ قاتتىق غەزەپلىنىپ بېرىپ بىرلىكتە جەڭ قىلىشقا ئالدىراپتۇ. بۇ تۆت ئاكا - ئۇكىنىڭ كۈچى ۋە ھەربىي ماھارىتىنىڭ داڭقى بار ئىكەن. ھەممىسى نۇرغۇن ئۇرۇشلارغا قاتناشقان باتۇرلار ئىكەن. ئۇلار دادىسىنىڭ ئەتراپىدا ئۈچ قېتىم ئايلىنىپ، دادىسى بىلەن خوشلىشىپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، راكشەسەلەر قوشۇنىنى باشلاپ ئۇرۇشقا مېڭىپتۇ. ئۇلارنىڭ قەدىمىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ - توزانلار يوللارنى كۆمۈۋېتىپتۇ.

ئۇلار: «ھۇررا! ھۇررا!» دەپ ۋارقىرىغان پېتىچە مايمۇنلار قوشۇنىغا ھۇجۇم قىپتۇ. ئۇلار يەرلەرنى قانغا بوياپتۇ، تۇپراقلارمۇ قىزىل رەڭگە كىرىپتۇ. ھەنومانە ۋە باشقا مايمۇن سانغۇنلار جەڭگە قاتنىشىپتۇ. ئۇلار دەرەخلەر ۋە تاشلار بىلەن دۈشمەننىڭ كالتەك - دومبا ۋە ئوقيالىرىغا تاقابىل تۇرۇپتۇ. بۇ جەڭ ئۇزۇن داۋاملىشىپتۇ. راكشەسەلەر ناھايىتى ياخشى جەڭ

قىپتۇ، بىراق راپونەلنىڭ ئوغۇللىرى جەڭدە بىر ـ بىرلەپ ئۆلۈپ كېتىپتۇ. ئالقىش ياڭرىتىۋاتقان مايمۇنلار غەلىبە سىگناللىرىنى چاپتۇ.

ئىندرەگىت ئەھۋالنىڭ مۇنداق ئېغىرلىقىنى كۆرۈپ، راپونەدىن جەڭگە قاتنىشىشنى ئىلتىماس قىپتۇ. ئۇ جەڭگە مېڭىش ئالدىدا، قوغداش ئىلاھىنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشىش ئۈچۈن داغدۇغىلىق نەزىر ـ چىراغ ئۆتكۈزۈپتۇ.

نەزىر ـ چىراغ ئورمانلىق ئىچىدە ئۆتكۈزۈلۈپتۇ. ئىندرەگىت يالقۇنجاپ ئوت كۆيۈۋاتقان نەزىرگاھنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ دۇرۇت ئوقۇپتۇ. مىڭلىغان، تۈمەنلىگەن راكشەسەلەر نەزىر ـ چىراغقا كېرەكلىك بولغان نۇرغۇن نەرسىلەرنى: قىپقىزىل تونۋار ـ دۇردۇن ۋە گۈللەرنى، قېنىق قىزىل ساندال مېيى، ئېرىتىلگەن سېرىق ماي قاچىلانغان چۆگۈنلەر ۋە نۇرغۇن گۆرۈچلەرنى يەتكۈزۈپ بېرىپتۇ. بۇلار نەزىر ئوتىنى كۆيدۈرۈشكە يېقىلغۇ قىلىنىپتۇ. نەزىر قىلىنىدىغانغا يەنە بىر توپ قارا قويلار كەلتۈرۈلۈپتۇ. نەزىر ئوتى ناھايىتى ئۇلۇغ كۆيۈپتۇ. ساپسېرىق ئوت يالقۇنى ئېگىز كۆتۈرۈلۈپتۇ. ئوتقا گۈرۈچ، سۈت، ئېرىمچىك ۋە ھەسەللەر توختىماي سېلىنىپ تۇرۇپتۇ. ئوت ئىلاھى پەيدا بوپتۇ. ئۇنىڭ بەدىنىدىن نۇر چاقناپ، ناھايىتى چىرايلىق كۆرۈنۈپتۇ. ئىندرەگىت قولىنى جۈپلەپ تۇرۇپ، ئۇنىڭدىن بۇگۈن غەلىبىگە ئېرىشتۈرۈشنى تىلەپتۇ...

بەدىنىدىن نۇر چاقناپ تۇرىدىغان بۇ ئىلاھ:

— سەن غەلىبە قىلىسەن! — دەپتۇ. ئىندرەگىت ئۇنىڭغا ھۆرمەت ـ ئېھتىرام بىلەن تەزىم قىپتۇ ـ دە، شاد ـ خۇرام ھالدا ئۆز قوشۇنىغا قايتىپ كەپتۇ.

ئىندرەگىت يۇلتۇزغا ئوخشاش ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ، بۇلۇتلار ئارىسىغا يوشۇرۇنۇۋاپتۇ. ئۇ مايمۇنلار قوشۇنى ئۈستىدە غايىب بولۇۋېلىپ، مايمۇنلارغا قاتتىق ھۇجۇم قوزغاپتۇ. نەتىجە-

دە، كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان بۇ دۈشمەن رامە ۋە ئۇنىڭ يارلىق قوشۇنىنى مەغلۇپ قىپتۇ.

يىقىلىپتۇ! ھەممىسى يىقىلىپتۇ! جەڭ مەيدانى جەسەتلەرگە تولۇپ كېتىپتۇ. رامە بىلەن لەكشمەنە ھەم ئۇلارنىڭ قول ئاستىدىكىلىرى بىر - بىرلەپ يىقىلىپتۇ. ۋىبسەنە بىلەن ھەنومانە ئىككىسى ھايات قاپتۇ. چۈنكى برەھما ئۇلارغا ئۆلمەيدىغانغا ئىلتىپات قىپتىكەن. ئۇلار مەشئەل كۆتۈرۈپ، ئېگىلىپ، ئۆلگەن - يارىلانغان مايمۇنلار ئىچىدىن چەپۆپەنى ئىزدەپتۇ.

چەپۆپەن ئېغىر يارىلىنىپ، كۆزىنى ئاچالماي يېتىپ قالغانىكەن. ئۇنىڭ مەيدىسى قاتتىق ئاغرىپ، نەپەس ئېلىشى قىيىنلىشىپتۇ. ھەنومانە ئۇنىڭغا:

— ئۆتۈنۈپ قالايلى، ئورنۇڭدىن تۇرغىن، بىزگە يول كۆرسەتكىن. سەن قالتىس كۈچ ۋە ئەقىل - پاراسەتكە ئىگە. بىز سەندىن باشقا كىمدىن يوليۇرۇق سورايتتۇق؟ — دەپتۇ.

چەپۆپەن زەئىپ ئاۋاز بىلەن مۇنداق دەپتۇ:

- رامە، لەكشمەنە ۋە مايمۇنلار يىقىلدى. ئەگەر دورا ئېلىپ كېلەلىسەڭ، ئۇلار ئەسلىگە كېلىدۇ. سەن باشقىلارغا كۆرۈنمەي، شىمالغا ئەگىشىپ، ھاۋا ئارقىلىق ھەيۋەتلىك ھىمالايا تېغىغا بارغىن. ئۇنىڭدىن كېيىن «دورا تېغى»غا بارغىن. ئۇ يەردىن تۆت خىل دورا چىقىدىغان تۆت تۈپ دەرەخنى تاپقىن. ھەرگىز تاپماي قويما. ئۇلار قاراڭغۇدا نۇر چاچىدۇ. بۇ تۆت خىل دورىنى ئېلىپ كەل. بۇ دورىلارنىڭ تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان شىپاسى بار، ئۇلار ئېغىر يارىنى ساقايتىدۇ، سۇنغان سۆڭەكنى تۇتاشتۇرىدۇ، ئۆلگەن ئادەمنى تىرىلدۈرىدۇ. ئېسىڭدە بولسۇنكى، دورىنى جەزمەن تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن ئەكېلىپ بول.

ھەنومانە «دورا تېغى»غا ئۇچقاندەك يۈرۈپ كېتىپتۇ. ئۇ رىنكاغا قايتىپ كەلگەندە كۈن تېخى يورۇمىغانىكەن. ئۇ بۇ تۆت

خىل دورىلىق ئوتنى ئېلىپ، تۆت قوۋۇقنىڭ ھەممىسىگە قاتـ
ـراپ، ئۆلگەن ھەمراھلىرىنى قوتقۇزۇپتۇ. ئۇلار دورىنى پۇراپلا
تىرىلىپتۇ. ئۇ سۆڭەك توتاشتۇرىدىغان دورىنى يانجىپ، پۇت ـ
قولى سۇنغان جەڭچىلەرنىڭ بۇرنىغا قويۇپ، پۇت ـ قوللىرىنى
ئەسلىگە كەلتۈرۈپتۇ. «ھەممە كېسەلنى ساقايتىدىغان» دورىلىق
ئوت ـ چۆپ يارىلانغانلارنىمۇ ساقايتىپتۇ. «ئۆلۈكنى تىرىلدۈرىدـ
ـدىغان» دورىلىق ئوت ـ چۆپ ئۆلۈپ كەتكەنلەرنى تىرىلدۈرۈپتۇ.
«مادارىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدىغان» دورىلىق ئوت ـ چۆپ ماغدۇـ



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

رى كەتكەنلەرگە قايتىدىن ماغدۇر كىرگۈزۈپتۇ. رامە بىلەن لەكشىمەنە كۆزىنى ئېچىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇلار گويا ئۇيقۇدىن ئەمدىلا ئويغانغاندەك بوپتۇ. سۇچىرىپە، ئەمگەتو ۋە مايمۇنلار قوشۇنىدىكى باشقا مايمۇنلارمۇ ھەممىسى دېگۇدەك ئورنىدىن تۇرۇشۇپ كېتىپتۇ. ئۇلار بىر - بىرىدىن ساغلام، روھى كۆتۈرەڭگۈ ھالەتكە كەپتۇ. ئۇلار ھەنومانەنىڭ ئالدىغا كېلىپ سالام بېرىپ:

— ئۇچ ئالەمدە ھېچقانداق قەھرىمان ساڭا تەڭ كېلەلمەيدۇ. سېنىڭ شاپائىتىڭ تۈپەيلى، ھەممىمىز قايتىدىن ھاياتلىققا ئېرىشتۇق، — دېيىشىپتۇ.

رامەنىڭ قوشۇنى قايتىدىن ھاياتلىققا ئېرىشىپ، ئىندرەگىتنىڭ غەلىبىسى يوققا چىقىپتۇ.

ھەممە يەرنى قارا بۇلۇت قاپلىغان رىنكا شەھىرىدە، راپونەد، بىر خىل چوڭ بالايىئاپەتتىن بىشارەت بېرىدىغان تۇيغۇ پەيد بوپتۇ. ئۇ:

— تەقدىر بىلەن كىم قارشىلىشۋاتقاندۇ؟ رىنكا مۇشۇ ئىككى ئاددىي ئادەم ۋە مايمۇنلارنىڭ قولىدا ۋەيران بولىدىغان بولدى، رامە، لەكشىمەنە ۋە ئۇلارنىڭ بارلىق قوشۇنى تۈگەشكەنندى، بىراق ئۇلار تاڭ ئاتماستىلا يەنە تىرىلىپ بوپتۇ. ۋەھالەنكى، مېنىڭ لەشكەرلىرىمنىڭ بىرسىمۇ تىرىلمەپتۇ. ئۇلار زادى قانداق دۈشمەنلەردۇ؟ ئۆلگەنلەرنى كىم تىرىلدۈرگەندۇ؟ رىنكادا رامە ۋەلەكشىمەنەگە ئوخشايدىغان جەڭچىلەر يوق. بىزنىڭ بۇ ئالتۇن شەھىرىمىزدە ئەمدى قەھرىمان قالماپتۇ. يەنە جەڭ قىلىشىمىزنىڭمۇ ھاجىتى قالماپتۇ. بىزنىڭ قوۋۇقلارنى مەھكەم تاقاپ، ھېچقانداق ئادەمنى كىرگۈزمەسلىكتىن باشقا ئامالىمىز قالمىدى. ھايات دېگەن قىممەتلىك، رىنكانىڭ قوۋۇقلىرىنى ئېتىۋېتەيلى! — دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپتۇ راپونە.

راكشەسلەر پادىشاھىنىڭ پەرمانىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كې-

يىن، رىنىكا شەھىرىنىڭ تۆت ئالتۇن قوۋۇقىنى دەرھال تاقاپ، مەھكەم قۇلۇپلاپتۇ.

بەش كۈن ئۆتۈپتۇ. قوۋۇقلار يەنىلا ئېتىكلىك ھالەتتە تۇرۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن رامە مايمۇنلارنى رىنىكا شەھىرىگە كىرىپ ئوت قويۇشقا، ھەممە ئۆيلەرنى كۆيدۈرۈۋېتىشكە ئەۋەتىپتۇ.

سان - ساناقسىز مايمۇنلار شەھەرگە كىرىپ، راسا بۇزغۇنچىلىق قىپتۇ. ئۇلارنىڭ ماھىيىتى - بەڭۋاشلىق قىلىش، شوخلۇق قىلىش بولغاچقا، ئۇلار ئايال راكشەسەلەرنى كۆرگەندە، ئۇلارغا چىشلىرىنى چىقىرىپ، چىرايىنى غەلىتە قىلىپ ھەييارلىق قىپتۇ ۋە ئۇلارنىڭ كىيىملىرىنى تارتىپتۇ. ئاياللار قورققىنىدىن كىيىملىرىنى تاشلاپ قېچىپتۇ. مايمۇنلار خۇشاللىقىدا قاقاقلىشىپ كۈلۈشۈپ، غەيرىي ئاۋاز چىقىرىشىپتۇ. مايمۇنلار قوشۇنى رىنىكا پۇقرالىرىنى خالىغانچە ئۇرۇپ تېپىپتۇ. ئۇلار يەنە ئامبارلارغا كىرىپ ئېرىتىلگەن سېرىق ماي ۋە مەززىلىك ياغلارنى يەنە بۇلاپ ئەكەلگەن كىيىملەر ۋە باشقا نەرسىلەرنى بىر نەچچە يەرگە دۆۋىلەپ قويۇپتۇ. قاراڭغۇ چۈشەي دېگەندە، مىڭلىغان، تۈمەنلىگەن مەشئەل تەييارلاپ، ئۇلارنى كۆيدۈرۈپتۇ. ھەممە مايمۇن قولىغا ئىككىدىن مەشئەلنى ئېلىۋېلىپ، ئۆگزىلەرگە سەكرەپ چىقىپ ئوت قويۇپتۇ. راكشەسەلەر ئۆيلىرىدىن پاتىپاراق بولۇپ قېچىپ چىقىشىپتۇ. ئۇلار قورققىنىدىن ئالاقىزادە بولۇشۇپ كۆللەرگە سەكرەپتۇ، قورققىنىدىن بېشىنىلا سۇ ئۈستىگە چىقىرالاپتۇ. بۇ ئەھۋاللارنى كۆزىتىپ تۇرغان ھەنومانە قوغلاپ بېرىپ كۆيۈۋاتقان مەشئەل بىلەن ئۇلارنىڭ يۈزىنى كۆيدۈرۈپتۇ. ئەر - ئايال، چوڭ - كىچىك راكشەسەلەرنىڭ نۇرغۇنلىرى ئوتتا كۆيۈپ ئۆلۈپتۇ، بىرمۇنچىسى ئېغىر ياردار بوپتۇ. سان - ساناقسىز ئۆيلەر كۆيدۈرۈلۈپتۇ. ئالتۇندىن ياسالغان قۇرۇلۇشلار، ياقۇت بىلەن بېزەلگەن ھەشەمەتلىك ھويلا - قورۇلار، كىشىلەر ياخشى كۆرىدىغان، قەپەزدە بېقىلغان قۇشلار، توپ

- توپ توزلار ۋە تۇرنىلار، مىڭلىغان، تۇمەنلىگەن ئاتلار ۋە پىللار شۇنداقلا نۇرغۇن ياۋايى هايۋانلار لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوتتا كۆيۈپ كېتىپتۇ.

— مۇنداق هاقارەتكە ئەمدى چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى. بىز-نىڭ ئۆي ئىچىدە بېكىنىپ ئولتۇرۇشىمىزنىڭ هېچقانداق پايدىسى يوق. ئۆيلىرىمىز كۆيۈپ بولدى، بىز چوقۇم ئۇرۇش قىلىشىمىز كېرەك! — دەپ ۋارقىراپتۇ راپونە.

مىڭلىغان، تۇمەنلىگەن راكشەسەلەر ساۋۇت - دۇبۇلغىلارنى كىيىشىپ، سەپكە قوشۇلۇپتۇ. راپونە ئوقيانى ئېلىپ، ئۇرۇش هارۋىسىغا چىقىپتۇ. ئۇ:

— غەربىي قوۋۇقتا يۇرۇڭلار، رامە بىلەن لەكشىمەنە ئاشۇ يەردە! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

تەقدىرنىڭ ئىرادىسى بويىچە بولغان ئىشلارنى ئۆزگەرتىشكە ئامال يوق. رامە، لەكشىمەنەلەر بىلەن راپونە ئوتتۇرىسىدا قاتتىق جەڭ باشلىنىپتۇ. راپونە يۈز نەيزە ئېتىپتۇ. رامە پەقەت يىگىرمە نەيزە ئېتىپلا ئۇنىڭ نەيزىلىرىنى سۇندۇرۇۋېتىپتۇ. راپونە ئۆزى-نىڭ ئەڭ ئۆتكۈر ئوقياسىنى ئېلىپ، رامەگە قارىتىپ ئارقا - ئارقىدىن ئېتىشقا باشلاپتۇ. رامە هوشىدىن كېتىپ يىقىلىپتۇ. بۇ چاغدا لەكشىمەنە مەيدانغا چۈشۈپ راپونەگە ئۆزىنىڭ ساماۋى قورالىنى ئېتىپتۇ. بۇ قورال ئۆتكۈر بولۇپ، هارۋىكەشنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىۋېتىپتۇ. جەڭ هارۋىسىمۇ پاچاقلىنىپ-تۇ. ئون باشلىق پادىشاھ لەكشىمەنەگە غەزەپ بىلەن تىكىلىپ، ئىبلىس دىۋە مايا بەرگەن ئۆز ۋۇن نەيزىسىنى ئېتىپتۇ. بۇ نەيزە ناهايىتى ئۆتكۈر، پارقىراق بولۇپ، هەرقانداق ئادەمنى هالاكەتكە ئۇچرىتىدىغان ئالاھىدە ئىقتىدارغا ئىگە ئىكەن. ساماۋىي ئىلاھ بىلەن ئەۋلىيا - ئەنبىيالار ئەندىشە قىلىشقا باشلاپتۇ: بۇ ئۆتكۈر نەيزە - هالاكەت ئىلاھىنىڭ سىڭلىسى... ناۋادا ئۇ كىمگە سانجىل-سا، جەزمەن هاياتىدىن ئايرىلىدۇ... نەيزە لەكشىمەنەگە سانجى-

لىپتۇ. ئۇنىڭ تىغى لەكشمەنەنىڭ مەيدىسىگە پۈتۈن پېتىچە كىرىپ، پەقەت سېپىلا سىرتىدا قاپتۇ.
هوشىغا كەلگەن رامە بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ تەلۋىلەرچە ئېتىلىپ بېرىپ، راۋونە بىلەن ئېلىشىپتۇ. بۇ قېتىمقى كەسكىن جەڭدە رامە راكشەسەلەرنىڭ مىڭلىغان لەشكەرلىرىنى يىقىتىپتۇ، قوراللىرىنى پارچە - پارچە قىلىۋېتىپتۇ. راۋونەنىڭمۇ خېلى كۆپ يەرلىرى يارىدار بولۇپ، ئاغرىققا چىدىماي بەدەر تىكىۋېتىپتۇ.
رامە ئەسلىدە ئۇن باشلىق پادىشاھنى ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولغانىكەن، بىراق ئۇ لەكشمەنەنىڭ بىھوش ياتقانلىقىنى كۆرۈپ، راۋونەنى قاچۇرۇۋېتىپ، ئالدىراپ - سالدىراپ ئىنىسىنىڭ هالىدىن خەۋەر ئالغىلى مېڭىپتۇ.
رامە لەكشمەنەنى قۇچىقىغا ئېلىپ، قاتتىق يىغلاپ كېتىپتۇ. ئاددىي كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان ساماۋى ئىلاھلار ئەرشتە تۇرۇپ:
— يىغلىماڭ! يىغلىماڭ، رامە! سىز لەكشمەنەگە قايتىدىن ئېرىشەلەيسىز! — دەپ ۋارقىراپتۇ. رامە يالۋۇرۇپ:
— سۇشىنە، لەكشمەنەنى تىرىلدۈرۈپ بەرسىڭىز، ئۇنى قۇتقۇزۇۋالسىڭىز، چۈنكى ئۇ مېنىڭ بارلىقىم ئىدى، — دەپتۇ.
سۇشىنە:
— ئالىيلىرى، كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، لەكشمەنە جەزمەن تىرىلىدۇ. ئۇنىڭ پۇت - قوللىرى ھېلىمۇ قىزىقكەن، چىرايىمۇ ناھايىتى ياخشى تۇرۇپتۇ، نەپىسىمو توختىماپتۇ. ھەنومانەنى دورا ئالغىلى ئەۋەتىڭ، — دەپتۇ.
— دەرد - ئەلەم يۈرىكىمنى قارىمىۋالدى. دورا ئەكەلگىلى ئۇنى ئۆزىڭىز ئەۋەتىڭ، سۇشىنە، — دەپتۇ رامە. سۇشىنە مۇنداق دەپتۇ:
— شامال ئىلاھىنىڭ ئوغلى، گېپىمگە قۇلاق سېلىڭ. سىز گەنتەمەرەتەن تېغىغا بېرىپ، «ۋىشەيەرەنى» دېگەن دورىلىق چۆپ-

نى تېپىپ كېلىڭ. گەنتەمەرەتەن ناھايىتى چوڭ تاغ، ئۇنىڭ ئالتە چوققىسى بار، بىرىنچى چوققىغا شىۋە ئولتۇراقلاشقان. ئىككىنچى چوققا ئاي كۆتۈرۈلىدىغان جاي. ئۈچىنچى چوققىدا ئوتتۇز مىڭ گەندەر ۋە ھەم ئۇلارنىڭ ئائىلىسى بار. تۆتىنچى چوققىنىڭ ھەممىلا يېرى دەرەخلىق. بەشىنچى چوققا شىر - يولۋاسلارنىڭ ماكانى. ئالتىنچى چوققىدا تېز ئاقىدىغان بىر دەريا بار. دەريانىڭ ئىككى يېقىدا نۇرغۇن دورىلىق ئوت - چۆپلەر بار. «ۋىشەيەرەنى» ئالتۇن رەڭلىك پىلەك تارتىدىغان ئۆسۈملۈك. ئۇنىڭدىن كۆك رەڭلىك چېچەك ئېچىلىدۇ. چېچىكىنىڭ غولى قىزىل كېلىدۇ. بۇگۈن كېچە لەكشمەنەنىڭ تىنىقى توختىغۇچە ئۇنى ئەكېلىڭ. شۇنداق قىلساق، ئۇنى ئوڭايلا قۇتقۇزۇۋالالاي-مىز. بىراق، تاڭ سۇزۇلۇپ قۇياش كۆتۈرۈلۈپ قالسا، ئۇ ھايا-تىدىن ئايرىلىدۇ. باتۇر ھەنومانە، ۋاقىتنى ئۆتكۈزمەڭ، دەرھال يولغا چىقىڭ. لەكشمەنەنىڭ ھاياتى سىزگە قاراشلىق.

— بېرىپ - كېلىشكە ئون سەككىز يىل ۋاقىت كېتىدۇ، ئۇ بۈگۈن كەچ قانداق قايتىپ كېلەلەيدۇ؟ — دەپتۇ.

شامال ئىلاھىنىڭ ئوغلى قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ قۇيرۇقى ۋە قۇلىقىنى ئۇزارتىپ بويىنىڭ ئېگىزلىكىنى يىگىرمە يوجەنگە، گەۋدىسىنىڭ كەڭلىكىنى ئون يوجەنگە كەل-تۈرۈپتۇ. ئۇ يەنە قۇيرۇقىنى ئاسمانغا تاقاشقۇدەك كۆتۈرۈپتۇ. ئۇ بىر سەكرەپلا ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ ھەيۋەتلىك ئۇچۇپتۇ. قۇي-رۇقى دەرەخلەر ۋە تاشلارنى ئۇچۇرتىۋېتىپتۇ.

ھەنومانە گەنتەمەرەتەن تېغىغا بېرىپ، دورىلىق ئوت - چۆپ-نى ئىزدەشكە باشلاپتۇ. ئۇ شاد - خۇرام تۇرمۇش كەچۈرىدىغان گەندەرۋەلەرنىڭ ئولتۇراق جايىغا كەپتۇ. ئۇ يەردىكى ئاياللار ئىنتايىن چىرايلىق بولۇپ، ئەرلەر بىلەن خۇشال - خورام ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ كۆڭۈل ئاچىدىكەن. بەزىلىرى چاۋاك چالسا، بەزىلىرى نەي ۋە سۇناي چالىدىكەن. ئۇلار ھەنومانەنىڭ

كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ھەيران بوپتۇ. ھەنومانە دەرھال سالام قىلىپ:

— سىلەر كېچىدە ئۇسسۇل ئويناپ، ناخشا ئېيتىشىپسىلەر. مۇزىكا چېلىۋاتقان قايسىڭلار؟ سىلەردىن گېپىمنى ئاڭلاپ بېقىشىڭلارنى سورايمەن... — دەپتۇ.

بىراق، گەندەرۋەلەر ھېچقانداق سەۋەبنى سۈرۈشتە قىلمايلا، يوپۇرۇلۇپ كېلىپ ھەنومانەنى ئۇرۇپتۇ. غەزەپلەنگەن ھەنومانە:

— مەن بارلىق گەندەرۋەلەرنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن، — دەپ بەدىنىنى تاغقا ئوخشاش ئۆزگەرتىپ، گەندەرۋەلەرنىڭ بېشىغا چىقىپ، ئۇلارنى يانجىپ بىر - بىرلەپ ياتقۇزۇۋېتىپتۇ.

ئەمما ئۇ ئەندىشە قىلغان ھالدا: «ئۇلارنى يەنە ئۆلتۈرۈۋېرىشىمنىڭ نېمە پايدىسى؟ كېچە ئۆتۈپ كېتەي دېدى، مەن تېخى دورىلىق ئوت - چۆپنى تاپالمىدىم» دەپ ئويلاپتۇ - دە، دورىلىق ئوت - چۆپنى قايتىدىن ئىزدەشكە باشلاپتۇ. لېكىن يەنىلا ئاۋارە بولغىنى قاپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ قارىشىچە ئەڭ ياخشى دەپ بىلگەن ئۇسسۇل بويىچە ئىش كۆرۈشنى قارار قىپتۇ. ئۇ ھېلىقى تاغنى قۇچاقلىۋېلىپ قاتتىق سىلكىپتۇ... تاغ گۇركىرەپ، سىلكىنىپ دەرەخلەر بىر - بىرلەپ يىقىلىپتۇ. ھەر خىل يىلانلار ئۇۋىسىدىن قېچىپ چىقىپتۇ. ھەنومانە گەنتەمەرەتى تېغىنى كۆتۈرۈپ، تېز-لىكتە رىنكاغا قاراپ ئۇچۇپتۇ.

ھەنومانە تاغنى رامەنىڭ ئالدىغا قويغاندا، كۆپچىلىك ھەيران بولۇپ ئېغىزىنى ئېچىپلا قاپتۇ. ھەنومانە:

— ھېلىقى دورىلىق ئوت - چۆپنى پەرق ئېتەلمەي، تاغنى يۆتكەپلا كەلدىم، — دەپتۇ. رامە:

— قەدىردان شامال ئىلاھىنىڭ ئوغلى، ئۈچ ئالەمدە سەن قىلالمايدىغان ئىش يوقكەن،... — دەپتۇ.

لەكشىمەنە دورىنىڭ پۇرىقىنى ئاستا - ئاستا ئىچىگە تارتىپتۇ. دورىنىڭ پۇرىقى بەدەنىنىڭ ھەممە يېرىگە تارقاپتۇ. ئۇ مە-

دىرلاپ، ئاستا - ئاستا ئېسىگە كەپتۇ. شۇنداق قىلىپ لەكشىمە- نەگە جان كىرىپتۇ. بۇ ئىشتىن كېيىن لەكشىمەنە رامەگە:
— راپونەنى ئۆلتۈرۈپ، يۈرىكىمىزگە ئورناپ كەتكەن دەر- دىمىزنى چىقىرىۋالايلى، چاپسان بولايلى، ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈۋەت- مەيلى، — دەپتۇ. رامە ماقۇل بوپتۇ. ئۇلار جەڭگە ھازىرلىنىپ- تۇ. مايمۇنلار جەڭ مەيدانىغا بېرىپ جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈ- رۈپتۇ.

بۇ ئاۋاز راپونەنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ. ئۇ خاتىرجەم بولالماپ- تۇ. روھىي چۈشكۈن ھالدا قايتىدىن ئۇرۇشقا تەييارلىق قىپتۇ. ئۇ قاپقارا بەدىنىگە ماي سۈركەپ، ئاپئاق جەڭ كىيىمىنى كىيىپ- تۇ. نۇر چاقناپ تۇرىدىغان نۇرغۇن زىننەت بۇيۇملىرىنى تاقاپتۇ، ساۋۇت - دۇبۇلغىلارنى كىيىپ، جەڭ مەيدانىغا مېڭىپتۇ.

ئون مىڭ توقال خانىش ئۇنى قاتمۇقات ئورىۋاپتۇ. ئۇلار ئۇنىڭ قولىغا ئېسىلىۋېلىپ، جەڭگە بارماسلىقىنى تەلەپ قىپتۇ. بىراق راپونە ئۇلارغا كۆز قىرىنىمۇ سېلىپ قويماپتۇ.

ئاخىرى خانىش مەندىترە مۇنداق دەپتۇ:

— رىنكانىڭ ھۆكۈمرانى، گېپىمگە قۇلاق سالسىلا، سىلى ئۆز كۆچلىرىگە تايىنىپ ئۈچ ئالەمنى بويسۇندۇرغانتىلە. مەن بولسام بىر نادان ئايال. بىراق، سىلىدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، گې- پىمگە قۇلاق سالسىلا، نومدا: « باشقا خەۋپ - خەتەر كەلگەندە، كىمىكى ئايال كىشىنىڭ نەسىھىتىنى قوبۇل قىلسا، شۇ كىشى تىنچ - ئامان بولىدۇ» دېگەن سۆز بار. سىلى رىنكاغا شۇنچە ئۇزۇن ھۆكۈمرانلىق قىلدىلا، مايمۇن دېڭىزدىن ئۆتۈپتۇ، دېگەن مۇمكىنچىلىكى يوق ئىشنى قاچان ئاڭلاپ باققانتىلە؟ ئۇلار تاش ۋە ياغاچلارنى دېڭىزدا قاچان لەيلىتەلىگەن؟ سىلى تاشنىڭ ئادەم پۇتىغا تېگىپ كېتىشى بىلەنلا ئادەمگە ئايلىنىدىغانلىقىنى قايسى دۆلەتتە ئاڭلىغانتىلە؟ رامە ئادەتتىكى ئادەم ئەمەس، سىدونى ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بەرسىلە، ئەمدى ئۇرۇش قىلمىسىلا.

راپونە بۇ گەپكە جاۋاب بېرىپ:

— سىدونى قايتۇرۇپ بەرسەمغۇ بولاتتى، بىراق ۋىبسەنە مېنى مەسخىرە قىلىدۇ. بۇنىڭغا مەن چىديالمايمەن. ئىندرە ۋە باشقا ساماۋى ئىلاھلارمۇ، راپونە ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ، سىدونى قايتۇرۇپ بېرىپتۇ، دەيدۇ. ئۇلار بوشاڭ، ئىقتىدارسىز نەرسىلەر. ئۇلارنىڭ مېنى مەسخىرە قىلىدىغانلىقىنى ئويلىساملا، ئاچچىقىم كېلىدۇ. مەن ئۇچۇن ئېيتقاندا، يەنىلا رامەنىڭ ئوقياسىدا ئۆلگىنىم تۈزۈك. مەن سىدونى ھەرگىز قايتۇرۇپ بەرمەيمەن. يىغلىماڭ، مەندترە، ئۆيگە كېتىڭ، — دەپتۇ.

راپونەنى ھېچكىم توسيالماپتۇ.

راپونەنىڭ ھارۋىكەشى چىرايلىق بىر ئالتۇن ھارۋىنى ھەيدەپ كەپتۇ. ھارۋىغا يېپەك بايراقلار قادىلىپ، نۇرغۇن قوراللار بېسىلغانىكەن. راپونە جەڭ ھارۋىسىغا چىقىپ:

— قولىغا قورال ئالالايدىغانلارنىڭ ھەممىسى چوڭ ـ كىچىك دېمەي جەڭ كىيىمى كىيىپ ئارقامدىن ماڭسۇن! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

ھەر خىل نەسەبتىكى راكشەسەلەر پادىشاھنىڭ چاقىرىقىغا دەرھال ئاۋاز قوشۇپتۇ. راپونە لەشكەرلىرىنى باشلاپ غەربىي قوۋۇققا بېرىپ، رامە ۋە لەكشمەلەرنى ئىزدەپتۇ.

راپونە جەڭ ھارۋىسىدا تۇرۇپ ئېلىشىپتۇ. رامە بولسا يەردە تۇرۇپ تاقابىل تۇرۇپتۇ. ساماۋىدىكى ئىلاھلارمۇ قورقۇپ تىترەپ كېتىپتۇ. ئۇلۇغ ئىلاھلار ئىندرەنىڭ جەڭ ھارۋىسىنى رامەنىڭ ئىشلىتىشىگە بېرىپتۇ. ھارۋىغا برەھمانىڭ تەڭداشسىز قوراللرى بېسىلغانىكەن. جەڭ ھارۋىسى چاقماقتەك تېزلىكتە كىشىلەر ئارىسىدا پەيدا بوپتۇ. رامە ۋە ئۇنىڭ سانغۇنلىرى ئويلىنىپ قاپتۇ:

— بۇ جەڭ ھارۋىسى قەيەردىن كەلگەندۇ؟ ئۇنى جەزمەن ئىبلىس پادىشاھ راپونە ئەۋەتكەن گەپ. ئۇ بىزگە تەڭ كېلەلمەي،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بىزنى ئېلىپ كەتمەكچى بوپتۇ ـ دە، — دېيىشىپتۇ.

ئىندرەنىڭ هارۋىكىشى ئۇلارغا تەزىم قىلىپ تۇرۇپ: «ئىدلاهلار سىلەرگە سالام يوللىدى... ئالىيلىرى، سىلى راپونەنى يوقىتىپ ئىلاهلارنى خۇش قىلغان بولسىلا، ئۈچ ئالەم سىلىنىڭ تۆهپىلىرىگە مەدھىيە ئوقۇيدۇ»، — دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ رامەجەڭ هارۋىسىغا چىقىپتۇ.

راپونە دەرغەزەپكە كېلىپ، رامەگە ئۈچ مىڭ يىلانسىمان نەيزە ئېتىپتۇ. رامە ئۇنى كۆرۈپ ۋەهىمىگە چۆمۈپتۇ، چۈنكى ئىندرەگىتىنىڭ «زەنجىرسىمان يىلان» لىرىنى ئۇنۇتمىغانىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دەررۇت ئوقۇپ، راپونەگە ئۆزىنىڭ «قوش نەيزە» دەيدىغان نەيزىسىنى ئېتىپتۇ. قوش نەيزە بىردىنلا «كارەتە» دېگەن سۇمۇرغ قۇشقا ئايلىنىپ، ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ، راپونەنىڭ زەهەرلىك يىلانلىرىنى يەپتۇ.

راپونە رامەنىڭ ئۆزىنىڭ دەرمە گۆهىرىنىڭ سىرىنى بىلدۈالغانلىقىنى كۆرۈپ، قاتتىق غەزەپلىنىپتۇ. بۇ چاغدا ئۇ ئوقياسىنى ئىندرەنىڭ ئېتىغا قارىتىپ ئېتىپتۇ. ئاغرىققا چىدىمىغان ئاتنىڭ ئېغىزىدىن ئاپئاق كۆپۈكچىلەر چىققىلى تۇرۇپتۇ. راپونە يەنە ئۆزىنىڭ خاسىيەتلىك كالتىكىنى كۆتۈرۈپ، رامەگە قارىتىپ ئېتىپتۇ. خاسىيەتلىك كالتەك ئوت پۈركىگەن پېتىچە، ئادەمنى جېنىدىن جۇدا قىلىدىغانغا ئۇچۇپ مېڭىپتۇ... رامە ئۆز قورالىنىڭ بۇ دەرمە گۆهەر ئالدىدا هېچقانداق رولى بولمىغانلىقىنى هېس قىپتۇ. بۇ چاغدا هارۋىكەش:

— ئىندرە سىلىگە بىر تەڭداشسىز نەيزە تەقدىم قىلغانىدى. جانابلىرى ئۇنى تېزرەك ئېلىپ ئۇنىڭ خاسىيەتلىك كالتىكىنى سۇندۇرۇۋەتسىلە، — دەپتۇ. رامەمۇ بۇ خاسىيەتلىك نەيزىنى ئېتىپتۇ. شۇنداق! راپونەنىڭ خاسىيەتلىك كالتىكى كۇكۇم تالقان بولۇپ كېتىپتۇ. راپونە دەرغەزەپ بىلەن بىرنەچچە ئالاهىدە ئوقيالارنى تاللاپ ئېلىپ رامەگە ئېتىپتۇ. بۇ ئوقيا رامەنىڭ

بەدىنىنى تېشىپ ئۆتۈپ، قاتتىق ئاغرىتىۋېتىپتۇ. رامە ئۆزىنىڭ
خاسىيەتلىك ئوقياسىنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئېتىپ، راپونەنى قات-
تىق يارىلاندۇرۇپتۇ.
رامە جان ئاچچىقىدا راپونەگە ۋارقىراپ تۇرۇپ:
— پادىشاھ راپونە، ئاڭلىشىمچە سەن ئۇلۇغ پادىشاھ ئىكەن-
سەن، ئەجىبا باشقىلارنىڭ ئايالىنى ئوغرىلاپ كەتكىنىڭدىن خىج-
جىل بولمامسەن؟ سەن مېنىڭ يوقلۇقىمدىن پايدىلىنىپ، ئايا-
لىمنى ئوغرىلاپ كېتىپسەن. مانا ئاخىر ئۇچراشتۇق. مەن سېنى
جەھەننەمگە يولغا سالىمەن. سېنىڭ ھەشەمەتلىك زىننەت بۇيۇم-
لىرىنى تاقىغان ئون بېشىڭنىڭ ھەممىسىنى دېڭىزغا تاشلىۋېتى-
مەن، — دەپتۇ. رامە ئۆزىنىڭ قايتىدىن ماغدۇرغا كەلگەنلىكىنى
ھېس قىپتۇ. ئۇ راپونەگە قارىتىپ، ئۆزىنىڭ «ئەجەل چاقى»
ناملىق ئوقياسىنى ئېتىپ، ئۇنىڭ بىر بېشىنى يەرگە چۈشۈرۈۋې-
تىپتۇ. بىراق، ئىلاھلار يەنە ۋەھىمىگە چۈمۈپتۇ. ئەسلىدە ئۇلار
راپونەنىڭ بويىنىدىن يەنە بىر باشنىڭ ئۆسۈپ چىققانلىقىنى كۆر-
گەنىكەن. رامە يەنە چاققانلىق بىلەن «يېرىم ئاي» دېگەن نەيزى-
سىنى ئېتىپتۇ. راپونەنىڭ ئىككى بېشى ئۈزۈلۈپ چۈشۈپتۇ.
بىراق، ئۇنىڭ ئورنىغا يەنە ئۇلارغا ئوخشاپ كېتىدىغان يېڭى
باشلار ئۆسۈپ چىقىپتۇ. رامە ئۆزىنىڭ ئەڭ ئۆتكۈر ئوقيالىرىنى
ئېتىپ، راپونەنىڭ ياقۇت دۇبۇلغا كىيگەن ئون بېشىنى بىر-
بىرلەپ ئۈزۈپ چۈشۈرۈۋېتىپتۇ. بىراق، ئۇلارنىڭ ئورنىغا ئۇلا-
رغا پۈتۈنلەي ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئون باش مۈرىسىدىن يەنە
ئۆسۈپ چىقىپتۇ. رامە:
«بۇ ھەقىقەتەن تەڭدىشى يوق مۆتىھەمدەك قىلىدۇ» دەپ
ئويلاپتۇ. بۇ قېتىم ئۇ قورالىنى پەسرەك قارىغا ئېلىپ ئېتىپ،
راپونەنىڭ تېنىنى ئىككى پارچە قىلىۋېتىپتۇ. بىراق، بىرھەمانىڭ
شاپائىتى تۈپەيلى، بۇ ئىككى پارچە تەن يەنە جۈپلىشىپ ئەسلىگە
كەپتۇ. ئۇ سەكرەپ قوپۇپ، رامەگە ئۆزىنىڭ ئەڭ قورقۇنچلۇق

قورالىنى قايتىدىن ئېتىپتۇ... ئىككى پادىشاھ مۇشۇ تەرىقىدە تەلۋىلەرچە ئېلىشىپتۇ. ئىككى تەرەپ قورالىدىن چىققان ئوت يالقۇنى ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ، قاراڭغۇ كېچىنى يورۇتۇۋېتىپتۇ. يەر - زېمىننى ئىس - تۈتەك قاپلاپتۇ. ئۈچ ئالەم غال - غال تىترەپ، خاتىرجەمسىزلىنىپتۇ. ئاسماندىكى يۇلتۇزلار قورقۇپ چايقىلىشقا باشلاپتۇ. رىنكامۇ جەڭ مەيدانىدىكى شاۋقۇن - سۈرەنلەر تۈپەيلى تىترەشكە باشلاپتۇ. قۇياش ۋە ئايلارمۇ ئۆز ئورنىدىن قوزغىلالماي قاپتۇ. رامە ئۆزىنىڭ «چوڭ ھالاكەت» ناملىق دەرمە گۆھىرىنى كۆتۈرۈپ، راپونەگە كۆچەپ ئېتىپتۇ. بۇ دەرمە گۆھەر راپونەنىڭ بەدىنىنى ئۆتمىتۆشۈك قىلىۋېتىپتۇ...

پۈتكۈل بەدىنى يارىلانغان راپونە ھاقارەت ۋە ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە يىغلىۋېتىپتۇ. ئۇنىڭ قوغداش ئىلاھى شىۋەمۇ ئۇنى تاشلاپ كېتىپ قاپتۇ. ئۇ ھازىر قىيىنچىلىققا يولۇققاندا كىمدىنمۇ ياردەم سورار؟... دۇكە! شىۋەنىڭ ياخشى كۆرىدىغان ئايالى... بۇ مېھرىبان ئالەم ئانىسى جەزمەن ئۇنىڭغا ياردەم قىلىدۇ. راپونە مۇشۇلارنى ئويلاپ، ئىككى قولىنى جۈپلەپ، ئىبادەت قىلىشقا باشلىدى. ئۇ ھۆرمەت ئېھتىرام بىلەن تەزىم قىلىپ تۇرۇپ:

— ئايال ئىلاھ، سىز ماڭا ياردەم قىلىڭ. ھازىر قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدىم. ماڭا ياردەم قىلىشىڭىزنى سورايمەن. مەندەك بىچارىگە ئىچىڭىز ئاغرىسۇن. رامە ئىككىمىز ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشتا شىۋە مېنى تاشلىۋەتتى. ھازىر سىزدىن باشقا كىمگە يالۋۇرىمەن؟ سىز مېھرىبان ئۇلۇغ ئىلاھ، سېھرىي كۈچىڭىزنىڭ تەڭدىشى يوق. كىم سىزنىڭ ياردىمىڭىزگە ئېرىشسە، شۇ غەلىبە قىلىدۇ...— دەپتۇ.

ئۇ چىن كۆڭلىدىن ئۇزۇن ئىبادەت قىپتۇ. ئاخىرى بۇ ئۇلۇغ ئايال ئىلاھ ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ، ئۇنىڭ جەڭ ھارۋىسىنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپتۇ.

رامە شىۋەنىڭ ئايالىنىڭ مېھرىبانلىق قىياپەت بىلەن قاپقارا راپونەنىڭ يېنىدا ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، قورقۇپ كېتىپتۇ. ئۇ ھەيران بولغان ھالدا ئوقياسىنى يەرگە قويۇپ، ئايال ئىلاھقا سەجدە قىپتۇ. ئارقىدىن ئۇ ۋىبسەنەگە:

— دوستۇم، ھازىر راپونە شىۋەنىڭ ئايالى دۇكەنىڭ قوغدىشىغا ئېرىشتى، ئەمدى ئۇنى كىممۇ ئۆلتۈرەلەيدۇ؟ — دەپتۇ.

رامە ئېغىر غەم ـ قايغۇغا چۆكۈپتۇ.

ئەرشتىكى ئەۋلىيا ـ ئەنبىيالارمۇ بۇنىڭغا باش قاتۇرۇپتۇ. ئىلاھلار پادىشاھى ئىندرە برەھمادىن ياردەم سوراپ:

— دۇكەنىڭ نېمە قىلغىنى؟ ئۇ دۈشمەنلىرىمىزنى يوقىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلمىسا، رامە قانداق قىلىدۇ؟ — دەپتۇ.

برەھما ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ:

— رامە ھازىرلا بېرىپ ئايال ئىلاھ دۇكەگە ئېھتىرام بىلدۈرۈپ سەجدە قىلسۇن. مۇشۇنداق قىلغاندىلا راپونەنى يوقاتقىلى بولىدۇ، — دەپتۇ.

برەھما دەرھال كېلىپ رامە بىلەن كۆرۈشۈپ:

— ئالىيلىرى، راپونەنى يوقىتىشنىڭ بىرلا ئامالى بار: سىز ھازىر بېرىپ ئايال ئىلاھ دۆكەگە سەجدە قىلىڭ. شۇنداقتا سىز بالايىئاپەتتىن خالى بولىسىز، — دەپتۇ.

— بىراق، ئۇ باھار پەسلىدىلا كىشىلەرنىڭ سەجدىسىنى قوبۇل قىلاتتىغۇ؟ ھازىر كۈز پەسلى، ۋاقتى ئەمەس. يۇلتۇزلار ماڭا ياخشى بىشارەت بەرمەيدۇ، — دەپتۇ رامە. برەھما:

— بۇنىڭ كارى چاغلىق، سىز تاڭ يورۇش بىلەنلا نەزىر ـ چىراغنى باشلاڭ، — دەپ قويۇپلا كېتىپ قاپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندە قۇياش كۆتۈرۈلۈشى بىلەنلا رامە دېڭىزغا يۇيۇنغىلى بېرىپتۇ. يۇيۇنۇپ بولۇپلا ئۇنىڭ كۆڭلى جايىغا چۈشۈپ قاپتۇ. مايمۇنلار تەييارلىققا كىرىشىپتۇ. ئۇلار نەزىر ـ چىراغقا لازىملىق بولغان گۈللەر ۋە مېۋە ـ چېۋىلەرنى يەتكۈزۈپ

بېرىپتۇ. رامە لايدىن دۆكەگە تەقلىد قىلىنغان بىر بۇتنى ياساپ، ئۇنىڭغا دۇئا ـ تىلاۋەت قىپتۇ. ئۇنىڭدىن رەھىم قىلىپ ئۇنىڭ نەزىر ـ چىرىغىنى قوبۇل قىلىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. رامە ۋە لەكشىمەنە ئىككىسى ئايال ئىلاھتىن ئىلتىپات قىلىشنى تىلەپتۇ.

ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەن چىن دىلى بىلەن ئۈچ كۈن دۇئا ـ تىلاۋەت قىپتۇ. ئۇلارنىڭ دۇئا ـ تىلاۋىتىمۇ شۇنداق قىزغىن، سەمىمىي بوپتۇ. بۇنىڭ بىلەن دۆكە ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتىپتۇ. كېلىپ ئۇلارغا مېھرىبانلىق بىلەن قاراپتۇ، لېكىن روھىنى ئىپادىلىمەپتۇ.

قانداق قىلغاندا ئايال ئىلاھنىڭ روھىنى كۆرگىلى بولار؟ ۋىبىسەنە رامەگە مۇنداق دەپتۇ:

— ئالىيلىرى، ئايال ئىلاھنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشەي دېسىڭىز، چوقۇم بىر يۈز سەككىز تال نىلۇپەر گۈلىنى تەييار قىلىڭ، نىلۇپەر ناھايىتى ئەتىۋارلىق ۋە چىرايلىق گۈل، ئۇنىڭغا ساماۋى ئىلاھلارمۇ ئاسانلىقچە ئېرىشەلمەيدۇ.

ھەنومانە رامەنى غەم باسقانلىقىنى كۆرۈپ:

— خاتىرجەم بولۇڭ. نىلۇپەر گۈلى بولىدىغانلا بولسا، ئۇنىڭ ئۈچ ئالەمنىڭ قەيېرىدە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، چوقۇم ئۇنى تېپىپ ئەكېلىپ بېرىمەن، — دەپتۇ. ۋىبىسەنە:

— سىز پورەكلەپ ئېچىلغان نىلۇپەر گۈلىنى بۇ دۇنيادىكى «پەرىشتىلەر كۆلى» دىن تاپالايسىز، — دەپتۇ.

ھەنومانە نىلۇپەر گۈلىنى ئىزدەش ئۈچۈن شامالدەك تېزلىكتە ئۇچۇپ چىقىپ كەتكەندە، رامە دۇئا تىلاۋەتنى چىن دىلى بىلەن يەنە داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ھەنومانە نىلۇپەر گۈلىنى ناھايىتى تېزلا ئېلىپ كەپتۇ. ئۇ بىريۈز سەككىز تال نىلۇپەر گۈلىنى رامەگە بىر ـ بىرلەپ ساناپ تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ.

رامە تولىمۇ خۇشال بولۇپ، گۈللەرنىڭ ھەممىسىنى ئايال ئىلاھقا تەقدىم قىپتۇ. ئۇ ھەربىر تال نىلۇپەرنى بەرگەندە، بىر

قېتىم دۇئا قىپتۇ... ئۇ بىر يۈز ئالتە تال نىلۇپەرنى تاپشۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، قولىدا بىر تاللا قاپتۇ. ئۇ بىريۈز سەككىز نىلۇپەرنى تاپشۇرۇشى كېرەك ئىكەن. ئاخىرقى بىر تېلى قەيەرگە كەتكەندۇ؟

— بۇ زادى قانداق ئىش؟ ئەي شامال ئىلاھىنىڭ ئوغلى، گۈللەرنىڭ بىرى كۆرۈنمەيدىغۇ؟ مەن ئايال ئىلاھقا بىر يۈز سەككىز تال نىلۇپەر گۈلى بېرىشكە ۋەدە قىلغان. سىز دەرھال «پەرىشتىلەر كۆلى» گە يەنە بىر قېتىم بېرىپ يەنە بىر تال گۈل ئۈزۈپ كەلسىڭىز، — دەپتۇ رامە.

ھەنومانە ئەدەپ بىلەن جاۋاب بېرىپ:

— ئالىيلىرى، مەن ئىنچىكىلىك بىلەن سانىغان، بىر تې-لىمۇ چۈشۈپ قالغىنى يوق، ئەمدى ئۈزۈپ كېلەلمەيمەن. كۆلدە گۈل قالمىدى. بىراق ئۈمىدسىزلەنمەڭ. مەن خاتالاشمىدىم. دۆكە سىزنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن جەزمەن بىر تېلىنى تىقىپ قويغان ئوخشايدۇ! — دەپتۇ.

ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ مۇنداق دەپتۇ:

— ئەي، ئايال ئىلاھ! ھېرىپ ھالىم قالمىدى... مەن دۇنياغا كۆز ئاچقاندىن باشلاپلا، ماڭا دەرد ـ ئەلەم ھەمراھ بولۇپ كەلدى. ئەي ئانا، مېنى نېمانچە قىينايسىز؟ مېنىڭ پادىشاھلىـ قىم تارتىۋېلىندى... مەن ئورمانلىققا كەتتىم، سىز يەنىلا ماڭا ئىچ ئاغرىتمايۋاتىسىز، راپونە ئايالىمنى ئوغرىلاپ كەتتى... مەن مايمۇنلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىپ، دېڭىزدا كۆۋرۈك ياساپ ئۇنى قۇتقۇزماقچى بولدۇم... نۇرغۇن راكشەسەلەرنى ئۆلتۈردۇم. ھا-زىر راپونە تېخىچە ئۆلمىدى. مەن سىزگە دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىپ سەجدە قىلغىلى خېلى ئۇزۇن بولدى. بىراق سىز تېخى ماڭا شاپائەت قىلغىلى ئۇنىمايۋاتىسىز.

كۆپچىلىك رامەنىڭ كۆڭلى يېرىم بولغانلىقىنى كۆرۈپ يىغ-لاپ كېتىپتۇ. رامە يىغلاپ تۇرۇپ:

— ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، مېنىڭ كۆزۈم نىلۇپەرگە ئوخشاي-دىكەن... مەن ۋەدەمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، بىر كۆزۈمنى ئويۇۋېلىپ سىز ئاپال ئىلاھقا تەقدىم قىلماقچىمەن، — دەپتۇ-دە، ئوقداندىن بىر تال ئوقيانى ئاپتۇ. ئۇ ئوقيانى كۆزىگە سانجىماقچى بولۇپ تۇرغاندا، ئاپال ئىلاھ دۆكە ئىچ ئاغرىتىپ، ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋاپتۇ ۋە:

— نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟ سەن ۋەدەڭنى ئىشقا ئاشۇردۇڭ، كۆزۈڭنى بېرىشىڭنىڭ ھاجىتى قالمىدى. ھازىردىن ئېتىبارەن، بارلىق ئىشلىرىڭ ئوڭۇشلۇق بولىدۇ، — دەپتۇ. رامە يەنە گەپ قىلىشقا تەمشىلىپتىكەن، ئاپال ئىلاھ كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

رامە ھېلىقى لايدىن ياسىغان دۆكەنىڭ بۇتىنى دېڭىزغا تاشلىۋېتىپتۇ. مايمۇنلار شاد ـ خۇرام بولۇشۇپ، ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئوينىشىپتۇ.

مۇشۇ ئىشتىن كېيىن، رامە بىلەن راپونە ئىككىيلەن يەنە بىر قېتىم جەڭ قىپتۇ. جەڭ باشلانغۇچە، ھەنومانە راپونەنى ئۆلتۈرىدىغان «ئەجەل نەيزىسى» دەيدىغان قورالنى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن ياساپ چىقىپ، رامەگە ئەكېلىپ بەرگەنىكەن.

ساماۋى ئىلاھلار رامەنىڭ «ئەجەل نەيزىسى»نى كۆتۈرۈۋالغانلىقىنى يۇقىرىدا تۇرۇپ كۆرۈپتۇ. بۇ نەيزە ئالتۇندىن ياسالغان بولۇپ، شەكلى ئاق قۇغا ئوخشايدىكەن. بۇ قورال ئالدىغا قاراپ ئۇچقاندا، توققۇز شامال ئىلاھى شامال چىقىرىپ ئۇنى ئىتتىرىپ ماڭىدىكەن. ئەجەل ئىلاھى كۆزگە كۆرۈنمىگەن ھالدا ئۇستىدە ئولتۇرىدىكەن. بۇ قورال شۇنداق يامان ئىكەنكى، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە يەر شارىنى پاچاقلاپ تاشلىيالايدىكەن. رامە ئەجەل ئىلاھمۇ بۇ قورالنى كۆتۈرگەن ھالدا بىرنەچچە دۇرۇت ئوقۇپتۇ، ئارقىدىن ۋېشمۇدورەدىن ئامانلىق تىلەپتۇ ۋە نىشاننى قارىغا ئېلىپ، قورالنى ئېتىۋېتىپتۇ. گۈلدۈر قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ



www.uyghurkitap.com

نەيزە ئۇچۇپ چىقىپتۇ ۋە قارا ئىس ۋە يالقۇن پەيدا قىپتۇ. راپونە بۇ نەيزىنى تونۇغاچقا، ئۆزىنىڭ جەزمەن ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىپتۇ. جاننى ئالىدىغان بۇ نەيزە ئۇنىڭ مەيدىسىگە سانجىلىپتۇ... ئۇنىڭدا قاتتىق ئاغرىق پەيدا بوپتۇ ـ دە، يەرگە يىقىلىپتۇ.

ئەجەل ئىلاھىنىڭ ئەلچىلىرى كەپتۇ. بىراق، راپونەنىڭ تېخى جېنى چىقمىغاچقا، ئۇلار يەنە قايتىپ كېتىپتۇ. رامە:

— راپونە ئەسلىدە تەقۋادار ئادەم ئىدى. ئۇ قارغىشقا كەتكەنلىكتىن راكشەسەگە ئايلىنىپ قالغان. ئۇ هازىر ئېغىر يارىدار بولۇپ جەڭگاھتا يېتىپ قالدى. ئۇ ئۆلۈپ كېتىشتىن بۇرۇن ئۇنى چوقۇم يوقلاپ قويايلى، — دېگەنلەرنى ئويلاپ، لەكشمەنەنى چاقىرىپ كەپتۇ. رامە ئۇنىڭغا مۇنداق دەپتۇ:

— لەكشمەنە، گېپىمگە ئوبدانراق قۇلاق سال. بىز پادىشاهلار ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. بىراق، بىزگە باشتىن ـ ئاخىر پادىشاه دادىمىزنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش يولىنى ئۆگىنىش پۇرسىتى چىقمىدى. بىز ئورمانلىقتا راكشەسە تاراكەنى ئۆلتۈردۇق... كېيىن هەر ئىككىمىز لا توي قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئايوتوغا قايتىپ كەلدۇق. بىراق، تەقدىرنىڭ ئىرادىسى بىلەن ئۇمىدىمىز كۆپۈككە ئايلاندى. مەن دادامنىڭ ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىش ئۈچۈن، ئورمانلىققا كېلىشكە مەجبۇر بولدۇم. بىز ئورمانلىقتا ئون تۆت يىل سەرگەردان بولۇپ يۈردۇق. بىزگە ئېيىقلار ۋە مايمۇنلار هەمراه بولدى. بىز ئايوتوغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن، دۆلەت مېنىڭ باشقۇرۇشىمغا تاپشۇرۇلىدۇ. بىراق، مەن پادىشاهنىڭ مەسئۇلىيىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى چۈشەنمەيمەن. بىر پادىشاهنىڭ قانداق قىلغاندا توغرا، قانداق قىلغاندا خاتا ئىش قىلىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيمەن. بۇلارنى ماڭا كىم ئۆگىتىدۇ؟ مەن كىمدىن يوليورۇق سورايمەن؟ ئېهتىمال ئايوتو پۇقرالىرى مېنى ياخشى ئەمەس دېيىشى مۇمكىن... مەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەھۋالنىڭ مۇشۇنداق بولۇشىدىن ئەنسىرەيمەن. راپونە بىر ئۆمۈر دۆلەت باشقۇرۇپ، پوتكول پۇقرالارنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىپ كەلگەن. راكشەسلەرنىڭ ماھىيىتى تۇپەيلى، ئۇ نۇرغۇن ئەسكى ئىشلارنى قىلغان، لېكىن ئۇ يەنىلا ئەقىللىق ھۆكۈمران. ھازىر ئۇنىڭ روھى تېنىدىن ناھايىتى تېزلا ئاجراپ بولىدۇ. سەن ھازىر بېرىپ ئۇنىڭ بەزى دۆلەت باشقۇرۇش ۋە ئىدارە قىلىش ئۇسۇللىرى توغرىسىدا ئۇنىڭدىن يوليورۇق سوراپ باقساڭ، ئۇنىڭ پىكىرىنى ئاڭلاپ بېقىش بىزگە پايدىلىق. نومدا: «بىر ئادەم ئۆزى بىزار بولغان جايدىمۇ بىباھا گۆھەر تاپالايدۇ» دېگەن سۆز بار ئىكەن.

رامەنىڭ ئۆتۈنۈشى بىلەن لەكشىمەنە راپونەنىڭ «ھالاكەت نەيزىسى» دە يارىلىنىپ ياتقان جايىغا كەپتۇ. راپونە ئۇنى كۆرۈپلا:

— لەكشىمەنە ئالىيلىرى، مەن نۇرغۇن گۇناھ ئۆتكۈزدۈم. سىلىنىڭ مېنى كەچۈرۈشلىرىنى سورايمەن. چۈنكى مەن ھازىر ئۆلۈپ كېتىمەن، — دەپتۇ. لەكشىمەنە بۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ:

— بۇنى سەندىن كۆرمەيمەن. بۇنىڭ ھەممىسى تەقدىرنىڭ ئىرادىسى بىلەن بولغان، سەن رىنكانىڭ پادىشاھى. قورسىقىڭدا بىلىمىڭ كۆپ، رامە مېنى سەندىن دۆلەتنى قانداق ئىدارە قىلىش يوللىرى توغرىسىدا يوليورۇق سوراشقا ئەۋەتتى، — دەپتۇ.

— رامە بىلمەيدىغان ئىشمۇ بارمۇ؟ مەن ئۇنىڭغا نېمىلەرنى ئۆگىتەرمەن؟ — دەپتۇ راپونە، — بىراق، ئۇ ئۆزىنىڭ چاكىرىغا گەپ قىل دەپ بۇيرۇق قىلسا، ئۇ مەشەگە كېلىشنى خالىسىلا، ئازراق ئەرزىمەس بىلىمىمنى ئۇنىڭغا ھەدىيە قىلىمەن. ھاياتىم ئاخىرلىشاي دېدى... ئەپسۇس، مەن ئۆزۈم خوجايىنىمنىڭ ئالدىغا بارالمايدىغان بولدۇم.

لەكشىمەنە رامەنىڭ قېشىغا بېرىپ:

— راپونە ماڭا بىرمۇنچە تەسىرلىك گەپلەرنى قىلدى، بىراق

ماڭا ھېچنېمە دېمىدى. ئۇ سەن بىلەن كۆرۈشمەكچىكەن. ئۇنىڭ يارىسى ئىنتايىن ئېغىر ئىكەن، مىدىرلىيالمايدىكەن، — دەپتۇ.

رامە راپونەنىڭ يېنىغا بېرىپتۇ. ئۇنىڭ يارىسى ئېغىر بولغاچقا، ئورنىدىن تۇرالماپتۇ، رامەگە پەقەت كۆڭلىدىلا ھۆرمەت بىلدۈرەلەپتۇ. ئۇنىڭ يارىسى توختىماي ئاغرىپ تۇرغانلىقتىن، گەپ قىلىشمۇ ناھايىتى تەسلىشىپ قالغانىكەن... ئۇ رامەگە كۆزىنى ئۈزمەي قاراپتۇ. كۆز ئالدىدىكى بۇ ھەيۋەتلىك ئوبراز ئۇنىڭ نەزەرىدە ناھايىتى چوڭ كۆرۈنۈپتۇ.

ئۇ ئىنجىقلاپ تۇرۇپ مۇنداق دەپتۇ:

— سىلى مەڭگۇ ھايات ئۆتىدىغان ئۇلۇغلار دۇنياغا قايتا ئاپىرىدە قىلغان ئادەم، سىلى مەندەك دوستى يوق ئادەمنىڭ دوستى، چۈشكۈنلەشكۈچىلەرنىڭ نىجاتكارى. سىلى ماڭا كەڭچىلىك قىلسىلا. مەن قارغىش كەتكەنلىكىمدىن، بۇ دۇنيادا راكشەسگە ئايلىنىپ قالدىم. مېنىڭ ئىبلىس دېۋلەرگە خاس ھاياتىم پەمسىزلىك، نادانلىق، ياخشى - ياماننى پەرق ئېتەلمەسلىك بىلەن ئۆتتى. سىلىنىڭ گۇناھىمنى كەچۈرۈۋېتىشلىرىنى سورايمەن. لوھور مىللىتىنىڭ ھۆكۈمرانى. مەن سىلىگە نېمىنى ئۆگىتەلەيمەن؟ دۇنيادا سىلىنىڭ بىلمەيدىغانلىرى يوق.

— ئېھتىمال شۇنداقتۇ. بىراق، بىر ئادەم ھامان ئۆگىنىشى كېرەكتە. سەن ياشتا چوڭ، ئۇنىڭ ئۈستىگە تەجرىبەڭ بار. ئەڭ پاراسەتلىك پادىشاھ بولۇپ ئۆتتۈڭ. مەن سېنىڭ ياخشى بىلەن يامانلىق ھەم دۆلەتنى قانداق ئىدارە قىلىش توغرىسىدىكى پىكىرلىرىڭنى ئاڭلاپ باقماقچىمەن، — دەپتۇ رامە.

راپونەنىڭ تىنىقلىرى ئېتىلىپ، گەپ قىلىشى قىيىنلىشىپتۇ:

— ھاياتىم ئاخىرلىشاي دېدى. ئۇنداقتا مېنىڭ دەپ بېرەلەيدىغان ئازراق ئەرزىمەس ئىشلىرىمنى ئاڭلاپ باقسىلا. ناۋادا ياخشى ئىش قىلماقچى بولسىلا، دەرھال تۇتۇش قىلسىلا، ھەر-

www.uyghurkitap.com

گىنىز ئارقىغا سۈرمىسىلە. ئۇنداق قىلمىسىلا، ئورۇنداپ بولالمايلا، ئالىيلىرى مەن» بۇنى سىلىگە ئىسپاتلاپ بېرەي.

بىر كۈنى، مەن تەگرى تېغىدىن چۈشۈپ، جەڭ ھارۋامنى تاسادىپەن «ھالاكەت شەھىرى»نى كۆرۈپ قالدىم. «ھالاكەت شەھىرى» دىكى ئۈچ قوۋۇق ئالدىدا، ئاق كۆڭۈل تەقۋادار ئادەملەرنى كۆردۈم. بىراق، جەنۇبىي قوۋۇقنى قاراڭغۇلۇق قاپلىغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە دوزاختىكى سەكسەن تۆت چوڭقۇر ئازگال بار ئىكەن. گۇناھكار ئادەملەر ئەشۇ ئازگالغا سولىنىپ، تاياق يەيدىكەن. ئۇلار ئازگالدىن بېشىنى كۆتۈرسىلا، ئەجەل ئىلاھىنىڭ گۇندىپايلىرى ئۇلارنى قاتتىق ئۇرىدىكەن. مەن ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتىپ، ئۆز ئۆزۈمگە: «مەن پۈتكۈل گۇناھكارلارنى ئازابتىن خالاس قىلىمەن» دېدىم. رىنكاغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ھەر كۈنى ئاشۇ چوڭقۇر ئازگاللارنى تىندۇرۇۋېتىشنى ئويلىدىم، لېكىن بۇ ئىشنى ھەمىشە ئارقىغا سۈرۈۋەردىم. كېيىن سىلى بىلەن ئۇرۇشقاندىن كېيىن، بۇ خىزمەت ئورۇندالمىدى. ناۋادا مەن قىلماقچى بولغان ئىشنى دەرھال قىلىۋەتكەن بولسام نېمەدېگەن ياخشى بولاتتى — ھە! لېكىن، مەن بوشاڭلىق قىلىپ، ئۇنى بىر ياققا قايرىپ قويدۇم. ھازىر بۇ ئىشتىن مەڭگۈ ئەپسۇسلىنىمەن.

مەن سىلىگە يەنە بىر ئىشنى دەپ بېرەي:

بىر كۈنى مەن، ئالتۇندىن ياسالغان رىنكا شەھىرى نېمە ئۈچۈن تۈزلۈق دېڭىز بىلەن ئورالغاندۇ؟ بىرەھمان يەتتە دېڭىز — ئوكياننى ئاپىرىدە قىلدى. سۈت، ئىرىمچىك، قايماقلىقدېڭىز — ئوكيان بار تۇرۇقلۇق، نېمىدەپ مەن مۇشۇنداق تۈزلۈق دېڭىز — ئوكيان ئارىسىدا تۇرغۇدەكمەن، دەپ ئويلىدىم. مۇشۇ تۈزلۈق سۈنى چىقىرىۋېتىپ، مەشەگە سۈتلۈك دېڭىزنى يۆتكەپ كېلىمەن دەپ قەسەم قىلدىم. بىراق، بۇ ئىشنى ھەر كۈنى ئارقىغا سۈرۈۋەردىم. ئاڭغىچە ئىككىمىز ئوتتۇرىسىدا ئۇ-

رۇش يۈز بېرىپ، بۇ تۇزلۇق سۇنى چىقىرىۋېتىشكە پەقەت ئامال قىلالمىدىم. مەن بۇ ئىشتىن مەڭگۇ ھەسرەت چېكىدىغان بول-دۇم. شۇڭا، ئالىيلىرى ئۇنتۇپ قالماسلىقلىرى كېرەككى، ئە-گەر بىرەر ياخشى ئىش قىلماقچى بولسىلا، دەرھال تۇتۇش قىل-سىلا. چۈنكى، سۆرەلمىلىك قىلسا، ياخشى ئىشنى باشقا ئېلىپ چىققىلى بولمايدىكەن. ھازىر يەنە بىر ئىشنى ئاڭلاپ باقسىلا!...

بىرھەمان نۇرغۇن جانلىقلار... يىلان ۋە ئادەملەر، يەردە ۋە ئاسماندا ياشايدىغان ھاياتلىقلار، شۇنداقلا ياخشى ۋە يامان جىن - ئالۋاستىلار ھەمدە گەندەرۋەلەرنى ياراتتى. ھەممە جانلىق-لار ئەۋلىيا - ئەنبىيالار ياشايدىغان دۆلەتلەرگە بېرىشقا تەشنا بولىدۇ، بىراق، ئىنتايىن ئاز ساندىكى تەلەيلىك جانلىقلارلا شۇ يەرگە بارالايدۇ، مۇتلەق كۆپ ساندىكىلىرىدە ئۇنداق ئامەت بول-مايدۇ. ئۇلار ئۇنداق سېھرىي كۈچكە مەڭگۇ ئېرىشەلمەيدۇ. مەن ئەشۇنداقلارغا ئىچ ئاغرىتىپ، ھەممە ھاياتلىقنى ساماۋىغا چىقىرى-ۋەتمەكچى بولدۇم. شۇنداق قىلىپ، ۋەشىگەمەگە بىر يول ياسات-قۇزماقچى بولدۇم. ئۇ يەردىن ئاسمانغىچە تۇتىشىدىغان بىر شوتى-نى ياسىغان بولسا... كىمنىڭ ئۆز ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرغۇسى كەلسە شۇ شوتىغا چىقىپ يۇقىرىغا يامىشىقان بولسا، ئاشۇ بەخت - سائادەتلىك ماكانغا بارالىغان بولاتتى. مەن مۇشۇ شەرەپلىك ئىش تۈپەيلى، قەھرىمانلىق نامىمنىڭ ئۈچ ئالەمدە مەڭگۇ تارقىلىپ يۈرۈشىنى ئۈمىد قىلاتتىم. ناۋادا مېنىڭ بۇ ئارزۇيۇم ئىشقا ئېشىپ، ئاسمانغىچە تۇتىشىدىغان شوتا بالدۇرراق پۈتكەن بولسا ياخشى بولاتتى. بىراق، مەن بۇ پىلاننى ھەر كۈنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، ئەتە قىلساممۇ كېچىكمەيمەن دەپ يۈرۈ-ۋەردىم. شۇڭا بۇ ئىش مەڭگۇ ئىشقا ئاشمىدى. شۇڭا، ياخشى ئۈمىد - ئارزۇنى تېز ئىشقا ئاشۇرۇشى لازىم ئىكەن...

— گېپىمنى ئاڭلا، رىنكانىڭ ھۆكۈمرانى. ياخشى ئىشلار-

www.uyghurkitap.com

نىغۇ خېلى كۆپ سۆزلىدىڭ، — دەپتۇ رامە، — ھازىر سىزنىڭ يامان ئىشلار توغرىسىدىكى پىكىرلىرىڭىزنى ئاڭلاپ باقاي، جىنايى مەقسەتلىرىڭىزنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئالدىراپ كېتىپ قانداق ئاقىۋەتكە قالدىڭ؟ بۇ ھەقتىكى تەجرىبە - ساۋاقلىرىڭىزنى ئېيتىپ بەرگىن.

راپونە جاۋاب بېرىپ مۇنداق دەپتۇ:

— بۇ ھەقتە سىلىگە نۇرغۇن ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىمەن. مەن پۈتۈن ئۆمرۈمدە نۇرغۇن يامان ئىشلارنى قىلدىم... بىراق، ھازىر ياردار بولغانلىقىمدىن بارغانسېرى ھالىمدىن كېتىۋاتىمەن. ئالىيلىرى... خېلى كۆپ ئىشلارنى سىلىگە ئېيتىپ بەرگۈم بار ئىدى. ھازىر سىلىگە بىرلا ئىشنى ئېيتىپ بېرەلەيمەن... قۇلاق - بۇرنىدىن ئايرىلغان سىڭلىم سۈپىنەكە ئالدىمغا يىغلىپ نالە قىلسا، مەن ئۇنىڭ قىزىقتۇرۇشى ۋە نالىسىگە چىدىماي سىدونى بۇلاپ قاچماقچى بولدۇم. شۇ چاغدا كاللامدا: «ھازىر بۇلىمايمەن، كېيىن بىر گەپ بولار» دېگەن ئوي پەيدا بولغانىدى. بىراق يەنىلا ئۇنى قولغا كەلتۈرۈش، ئىمكان بار بالدۇرراق قولغا كەلتۈرۈش قارارىغا كەلدىم. شۇنىڭ بىلەن دەرھال يامان ئىشنى قىلدىم، ئۇنى بۇلاپ قېچىش بىلەن تەڭ، ئۆزۈمگىمۇ گۇمران بولۇش ئاقىۋىتىنى كەلتۈرۈپ بەردىم. بارلىق بالا - چاقا، نەۋرە - چەۋرىلىرىم ئۆلۈپ كەتتى. بۈگۈنكى كۈنلۈكتە، رىنكانىڭ ماڭا ئوخشاش بىر ھۆكۈمرانىمۇ ئۆزۈمنىڭ سەۋەنلىكى تۈپەيلى ئۆلۈپ كېتىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىمەن. ناۋادا سىڭلىمنىڭ كەينىگە كىرمىگەن بولسام، مەڭگۈ گۇمران بولمايتتىم... ئالىيلىرى، مەن بىلىدىغان ياخشى - يامان ئىشلارنى دەپ بولدۇم...

گەپ قىلىپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، راپونەنىڭ ئۈزۈپ - ئۈزۈپ دېگەن گەپلىرى بارغانسېرى ئېنىق چىقماي قاپتۇ، ئاخىرى گەپ قىلالماي قاپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ خۇنۇك كۆزلىرى بىلەن رامەنىڭ پۈتىنى ئىزدەپتۇ... ئۇ تىنىقتىن قالاي دەپ تۇرغان

چاغدىمۇ، ئىڭراپ تۇرۇپ: «رامە...» دەپ توۋلاپتۇ.

رامە راكشەسلەرنىڭ بۇ ھاكاۋۇر پادىشاھىنىڭ غايەت زور جەسىتىنى كۆرۈپ، ئىختىيارسىز ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ قاپتۇ. «ئاھ، پەرۋەردىگاھ!» دەپ ھەسرەت چېكىپتۇ. ۋىبسەنە رامەنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ ھۆركىرەپ يىغلىۋېتىپتۇ. ئۇ راۋەنەنىڭ بېشىنى ئۆزىنىڭ پۇتىغا قويۇپ، كۆڭلى يېرىم بولغان ھالدا يىغلاپتۇ.

راۋەنەنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى ئوردىغا يېتىپ كەپتۇ. چىرايلىق خانىشلار ۋە توقال خانىشلار يالاڭ ئاياغ پېتىچە جەڭ مەيدانىغا كەپتۇ. ئۆكسۈپ يىغلاۋاتقان ئون تۆت مىڭ ئايال يۇلتۇزلار ئاينى ئورىۋالغاندەك راۋەنەنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋاپتۇ. بەزىلىرى يەرگە يېتىۋاپتۇ. خانىش مەندىرە ئېرىنىڭ پۇتىنىڭ يېنىدا بۇقۇلداپ يىغلاپ تەزىيە بىلدۈرۈپتۇ. ئۇ:

— سىلى ئۆلسىلىرى مەن قانداق ياشايمەن؟ سىلى ھېلىقى قارا يىلان سىدونى نېمشقا بۇلاپ كەلگەن بولغىيتىلە؟ بىزنىڭ ئالتۇندەك رىنكا شەھىرىمىز قۇرۇقدىلىپ قالدى. ئۇنى رامە ۋە لەكشمەنەلەر ۋەيران قىلدى. مۇشۇ بالايىئاپەتلەرنى سىدو كەلتۈ-رۈپ چىقاردى. سىلىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشلىرىگە سىڭىللىرى سۇپ-نەگە سەۋەبچى بولدى. ئۇ سىلىنى سىدونى بۇلاپ ئەكېلىشكە قۇتراتتى. پەۋەردىگاھ، دۇنيادىكى ئەڭ باتۇر قەھرىمانىمىز ئا-دەملەر ۋە مايمۇنلارغا قارشى ئۇرۇشتا ئۆلۈپ كەتتى. سىلىنىڭ سان ـ ساناقسىز بايلىقلىرىنىڭ نېمە ئەھمىيىتى قالدى؟ مەن ئېرىم ۋە باللىرىمدىن ئايرىلىپ قانداقمۇ ياشارمەن؟ — دەپتۇ.

ۋىبسەنە ئۇنىڭغا ئېھتىرام بىلدۈرۈپ:

— مەندىرە خانىش، گېپىمگە قۇلاق سېلىڭ، كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، ئوردىغا قايتىپ كېتىڭ، شۇنى چۈشىنىشىڭىز كېرەككى، بۇلارنىڭ ھەممىسى تەقدىر ئىلاھىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇ-شى، — دەپتۇ. مەندىرە يىغلاپ تۇرۇپ:

— مەن چوقۇم پادىشاھنى ئۆلتۈرگەن ھېلىقى ئادەم بىلەن كۆرۈشىمەن. راما ئۇ ئادەتتىكى ئادەم ئەمەس، بەلكى ئۇلۇغ ئىلاھ ۋىشنو، — دەپتۇ.

ئۇ ئاددىي كىيىملەرنى كىيىپ، چاچلىرىنى چۇۋۇغان ھالدا مايمۇنلار ئارىسىدا ئولتۇرغان رامىنىڭ يېنىغا كەپتۇ ۋە ئۇنىڭ پۇتىغا باش قويۇپتۇ.

راما ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى پەقەت بىلمەيدىكەن، بىراق ئۇنىڭ بۇ خىل بىچارە ھالىتىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا بەخت تىلەپتۇ.

ئۇ پەس ئاۋازدا:

— سىزنىڭ مەڭگۈ ياخشى ئايال بولۇشىڭىزغا تىلەكداشمەن، — دەپتۇ.

مەندترە ئىككى قولىنى جۈپلەپ تۇرۇپ ھۆرمەت بىلدۈرۈپتۇ، ۋە يىغلاپ تۇرۇپ:

— سىلى نېمە ئۈچۈن ماڭا بەخت تىلەيلا؟ ئاي - كۈنلەر يۇقىرىغا ئۆرلىمەي توختاپ قېلىشى، قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىز - ئوكيانلار يوقىلىپ كۆزدىن غايىب بولۇشى مۇمكىن، لېكىن گەپلىرىنىڭ ئەمەلگە ئاشماسلىقى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. مەن ئىبلىس دىۋە مايانىڭ قىزى، راۋونەنىڭ ئايالى. ئېرىم ئۆلدى. مەن ئەمدى ئۇنىڭ قانداقمۇ ئايالى بولاي؟ سىلى مېنىڭ ئېرىمنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق گەپلەرنى قىلدىلا؟ — دەپتۇ.

روھى سىلىنىتىدىن بولغان راما بۇ گەپتىن خىجىل بوپتۇ.

— گېپىمنى ئاڭلاڭ، خانىش مەندترە، قايتىپ كېتىڭ. كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلىۋەرمەڭ، ئېرىڭىز ئۆلۈمى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ جىنايىتىنى يۇيۇپ، ئەۋلىيالار ماكانى ۋەنگۈنتەگە كېتىدۇ. سىزگە راست گەپ قىلىۋاتىمەن. ئېرىڭىزنى كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلغان ئوتنىڭ يالقۇنى پۈتۈنلەي ئۆچۈپ كەتمەيدۇ. شۇڭا سىز ئۇنىڭ مەڭگۈلۈك ئايالى بولالايسىز. (ھىندىستاننىڭ رەس-

مي - قائىدىسى بويىچە، ئۆلگۈچىنىڭ ئايالى دەپىنىدىكى ئوت يالقۇنى يۇتۇنلەي ئۆچكەندىن كېيىن، ئاندىن تۇل خوتۇنلۇق كى-يىمىنى كىيىدىكەن).

راكشەسلەر ئامباردىن نۇرغۇن ياقۇت ۋە چىرايلىق كىيىم-لەرنى ئەكېلىپتۇ. ئوت ياققاندا ئىشلىتىلىدىغان ساندال ياغاچلى-رىنى هارۋىلاردا توشۇپ كەپتۇ. راپونەنىڭ غايەت زور جەسىتىنى مىڭ راكشەسە لەشكىرى مىدىرلىتالماپتۇ. كۈچ جەھەتتە تەڭداش-سىز هەنۇمانە راپونەنى كۆتۈرۈپ، دېڭىز بويىغا ئەكەپتۇ. ئۇ يەردە ئۇنىڭ بەدەنلىرىنى يۇيۇپتۇ ھەمدە ئۇنىڭ بەدىنىگە خۇش پۇراق ساندال مېيىنى سۈرتۈپتۇ. چىرايلىق كىيىملەرنى كىيدۈ-رۈپتۇ. ئاندىن كېيىن، تەبىقىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئالتۇن يىپنى بويىنىغا ئېسىپتۇ. ئوت دەپىندە جەسەتنى كۆيدۈرىدىغان ئوتۇنلارنىڭ ھەممىسىگە خۇش پۇراق ساندال ياغىچى تەييارلىنىپ-تۇ. راپونەنىڭ جەستى دەپنە ياغاچلىرىنىڭ ئۈستىگە قويۇلۇپتۇ. ۋىبسەنە مەشئەلنى كۆتۈرۈپ، ئوتۇن دۆۋىسىگە ئوت يېقىپتۇ... ئۇنىڭ ئەتراپىدا رامە ۋە لەكشمەنەلەر ئولتۇرۇپتۇ.

ئىندرەنىڭ هارۋىكىشى رامە بىلەن خوشلاشقىلى كەپتۇ. رامە ئۇنىڭغا سەمىمىيلىك بىلەن:

— سىز مېنىڭ نامىمدىن ساماۋى پادىشاھغا ھۆرمەت - ئېھتىرام بىلدۈرۈپ قويۇڭ. ئۇنىڭغا ئۇچ ئالەمنىڭ ئاساسي دۈشمىنى راپونە ئۆلتۈرۈلۈپتۇ، دەپ قويۇڭ، — دەپتۇ. هارۋى-كەش تەزىم قىلىپ چىقىپ كېتىپتۇ.

سۇچىرىپە رامەنىڭ يېنىغا كەپتۇ. رامە غۇلىچىنى ئېچىپ ئۇنى قۇچاقلاپتۇ:

— مەڭگۈ سېنىڭدەك دوستۇم بولغاي ئىلاھىم. سەن يېنىم-دا بولىدىغانلا بولساڭ، دۇنيانى بويسۇندۇرالايمەن. ساڭا تايانغاچ-لىقىم ئۈچۈنلا، دېڭىز - ئوكيانلاردىن هالقىپ ئۆتۈپ، راپونەنى مەغلۇپ قىلالىدىم. مەن هازىر ۋىبسەنەنىڭ مېھىر - شەپقىتىگە

جاۋاب قايتۇرماقچىمەن.

رامە پەرمان چۈشۈرۈشى بىلەنلا، ھەنومانە، ئەمگەتۇ قاتار-لىق مايمۇنلار بۇ قېتىمقى مۇراسىم تەييارلىقىغا جىددىي تۇتۇش قىپتۇ. ۋىبىسەنەنىڭ پادىشاھ بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر ھەممە تەرەپكە جاكارلىنىپتۇ. رىنكا پۇقرالىرى تەنتەنە قىلىشىپ بايرام ناخشىلىرىنى ئېيتىپتۇ. راكشەسەلەر ۋە مايمۇنلار بىرلىكتە ئالتۇن ۋە ھەر خىل ياقۇت، ئەتىرلەرنى يۆتكەپ كەپتۇ يەنە مۇقەددەس جايغا بېرىپ زەمزەم سۇلىرىنى ئېلىپ كەپتۇ. ھەممە يەرنى ناخشا - ئۇسسۇل سادالىرى قاپلاپتۇ. رامە ۋىبىسەنەگە ئۆز قولى بىلەن خۇش پۇراق ماي سۈركەپ قويۇپتۇ.

مەندترەمۇ دىيانەت سۇيىنى ۋىبىسەنەنىڭ ئۈستىگە سېپىپتۇ. ئالتۇندىن ياسالغان شاھ كۈنلۈكى ۋىبىسەنەنىڭ بېشىغا تۇتۇلۇپتۇ، شۇنداق قىلىپ ئۇ رىنكانىڭ پادىشاھلىقىغا تەيىنلىنىپتۇ.

## سەككىزىنچى قىسسە

# ئەشۇكە بېغىدا — سىدونىڭ ئارزۇسىنىڭ رېئاللىقتا ئايلىنىشى

سىدو ئەشۇكە بېغىدا تۇرغان مەزگىلدە، رامەنىڭ غەلىبە قىلغانلىقىنى بىلمەيدىكەن.

گۈزەل سىدو جەڭ داۋاملىشىۋاتقان مەزگىلدە، كۈنلەرنى خۇددى تىكەن ئۈستىدە ئولتۇرغاندەك دەرد ـ ئەلەم ۋە تەشۋىش ئىچىدە ئۆتكۈزۈپتۇ.

ئۇنىڭ تەقدىرنىڭ ئىرادىسى بويىچە ئىش كۆرمەكتىن باشقا ئامالى يوق ئىكەن. ئۇ، بىر پالچىنىڭ: «سىزدە ياخشىلىقنىڭ ئالامەتلىرى بار ئىكەن. چاچلىرىڭىز شالاڭ ھەم كۆكۈش ئىكەن. قاشلىرىڭىز قوشۇما، چىرايىڭىز نۇرلۇق ئىلاھە ماندەك چىراي-لىق ئىكەن. بەدىنىڭىزدىكى تۈكلەر يۇمشاق، چىشلىرىڭىز قو-يۇق ئىكەن، چېكىڭىز، كۆزلىرىڭىز، پۇت ـ قوللىرىڭىز، ئو-شۇقلىرىڭىز ھەم پاچاقلىرىڭىز بەدىنىڭىزگە ناھايىتى لايىق ئو-رۇنلاشقانىكەن، تىرناقلىرىڭىز يۇمىلاق ھەم سىلىق ئىكەن، بار-ماقلىرىڭىز كۆركەم ھەم تەكشى ئىكەن، پۇت ـ قولىڭىزدا ئارپا دېنىچىلىك بەلگە بار ئىكەن. خاسىيەتلىك بەلگە ـ ئالامەتلەرنى چۈشىنىدىغان برەھمامۇ سىزنىڭ بالىلىق بولىدىغانلىقىڭىزنى، تۇل قالمايدىغانلىقىڭىزنى ئېيتقاندى... ئىلاھىم مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى رېئاللىقتا ئايلانغاي، سىز راستتىنلا رامە بىلەن جەم بولالايسىز، دېگەندى» دېگەن گەپلىرىنى بىر ـ بىرلەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئويلاپ چىقىپتۇ.

سىدو كۆڭۈلەرنى كېچە ـ كۈندۈز سېغىنىش ئىچىدە ئۆتكۈزۈۋاتقاندا، ھەنومانە رامەنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە، ئەشۇكە بېغىغا قاراپ ئالدىراش يولغا چىقىپتۇ. ئۇ سىدوغا بولغان ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. سىدو خۇشاللىقىدا خېلىغىچە بىرەر ئېغىزمۇ گەپ قىلالماي قاپتۇ. ھەنومانە تىت ـ تىت بولۇپ:

نېمىنى ئويلاۋاتىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ھەنومانە، سىز ماڭا مۇشۇنداق زور خۇش خەۋەرنى يەتكۈزدىڭىز، مېنىڭ ھازىر سىزگە بەرگۈدەك سوۋغىتىممۇ يوق. مەن سىزگە پادىشاھلىق دۆلەت ئاتا قىلغان تەقدىردىمۇ، سىزنىڭ مېھرى ـ شەپقىتىڭىزگە جاۋاب قايتۇرالمايمەن.

— ماڭا پادىشاھلىق دۆلەت، بايلىق دېگەن نەرسىلەر كېرەك ئەمەس. مېنىڭ بىرلا تەلىپىم بار، سىز مېنىڭ ئەشۇكەدە قوغداش خىزمىتىنى ئىشلىگەن بارلىق ياۋۇز ئايال راكشەسەلەرنى ئۆلتۈرۈۋېتىشىمگە رۇخسەت قىلسىڭىز، ئۇلار سىزنى قىيناپ، قاتتىق ھاقارەت قىپتۇ.

— ھەنومانە، سىز نېمىدەپ ئاياللارنى ئۆلتۈرۈپ، نامىڭىزنى بۇلغايسىز؟ مېنىڭ تارتقان بارلىق دەرد ـ ئەلەملىرىم تەقدىرنىڭ ئىرادىسى بىلەن بولغان. بۇ ئايال راكشەسەلەر مېنى راۋونەنىڭ بۇيرۇقى بويىچە قىيىنىدى. ھازىر راۋونە ۋە ئۇنىڭ پۈتكۈل جەمەتى ئۆلۈپ بوپتۇ. ھازىردىن باشلاپ ئۇلار مېنىڭ خىزمىتىمنى قىلىدۇ. مەن شارى رامەنىڭ پۇتىغا باش قويغان چېغىمدا، ئۇلار مەن تارتقان ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ بېرىدۇ، — دەپتۇسىدو.

ھەنومانە رامەنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا سىدونىڭ ئەھۋالىنى يەتكۈزۈپتۇ:

— بۇ قېتىمقى ئۇرۇش سىدونى قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلدى. ھازىر ئۇنىڭ رەڭگىرويى ساماندەك سارغىيىپ،

بەك ياداپ كېتىپتۇ. ئورۇقلاپ بۇرۇنقى ھالىتىنىڭ يېرىمىچە-لىكمۇ قالماپتۇ. ئۇ ئۆزىنى نەزەربەند قىلغان ئايال راكشەسەلەر-نىڭ قولىدا نۇرغۇن ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى چېكىپتۇ. بىراق، ئۇ سىزنىلا ئويلايدىكەن.

«سىدونى كىم ئېلىپ كەلسە بولار؟» رامە چوڭقۇر ئويلان-



غاندىن كېيىن، ئۇ يەرگە ۋىبسەنەنى ئەۋەتىش ئەڭ مۇۋاپىق دەپ ئويلاپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇنى ئەكېلىشكە رىنكانىڭ يېڭى پادىشاھنى ئەۋەتىپتۇ.

ۋىبسەنە ئەشۇكە بېغىغا كەلگەندىن كېيىن، سىدوغا ھۆرمەت - ئېھتىرام بىلەن تەزىم قىپتۇ ۋە:

— كېناگانىڭ قىزى، مەن سىزنى رامەنىڭ يېنىغا ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن كەلدىم. ئازاب - ئوقۇبەتلىك كۈنلەر ئۆتۈپ كەتتى. تېز بېرىپ يۇيۇنۇپ، كىيىمىڭىزنى ئالماشتۇرۇۋېلىڭ، — دەپتۇ. سىدو ئېغىر ئۇھ تارتىپ تۇرۇپ:

بۇ يەردە، مەن قاندا قمۇ يۇيۇنۇپ كىيىم ئالماشتۇرالايمەن؟ — دەپتۇ.

ۋىبسەنەنىڭ ئايالى، ساھىبجامال شىرەمە سىدونى دەرھال ئۆزىنىڭ ئۆيىگە باشلاپ كەپتۇ. سىدونى ئۇ يەردە نۇرغۇن دېدەك قىزلار كۈتۈۋاپتۇ. ئۇلار ئۇنىڭ بەدىنىگە خۇش پۇراق مايلار ۋە زەيتۇن مەلھىمى سۈرتۈپتۇ. ئۇنىڭ بەدىنىنى تېخىمۇ پاكىز يۇيۇش ئۈچۈن، گۈرۈچ ئۇنى قىيامى بىلەن بەدەنلىرىنى سۈرتۈپتۇ ھەمدە ياقۇت شىشىدىكى ئەتىرنى ئۇنىڭ بېشىغا چېچىپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، يىپەك ياغلىق بىلەن ئۇنىڭ ئاپئاق بەدىنىنى سۈرتۈپ قۇرۇتۇپتۇ. ئۇلار ئۇنىڭغا ھەشەمەتلىك كىيىملىرىنى كىيدۈرۈپتۇ، كىيىمگە قىممەت باھالىق ياقۇتلارنى تاقاپتۇ، چېچىنى ئۆرۈپ ئۇنىڭغا گۆھەر قاداپتۇ. ئۇنىڭ ئىككى كۆزىگە قاپقارا سۈرمە سۈرۈپتۇ. پېشانىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قىپقىزىل خال چېكىپتۇ. بوينىغا كۆزنى چاقنىتىدىغان مەرۋايىتلارنى ئېسىپتۇ. سىدو چىرايىدىن نۇر يېغىپ، شاد - خۇراملىقتا چۆمگەن ھالدا، ياقۇت بىلەن بېزىلىپ، تاۋار - دۇردۇن سېلىنغان تەختىراۋانغا ئولتۇرۇپ رامە بىلەن كۆرۈشكىلى مېڭىپتۇ.

ئۇستىۋېشىنى چاڭ - توزان باسقان، چاچلىرى چۇۋۇلغان خانىش مەندىرە كۆزىگە لىق ياش ئالغان ھالدا سىدو ئولتۇرغان

تەختىراۋان ئالدىغا كېلىپ:
— سېنىڭ سەۋەبىڭدىن ئېرىمدىن ئايرىلىپ قالدىم. سەن بۇ شەھەرنى ۋەيران قىلغاندىن كېيىن، ئىچ ـ ئىچىڭدىن خۇشال بولۇپ رامە بىلەن ئۇچرىشىسەن، سېنىڭ بۇ خۇشاللىقىڭ ئۇزۇنغا بارمايدۇ. تۇيۇقسىز كۆڭۈلسىزلىككە ئۇچرايسەن. لوھور مىللىتىنىڭ ھۆكۈمرانى رامە ساڭا زەھەرلىك كۆزلىرى بىلەن قارايدۇ. مەن ئىلگىرى پاك ـ دىيانەتلىك ۋاپادار ئايال ئىدىم، ئېرىمنى جان ـ جەھلىم بىلەن ياخشى كۆرەتتىم، شۇڭا مېنىڭ قارغىشلىرىم ھەرگىز ئەمەلگە ئاشماي قالمايدۇ،— دەپتۇ ـ دە، كېتىپ قاپتۇ. ۋىبسەنەمۇ سىدونى تېزلا ئەكېتىپتۇ.
رىنكادىكى راكشەسە ئايالىلار ئۇنىڭ ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ يىغلىشىپتۇ. ئۇلار ۋارقىراپ تۇرۇپ:
— سەنغۇ رامە بىلەن خۇشال كۆرۈشىدىكەنسەن، بىز بولساق ئېرىمىزدىن ئايرىلىپ قالدۇق... رامە ئەمدى سېنى ياخشى كۆرمەيدۇ...— دەپ، يىغلىغان پېتىچە ئۆيلىرىگە قايتىشىپتۇ.
سىدونىڭ تەختىراۋاننى كۆتۈرگەنلەر يولىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ... توۋار پەردە يېپىلغان تەختىراۋان رىنكا قەلئەسىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ئالدىغا ماڭالماي توختاشقا مەجبۇر بوپتۇ. ئۇ يەردە مايمۇنلار ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، ئۇلار تەختىراۋان ئىچىدە ئولتۇرغان سىدونى ئوبدانراق كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن ئۆزئارا ئۇرۇشۇپ كېتىپتۇ. يول باشلاپ ماڭغان ۋىبسەنە بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، ئۇ مايمۇنلارنى قامچىلاپ يول ئېچىپتۇ... ۋىبسەنە ھەسرەپ ـ ھۆمىدىگەن ھالدا، قامچىسىنى قارسىلدىتىپ يول ئېچىپ، تەختىراۋاننى ئۆتكۈزۈپتۇ ۋە ئاران تەسلىكتە رامەنىڭ ئالدىغا ئەكەپتۇ.
رامە ئولتۇرغانىكەن، ئۇنىڭ ئوڭ يېنىدا سۇچىرىپە، سول يېنىدا لەكشمەنە تۇرغانىكەن، ئۇنىڭ ئەتراپىدا چەپۇەن قوللىرىنى جۈپلەپ ھۆرمەت ـ ئېھتىرام بىلەن ئۆرە تۇرغانىكەن. رامە

www.uyghurkitap.com

مايمۇنلارنىڭ قاتتىق تاياق يېگەنلىكىنى كۆرۈپ، سىنتايىن ئاچچىقى كېلىپ، ۋىبىسەنەگە مۇنداق دەپتۇ:

پادىشاھنىڭ ئانىسى دېگەن خەلقنىڭ ئانىسى، بالىلىرى ئانىسىنى كۆرۈپ باقاي دېگەننىڭ نېمە يامان يېرى بار؟ مەن چۈشەنمىدىم، سەن نېمە ئۈچۈن تەختىراۋاننى چۈمكىۋالىسەن؟ مايمۇنلارنى نېمە ئۈچۈن ئۇرىسەن؟ ئاۋۇ توۋزار پەردىنى تېز ئېلىۋېتىپ، سىدونى كۆپچىلىككە كۆرسەت. ئۇلارنى توسۇما، ئۇنى ھەممە ئادەم قالغۇچە كۆرسۇن. ئۇنى مەن قۇتقۇزۇپ چىقتىم. پاك - دىيانەتلىك ئايال ئۆزىنىڭ پاكلىقىنى چوقۇم ساقلايدۇ.

رامەنىڭ مۇشۇ گەپلەرنى قىلىشتىكى مەقسىتىنى ئەسلىدە ھەنومانەلا چۈشىنەتتى. رامە سىدونى سىناپ باقماقچى ئىدى... رامەنىڭ ئاچچىقلىنىشى ۋىبىسەنەنى ھەيران قالدۇرۇپتۇ. ئۇ تەختىراۋاندىن پەردىنى ئېلىۋەتكەندىن كېيىن، سىدو تەختىراۋاندىن چۈشۈپتۇ... كۆپچىلىك ئۇنىڭ زىلۋا، چىرايلىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ. ئۇنىڭ كالپۇكلىرى قىپقىزىل جىنەستىگە ئوخشايدىكەن... ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى تەرىپلەش مۇمكىن ئەمەسكەن... سىدو ئالدىغا مېڭىپ، رامەگە ئېگىلىپ تەزىم قىپتۇ ھەم كۆيۈمچانلىق بىلەن لەكشمەنەدىن ئەھۋال سوراپتۇ. لەكشمەنەمۇ ھۆرمەت - ئېھتىرام بىلەن ئۇنىڭغا تەزىم قىپتۇ.

رامە سىدونى كۆرۈپ خۇشاللىق ۋە خاپىلىق ئارىلاشقان زىددىيەت ئىچىدە قاپتۇ. ئۇ سىدونىڭ ساداقەتمەنلىكىنى ۋە ئۆزىنى قانداق قىزغىن سۆيىدىغانلىقىنى چوڭقۇر چۈشىنىدىكەن، بىراق ئۇ قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ئوي - پىكرى بىلەن ھېسابلاشمىسىمۇ بولمايدىكەن. شۇڭا ئۇنىڭ كۆڭلى ئىنتايىن غەش ئىكەن، چۈنكى قول ئاستىدىكىلەرنىڭ كۆڭلىدە غۇم پەيدا بولغانىكەن. مەسىلەن، ئۇلار ئۆزلىرى ھىمايە قىلغان ئادىمىنىڭ ئايالى ئۈچۈن جان پىدالىق بىلەن ئۇرۇش قىلدى. بۇ ئۇلارنىڭ مۇشۇ ئايال ئۈچۈن جېنىنى تىكىپ قويۇپ ئۇرۇش قىلىشىغا ئەرزىمدۇ؟ سىدو

ئۆزۈن مەزگىل نەزەربەند ئاستىدا تۇرغان مەزگىللەردە، سىدو رامە-گە راستىنلا ئىزچىل سادىق بولۇپ كەلدىمۇ؟ ياكى راپونە ئۇنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىپ بولدىمۇ؟ ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلىرى سىدونى دەپ نۇرغۇن جاپا چەكتى. ئۇ جەزمەن رامەنىڭ ساداقەت-مەن ۋە پاك ـ دىيانەتلىك ئايالى ئىكەنلىكىنى ئۇلارغا ئىسپاتلاپ بېرىشى كېرەك... بىراق قانداق ئىسپاتلايدۇ؟ رامە ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىشى كېرەك... رامەنىڭ ئامالىنىڭ يوقىدىن چىقارماقچى بول-غان بۇ قارارى ئۇنى قاتتىق ئازابلاپتۇ، بىراق ئۇنىڭدىن باشقا تۇزۇكرەك ئامال تاپالماپتۇ...

ئۇ سىدوغا قاتتىق تەلەپپۇز بىلەن:

— ئون ئايدىن بېرى چەت ئەل زېمىنىدا يالغۇز تۇردىڭىز، سىزنىڭ راكشەسەلەر ئارىسىدا نېمە ئىشلارنى قىلىپ يۈرگەنلىكىڭىزنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. مەن سىزنى ئەمدى خوتۇن قىلالماي-مەن، سىز قەيەردە تۇرۇشنى خالىسىڭىز، شۇ يەرگە كېتىڭ. سىزنى قۇتقۇزۇپ قويدۇم، ئەمدى مەن سىز بىلەن خوشلىشى-مەن، — دەپتۇ.

سىدو رامەنىڭ دەھشەتلىك گەپلىرىنى ئاڭلاپ يىغلىۋېتىپتۇ. ئۇنىڭ يېنىدىكى نۇرغۇن ئادەم ھەيرانلىقتىن گەپ قىلالماي قاپتۇ ... سىدو يېشىنى ئېرتىۋېتىپ، ئاستاغىنە مۇنداق دەپتۇ:

— سىز مېنىڭ ئېرىم، مېنى ئەڭ ياخشى چۈشىنىسىز، سىز مېنى شۇنداق ياخشى چۈشىنىدىغان ئادەم تۇرۇقلۇق، بۇگۈن-كى كۈندە نېمىدەپ بۇ گەپنى قىلىسىز؟ مەن كىچىكىمدە باللار بىلەن بىللە ئوينىغان، لېكىن ئوغۇل باللارغا ئەزەلدىن ئارىلاش-مىغان. ھېلىقى ئەشەددىي ھايۋان راپونەنىڭ ماڭا پەقەت مۇشۇ يەردىلا قولى تەگدى. سىز نېمە ئۈچۈن مېنى ئادەتتىكى ئايال قاتارىدا كۆرىسىز؟ ئەينى چاغدا، سىز ھەنومانەنى قېشىمغا ئەۋەت-كەندە، نېمە ئۈچۈن مەندىن ۋاز كەچمەكچى بولغانلىقىڭىزنى ئېيتمىغانتىڭىز؟ ئەگەر ئېيتقان بولسىڭىز، مەن شۇ چاغدىلا

زەھەر ئىچىپ ياكى ئۆزۈمنى ئوتقا تاشلاپ ئۆلۈۋالغان بولار ئىدىم. مايمۇنلار قوشۇنى نۇرغۇن جاپا چېكىپ دېڭىز ئۈستىگە كۆۋرۈك ساپتۇ. سىز بۇ ئۇرۇشتا كۆپ جاپا چېكىپسىز، سىز مۇشۇنداق ئىشلارنى قىلىپ تۇرۇپمۇ، يەنە مەندىن ۋاز كەچمەكچىمۇ؟ مەن ئەۋلىيا ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئەجەبا مەن قۇياش جەمەتىگە ياتلىق بولۇپ كېلىپ، تەقدىرىم مۇشۇنداق بولامدۇ؟ ئەمدى ياشىشىمنىڭ نېمە مەنىسى قالدى؟ مەن دېگەن سوۋغات سۈپىتىدە بىرسىگە ئىختىيارىچە بېرىۋېتىدىغان ئۇسسۇلچى ئايال ئەمەس. سىز مېنى جامائەت ئالدىدا ھاقارەتلىدىڭىز، لەكشمەنە، سىز ماڭا ياردەملىشىپ بىر ئوت ئازگىلى تەييارلاپ بېرىڭ، شۇنداقتا، بارلىق قۇرۇق تۆھمەتلەر شۇنىڭ بىلەن تۈگەيدۇ.

لەكشمەنە رامەگە قاراپتۇ. رامە:

— ئوت ئازگىلى كولاڭلار! سىدونىڭ ھاياتى ئەسلىدىلا ئارتۇقچە ھايات ئىدى، ئۇ ئوت ئىچىدە كۆيۈپ، ئۆزىنىڭ ئار-نومۇسىنى ئاقلىسۇن، — دەپتۇ.

رامەنىڭ بۇيرۇقى بويىچە، بىر ئوت ئازگىلى قېزىلىپتۇ. مايمۇنلار قوشۇنى ساندال ياغىچى ئېلىپ كەپتۇ، ياغاچلارغا ئوت يېقىلىپتۇ. ئوت لاۋۇلداپ كۆيگىلى تۇرۇپتۇ... سىدو خوشلىشىش مۇراسىمىدىكى ئادەت بويىچە، رامەنىڭ ئەتراپىنى يەتتە قېتىم ئايلىنىپتۇ، ئۇنىڭغا ھۆرمەت - ئېھتىرام بىلەن بىر قېتىم تەزىم قىپتۇ... ئوت ئازگىلى ئەتراپىنى ئۈچ قېتىم ئايلىنىپتۇ. ئارقىدىن بىر ئوچۇم ئالتۇننى ئوت ئازگىلىغا تاشلاپتۇ. ئۇ ئىككى قولىنى جۈپلەپ ئاستاغىنە دۇئا قىلىپ تۇرۇپ:

— ئوت ئىلاھى، سىز ئىنسانلارنىڭ گۇناھى ۋە تۆھپىسىنى كۆرۈپ تۇرغۇچى... ناۋادا مەن جىسمانىي، روھىي جەھەتتە سۆز - ھەرىكەتتە بىر ساداقەتلىك ھەم دىيانەتلىك ئايال بولۇشقا مۇناسىپ بولغان بولسام، ئۇنداقتا، سىزنىڭ زىيان - زەخمىتىڭىزگە ئۇچرىمايمەن، — دەپتۇ - دە، نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ



يىغا ـ زارلىرى ئىچىدە، ئوت ئازگىلىغا سەكرەپتۇ...
رامە قاتتىق دەرد ـ ئەلەم ئىچىدە يىغلاپ تۇرۇپ:
— ئىنىم لەكشىمەنە، ئەمدى مەن قانداق قىلىمەن؟ سىدو قانداق بولۇپ كېتەر؟ ئەي، كېناگانىڭ قىزى، ئوت ئىچىدىن قايتىپ چىقىڭ. مەن سىزسىز ياشىيالمايمەن. قەدىرلىكىم، ئوت-تىن تېز قايتىپ چىقىڭ، سىزنىڭ مېھرلىك چىرايىڭىزنى يەنە بىر قېتىم كۆرۈۋالاي، مەن ئورمانلىقتا ئون تۆت يىل تۇرۇپ، نۇرغۇن جايلارنى ئايلاندىم، سىز يېنىمدا بولغانلىقىڭىز ئۈچۈنلا، قىلچە جاپا ھېس قىلمىدىم، پەرۋەردىگاھ! پەرۋەردىگاھ! سىدو كېتىپ ھەممە ئىش تۈگىشىدىغان بولدى، — دەپتۇ.
رامەنىڭ كۆزىدىن تارام ـ تارام ياش ئېقىپتۇ، دۇنيا گويا قۇرۇقدىلىپ قالغاندەك بولۇپ قاپتۇ. ئۇ قاتتىق ھەسرەت چېكىپ-تۇ. ساماۋىي ئىلاھلارمۇ بۇنىڭدىن تەسىرلىنىپ يىغلاپ كېتىپ-

تۇ. ئۇلار:

— يىغلىماڭ، يىغلىماڭ، سۆيۈملۈك سىدورىڭىزغا قايتا ئېرىشىسىز، — دەپ ۋارقىرىشىپتۇ.

رامە كۆڭلى يېرىم بولۇپ ھوشىدىن كېتىپتۇ. ئەرشتىكى ساماۋى ئىلاھلار دەرھال ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپتۇ. برەھمان:

— سىز نېمە ئۈچۈن ئادەتتىكى ئادەملەرگە ئوخشاش مىشىل-داپ يىغلاۋېرىسىز؟ سىز دۇنيانىڭ خوجايىنى. سىدو يەنىلا سىز-نىڭ ئايالىڭىز، — دەپتۇ. رامە قايغۇرغان ھالەتتە:

— مەن ئاددىي ئادەم سۈپىتىدە دۇنياغا كەلگەن تۇرسام، ھەرىكىتىممۇ ئاددىي ئادەملەردەك بولۇشى كېرەك، ئاھ، سىدو، سىدو!، دەپ نالە قىپتۇ.

برەھما ئوت ئىلاھىنى چاقىرىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا:

— سىدونى رامەگە تېزرەك قايتۇرۇپ بەرگىن، — دەپتۇ.

ئوت ئىلاھى ئوت ئازگىلىغا كىرىپتۇ. ئۇ سىدونى يالقۇنجاپ كۆيۈۋاتقان ئوت ئىچىدىن كۆتۈرۈۋېلىپ، قىرغاققا ئېلىپ چىقىپ-تۇ. سىدونىڭ ھېچيېرى كۆيمەپتۇ. ئۇنىڭ يىپەك كىيىملىرى ۋە چېچىدىكى بەش تال گۈلنىڭمۇ شۇ پېتىچە تۇرغانلىقىنى كۆ-رۈپ، كۆپچىلىك ھەيران قاپتۇ.

سىدو قوللىرىنى جۈپلەپ رامەنىڭ ئالدىدا پەيدا بوپتۇ. ئوت ئىلاھى:

— مەن ياخشىلىق ـ يامانلىقنىڭ گۇۋاھچىسى، ھېچقانداق ئىش مېنىڭ كۆزۈمدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. ھېچقانداق ئادەم مېنى ئالدىيالمايدۇ. مەن سىدونىڭ گۇناھى بارلىقىنى سەزمى-دىم.... رامە، مەن بۈگۈن بىر ئېسىل پەزىلەتلىك ئايال بىلەن ئۇچراشقانلىقىمدىن ئۆزۈمنى شەرەپلىك ھېس قىلىمەن، ئەمدى سىدونىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلىۋەرمەڭ. ئەگەر ئۇ سىزنىڭ دۆلە-تىڭىزنى قارغىسا، دۆلىتىڭىز جەزمەن ۋەيران بولىدۇ، — دەپتۇ. ئۇ گېپىنى تۈگىتىپلا، سىدونىڭ قولىنى رامەنىڭ قولى

ئۈستىگە قويۇپ، ئۆز تۇرالغۇسىغا كېتىپ قاپتۇ.

رامە بىلەن سىدو ياقۇت بىلەن بېزەلگەن كارىۋات ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبەتلىك كەچۈرمىشلىرىنى ئەسلىشىپتۇ. رامە مۇنداق دەپتۇ:

— سۆيۈملۈكۈم، سىزدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، كۆڭلۈم يېرىم بولۇپ، ئۆلەي دەپ قالدىم، سىز مېنىڭ يۈرەك ـ باغرىم، ھەقىقىي ھاياتىم. سىز بولمىسىڭىز ئۈچ ئالەم قۇرۇقدىلىپ قالىدۇ. سىز كەتكەندىن كېيىن، مەن قاراڭغۇ زۇلمەت ئىچىدە ياشىدىم. ھەسەل ھەرىسىنىڭ غوڭۇلداشلىرى، قۇشلارنىڭ سايىرىغان ئاۋازلىرى، ماڭا گويا زەھەرلىك يىلاننىڭ زەھىرىدەك ئاچچىق ۋە يېقىمسىز تۇيۇلدى. دېڭىزدا كۆۋرۈك ياساپ بولغاندىن كېيىن، سىدونى جەزمەن قايتۇرۇپ ئەكېلىمەن، دېگەن ئۈمىد ـ ئارزۇيۇمنىڭ تۈرتكىسىدە، ھازىرغىچە ياشاپ كەلدىم...

ئۇلار شۇنداق قىلىپ ئايرىلىپ كەتكەن چاغلاردىكى تارتقان دەرد ـ ئەلەملىرىنى ئۆزئارا ئىزھار قىلىشىپتۇ... شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ بارلىق قايغۇ ـ ھەسرەتلىرى كۆڭلىدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىپتۇ...

كېچە ئۆتۈپ قۇياش كۆتۈرۈلۈپتۇ. بارلىق مايمۇنلار رامەنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپتۇ. پادىشاھ ۋىبسەنە ئىككى قولىنى جۈپلەپ سالام بېرىپ مۇنداق دەپتۇ:

— لوھو مىللىتىنىڭ ئەۋلادى، سىز نۇرغۇن جايلاردا سەرگەردان بولۇپ يۈرۈپ، ئەڭ جاپالىق تۇرمۇشلارنى بېشىڭىزدىن كەچۈردىڭىز. سىز يۇيۇنۇش ئالدىدا، بارلىق چارچاشلىرىڭىزنى چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن، مېنىڭ دېدەكلىرىم بەدىنىڭىزگە خۇش پۇراق ماي سۈركەپ قويسۇن، سىزنى كۈتىدىغانغا چىرايلىق قىزلاردىن مىڭنى تەييارلاپ قويدۇم. ئۇلارنى چاقىرتىپ كېلىشكە ئىجازەت بەرسىڭىز.

رامە مۇنداق دەپتۇ:

— راكشەسەنىڭ ھۆكۈمرانى، گېپىمگە قۇلاق سېلىڭ، مېنى كۈتىدىغانغا ھېچقانداق ئايالنىڭ كېرىكى يوق. ئۇلار ھەرقانچە چىرايلىق بولۇپ كەتسىمۇ مەيلى، ئەۋلىيا ـ ئەنبىيالارنىڭ بارلىق قىزلىرى كەلسىمۇ، ئۇلار مېنىڭ سۆيۈملۈك سىدورىمغا يەتمەيدۇ. ھەرقانداق ئايالنى كۆرەر كۆزۈم يوق. ئىنىم ۋارەدە خان جەمەتىدە بولىدىغان بارلىق ھوزۇر ـ ھالاۋەتلەردىن ئىختىيارىچە بەھرىمەن بولسا بولىدۇ. بىراق، ئۇ مېنى قايغۇ ـ ھەسرەت ئىچىدە ئەسلەپ تۇرۇۋاتىدۇ. مەن ۋارەدە بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈشتىن بۇرۇن، ھەرگىز چىرايلىق كىيىم كىيەلمەيمەن، ئەتىر ۋە خۇش پۇراق ماي ئىشلەتمەيمەن، ئون تۆت يىلدىن بېرى مەن ئادەمزات ياشىمايدىغان ئورمانلىقتا سەرگەردان بولۇپ، تارتمىغان جاپايىم قالمىدى... ھازىر ماڭا ئېيتىڭا، قانداق قىلسام تېزرەك ئۆيگە قايتالايمەن؟

ۋىبسەنە جاۋابەن مۇنداق دەپتۇ:

— ئالىيلىرى، سىلى راستىنلا ناھايىتى كۆپ جاپا چەكتىلە، كۇۋىرەنىڭ ئۇچار ھارۋىسى سىلىنى بىر كۈندىلا دۆلەتلىرىگە ئاپىرىپ قويىدۇ.

ئۇچار ھارۋا يۆتكەپ كېلىنىپتۇ. ئۇ ئىنتايىن چوڭ بولۇپ، ئىچىدە خېلى كۆپ ئۆيلەر بار ئىكەن. ھارۋىنى رەت ـ رەت تىزىلغان نۇرغۇن ئاق قۇلار تارتىپ ماڭىدىكەن. ئۇ كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە نەچچە مىڭ يوجەنە يول يۈرىدىكەن. سىدو كۆزنى يىپەك ياغلىق بىلەن تېڭىۋېلىپ، رامە بىلەن ئۇچار ھارۋىغا چىقىپتۇ. لەكشمەنە قولىدا ئوقيا تۇتۇپ ئۇلارنىڭ يېنىدا تۇرۇپتۇ.

رامە ئۇچار ھارۋىنىڭ ئەتراپىدا تۇرغان لەشكەرلەرگە مۇنداق دەپتۇ:

— مەن ۋىبسەنەنىڭ تۆھپىسى، سۇچىرىپەنىڭ كۈچى ۋە مايمۇنلارنىڭ ساداقەتمەنلىكىگە تايىنىپ، ئۆزىنى تەڭداشسىز دەپ

ئاتىۋالغان رىنكا دۆلىتىنى بويسۇندۇردۇم، مۇشۇ قېتىمقى جەڭگە قاتناشقان سانغۇنلار ئەڭ قىزغىن ئالقىشقا سازاۋەر بولۇشى كې-رەك. بولۇپمۇ باتۇر ھەنومانە ئارقا - ئارقىدىن خىزمەت كۆرسەت-تى. مەن سىلەرگە چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن، — ھازىر ئايوتوغا قايتماقچىمەن. سىلەرنىڭمۇ ئۆيۈڭلەرگە بالدۇرراق قايتىپ، بەختلىك ئۆتۈشۈڭلارغا تىلەكداشمەن.

رامە ئۆزى بىلەن دوستلۇق ئورناتقان راكشەسەلەر ۋە كۆڭلى يېرىم بولۇپ يىغلاۋاتقان مايمۇنلار بىلەن خوشلىشىپتۇ. بىراق، ئۇلار قولىنى جۈپلەپ ئېھتىرام بىلدۈرۈپتۇ:

— سىلى بىزدىن ئايرىلىدىغان بولدىلا، بىراق، بىزنىڭ قايتقۇمىز يوق. بىز سىلىنىڭ شانۇ - شۆھرەتلىرىنى كۆرۈپ باقمىغان. شارى رامە، بىز سىلىنىڭ پادىشاھ بولغاندىكى رەڭگى - رۇخسارلىرىنى بەك كۆرگۈمىز بار…

رامە ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ:

— ئەگەر ئۆيۈڭلەرگە قايتقۇڭلار كەلمىسە، ئايوتوغا بېرىڭ-لار. بېرىشنى خالىساڭلار، ھارۋىغا چىقىڭلار!

رامە ماقۇل بولغاندىن كېيىن، مايمۇنلار بىلەن راكشەسەلەر تېزلىكتە ھارۋىغا چىقىپتۇ. رامە ۋە ئۇنىڭ سۆيۈملۈك ئايالى سىدو بۇ ساداقەتمەن ئادەملىرىنى باشلاپ، يۇرتىغا قاراپ يولغا چىقىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

توققۇزىنچى قىسسە

# ئايوتوغا قايتقاندا — خۇشاللىق ئەمەس، خاپىلىققا قىلىش

ئۇچار ھارۋا بوراندەك تېزلىكتە ئۇچۇپتۇ، ھارۋا ئىچىدىكى يىپەك پەردە تارتىلغان بىر ئۆيدە رامە بىلەن سىدو ئولتۇرۇپتۇ. رامە بۇ قېتىمقى جەڭنىڭ جەريانىنى سىدوغا ئېيتىپ بېرىپتۇ. ئۇ دېڭىزنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— سىدو، بۇ دولقۇنلىنىپ تۇرۇۋاتقان دېڭىزغا قاراڭ، سىدو، سىزنى دەپ مۇشۇ دېڭىزغا كۆۋرۈك سالدۇردۇم، — دەپتۇ. سىدۇ:

— بېگىم، ھازىر سىز ئۆيگە قايتىش سەپىرىدە تۇرۇۋاتىسىز، راكشەسلەر كېيىن كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ، بىزگە پاراكەندىچىلىك سالىدۇ، دېڭىز سىزگە زىيان - زەخمەت سالمىسا، نېمىدەپ ئۇنى چۇشەپ قويىسىز؟ — دەپتۇ.

دېڭىز ئىلاھى شەگەرە باقىي ئالەمدە تۇرۇپ مۇشۇ گەپلەرنى ئاڭلاپتۇ - دە، تەزىم قىلغان ھالدا ئۇلارنىڭ ئالدىدا پەيدا بولۇپ:

— ئالىيلىرى، سىلى سىدونى قۇتقۇزىمەن دەپ، مېنى چۇشەپ قويدىلا، ھازىر بۇ چۇشەكنى كىم يېشىدۇ؟ — دەپتۇ.

رامە لەكشىمەنەگە قاراپ قويۇپتۇ.

لەكشىمەنە ئوقياسىنى ئېلىپ ئۇچار ھارۋىدىن چۇشۇپتۇ - دە، ئوقيانى ئېتىپ كۆۋرۈكنى بۇزۇۋېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن دېڭىز قايتىدىن جانلىنىپ، ھېچقانداق توسالغۇسىز دولقۇنلىنىش-

قا باشلاپتۇ. لەكشمەنە يەنە ئۈچار ھارۋىغا چىقىپتۇ.
ئۇلار دېڭىزدىن ئۆتۈپ، كۆۋرۈكنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىغا بېرىپ قالاي دەپتۇ. رامە مۇنداق دەپتۇ:
— سىدو، بىز جەزمەن ئۆيگە يېتىپ بېرىش ئالدىدا، شىۋەگە چوقۇنىشىمىز لازىم. شىۋە ئۆزىنىڭ ھەممە نەرسىسىدىن كېچىپ، يوگاچە ھايات كۆچۈرۈپ كەلدى. يىل بويى قار بىلەن قاپلانغان زىلىپ تېغىدا تۇرۇپ، روھىي جەھەتتىكى ھەر خىل مەسىلىلەر ئۇستىدە ئىزدەندى. چىرايلىق پېشانىسىدىن ھىلال ئاي ئەكس ئېتىپ تۇرىدىغان، چۇۋۇق چاچلىرى بىلەن گانگى دەرياسىنى توسقان بۇ ئايال ئىلاھ شىۋەنىڭ ھېسداشلىق قىلىش روھىنى ھېچنېمىگە تەڭ قىلغىلى بولمايدۇ. بۇنى ۋەھشىي زەھەرلىك يىلانمۇ ئوبدان چۈشىنىدۇ. شۇڭا ئۇلار ھېچنېمىدىن ئەندىشە قىلمىغان ھالدا، تەپ تارتماي شىۋەنىڭ بويىنىغا يۆگىشىۋالىدۇ. شىۋە مۇزدەك سوغۇق، ئادەملەر يېقىنلىشىشتىن تەپ تارتىدىغان بۇ زەھەرلىك يىلانلارنى مەرۋايىت زەنجىرگە ئوخشاش بويىنىغا ئېسىۋالىدۇ. ئۇ پۈتكۈل ئالەمنى ياخشى كۆرىدۇ. گەرچە ئۇنىڭ ۋەزىپىسى بۇزغۇنچىلىق بولسىمۇ (شىۋە ھىندىستان رىۋايەتلىرىدە بۇزغۇنچى ئىلاھ دەپ تەرىپلىنىدۇ)، باشقىلارغا بوزەك بولۇپ، يۇرت ـ ماكانىدىن ئايرىلغان كىشىلەر ئۇنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ سادىق دوستى ئىكەنلىكىنى بايقايدۇ.
ئۈچار ھارۋا يەرگە چۈشكەندىن كېيىن، ئۇلارمۇ ھارۋىدىن چۈشۈپتۇ. لەكشمەنە دېڭىز بويىدىن ئازراق قۇم كولاپ، ئۇنىڭدىن شىۋەنىڭ بۇتىنى ياساپتۇ. ھەنومانە گۈل ۋە ساندال مېيى تېپىپ ئەكەپتۇ. رامە بىلەن سىدو دېڭىزدا يۇيۇنۇپ بولغاندىن كېيىن ئولتۇرۇپ شىۋەگە چوقۇنۇپتۇ.
رامە شىۋەنىڭ بۇتىنى شۇ يەردە ياسىغاندىن تارتىپ تا ھازىرغىچە، كىشىلەر شۇ جاينى: «رامەنىڭ شىۋەگە چوقۇنغان كۆۋرۈكى» تۇرغان جاي دەپ ئاتىغان.

ئۇچار ھارۋا ئۇچۇشنى يەنە داۋاملاشتۇرۇپتۇ. رامە بىلەن سىدو ھارۋىدىكى بىر ئالتۇن ئىلەڭگۈچ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ تۆۋەندىكى گۈزەل مەنزىرىنى تاماشا قىلىپ مېڭىپتۇ. لەكشىنە ئىشىك تۈۋىدە گۈزەتچىلىك قىلىپ تۇرۇپتۇ.

ئۇلار ھارۋىدا ئۇچۇۋېتىپ، نۇرغۇن تونۇش جايلاردىن ئۆتۈپ-تۇ. بۇرۇن بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئازابلىق كەچۈرمىشلەرنى ئەس-لەپ ئۆتۈپتۇ... رامە تۇيۇقسىز:

— قاراڭ، سىدو، قاراڭ، ئاۋۇ دەرەخنىڭ ئارقىسىدىكى جەزمەن شىلىن گاۋىرا بولسا كېرەك. دوستۇم گەۋھىكە شۇ جايدا تۇرىدۇ... قاراڭ، سىدو، ئاۋۇ قاتار كەتكەن دەرەخلەرنىڭ ئارد-سىدىكى جاي جەنۇبىي دىكەرامە. مېنىڭ باتۇر ئىنىم ۋارەدە شۇ جايدا تۇرۇپ ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ، — دەپ ۋارقىرىۋېتىپتۇ. جەنۇبىي دىكەرامە دېگەن گەپنى ئاڭلاپ مايمۇنلارنىڭ خۇشال-لىقى ئىچىگە پاتماي قاپتۇ. ئۇلار پەسكە قاراپ، خۇشاللىقىدا:

— ئائىلىلىرى، بۈگۈن ئۆيگە يېتىپ بارالامدۇق؟ — دەپ سوراپتۇ. رامە:

— بىز ئازراق ھايال بولىمىز، بىرەھما پاشمانىنىڭ ئىبادەت-خانىسى مەشەدە، بىز چوقۇم بۇ ئۇلۇغ ئىلاھتىن تىنچلىق — ئامانلىق تىلىشىمىز لازىم، — دەپتۇ.

ئۇچار ھارۋا ئۇچۇشتىن توختاپتۇ. رامە ھارۋىدىن چۈشۈپ، ئىبادەتخانىغا كىرىپ، ئىلاھقا چوقۇنۇپتۇ. رامە:

— مەن ئورمانلىقتا ئۇزۇن تۇرۇپ، ھېچ ئىشتىن خەۋەردار بولالمىدىم. ئىنىم ۋارەدە ھەم ئۇنىڭ دۆلىتىنىڭ ئەھۋالى قانداق-راق؟ ئانام بىلەن خانىشلار ياخشى تۇرۇۋاتامدۇ؟ — دەپ سوراپ-تۇ. بىرەھمان پاشمانى رامەنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ:

— خاتىرجەم بولۇڭ، ھەممىيلەن ناھايىتى ياخشى تۇرۇۋاتىدۇ، — دەپتۇ. ئارقىدىن ئۇ رامەنى ئۇ يەردە قونۇپ قېلىشقا قىزغىن تەكلىپ قىپتۇ. رامە ماقۇل بوپتۇ.

برەھمان پاشمانى بۇ قەدىردان دوستىنى ياخشى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن، نەزىرگاھ ئالدىدا ئولتۇرۇپ، ۋىشگەمەنىڭ نامىنى ئا- تاپ، ئىچىدە ئايەت ئوقۇپتۇ. ۋىشگەمە پەيدا بوپتۇ. ئۇ ئالتۇن ئۆيلەرنى سېلىپ يوللارنى ياساپتۇ. چوڭ كۆلچەك قېزىپ پۇتتۇ- رۇلۇپتۇ، كۆلچەككە چۈشىدىغان ئالتۇن پەلەمپەيلەر ياسىلىپتۇ. ئۇ تىياتىرخانا ياساپ، ئويۇن قويىدىغانغا ساماۋىدىكى ئۇسسۇلچى- لارنى ئەكېلىپتۇ. چىرايلىق ئوغۇل - قىزلار ساماۋىدىن توپ - توپ بولۇپ چۈشۈپتۇ، بۇ ئىلاھنىڭ سېھرى شۇنداق كۈچلۈك ئىكەنكى، گانگى دەرياسى بىلەن يېمونا دەريالىرىمۇ ئۇنىڭ رايى بويىچە ئاقىدىكەن.

برەھمان پاشمانى يەنە بىر قېتىم مۇشاھىدە قىپتۇ... شۇنىڭ



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ تور ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

بىلەن ئەۋلىيا ـ ئەنبىيالار ساماۋىدىن چۈشۈپ، مېھمانلارغا ئەڭ ئېسىل تائاملارنى تەييارلاپتۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە يۇمشاق، مەززىلىك گۈرۈچ ئېشى، نۇرغۇن تەملىك كەررىلەرمۇ بار ئىكەن. ئۇلار نۇرغۇن تاتلىق يېمەكلىكلەرنى كەلتۈرۈپتۇ. ئۇلار ئەكەلگەن مەرۋايىتقا ئوخشاش كۆملاچ يېمەكلىكلەر ھەم چۈرۈك، ھەم تاتلىق ئىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا شېكەر سۈيىگە چىلاپ پىشۇرۇلغان قايماقلىق قاتلىمىلار، گۈرۈچ ۋە كوكۇس پالمىسى ئارىلاشتۇرۇلۇپ پىشۇرۇلغان تۇزلۇق پېچىنىلەر، شۇنداقلا خورما شەربىتىدىن قىلىنغان مەززىلىك پروۋنە ۋە پېچىنىلەر، كاكچە نانلار بار ئىكەن. بەزىلىرى سېرىق مايدا پىشۇرۇلغان، بەزىلىرىگە تاتلىق كەمپىتلەر قىيما قىلىنغانىكەن. كوكۇس پالمىسى قاتلىمىسىغا قويۇق قايماق سۈركەلگەنىكەن يەنە بانان ۋە شەربەتلىك خورما قىيمىلىرىدىن تەييارلانغان مايلىق نانلار بار ئىكەن. بەزىلىرى مايدا پىشۇرۇلغان، شېكەر قىيامىغا ئىرىمچىك ئارىلاشتۇرۇلغان ... شۇنداقلا يەنە ياڭاق مېغىزى ۋە پىستە قىيما قىلىنغان نۇرغۇن پېچىنە ـ پىرەنىكلەر بار ئىكەن. رامەنىڭ بۇلارنى كۆرۈپ ھەيران قالغان ئادەملىرى يېمەكلىكلەرنى قورسىقى تويۇپ ئېشىپ قالغۇچە يەپتۇ. پەرىزات قىزلار ئەرشتىن كەلتۈرۈلگەن تائاملارنى ئالتۇن قاچا ۋە ئالتۇن تەخسىلەرگە ئېلىپ كۆتۈرۈپ كەپتۇ. تاماقلار يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلار يەنە ئالتۇن داسلارغا ئەتىرلەرنى قويۇپ، يۇيۇنىدىغانغا ئاپىرىپ بېرىپتۇ. مايمۇنلار قورساقلىرىنى ماڭالمىغۇدەك دەرىجىدە تويغۇزۇپتۇ. ئۇلارنىڭ قورساقلىرى ئېتىلىپ كېتەي دەپتۇ. ئۇلار يۈز ـ قوللىرىنى يۇيۇپ، ئالتۇن كارىۋاتلاردا ئۇخلاپ، كېچىنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈپتۇ. ئۇلار تاڭ ئېتىشى بىلەن ئويغىنىپ:

— شارى رامە، شارى رامە، — دېيىشىپتۇ.

ئۇلار ئۇچار ھارۋىغا ئولتۇرۇپ جەنۇبىي دىكەرامەگە مېڭىپتۇ.

رامە ئۆز دۆلىتىگە قايتىپ كەپتۇ.

ۋارەدە ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ، رامەنى قاتتىق قۇچاقلاپتۇ. ئاكا ـ ئۇكىلار ئون تۆت يىل ئايرىلىپ، قايتا جەم بولغىنىدىن چەكسىز خۇشال بولۇشۇپتۇ. ساماۋىي ئىلاھلارمۇ خۇشال بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا گۇل تاشلاپتۇ.

رامە پۇشىسىدو ۋە باشقا نەزىر ـ چىراغ قىلغۇچىلارغا تەزىم قىپتۇ ھەمدە ھۆرمەت ـ ئىززەت بىلەن ئۇنىڭ ئانىسى ۋە سۇممىـ تىرەلەردىن ھال ـ ئەھۋال سوراپتۇ. ئۇلار باللىرىدىن ئۇزۇن مۇددەت ئايرىلىپ كەتكەچكە، كۆڭلى يېرىم بولۇپ، ياداپ، تېنى ئاجىزلاپ كەتكەنىكەن. سىدو ۋە لەكشىمەنەلەرمۇ هارۋىدىن چۈ-شۈپ، چوڭلارغا تەزىم قىپتۇ. ئىككى بەختلىك خانىش خۇشاللىق ياشلىرىنى ئاقتۇرۇپ، سىدونى قۇچاقلاپتۇ ھەمدە جان ـ دىلى بىلەن باللىرىغا بەخت تىلەپتۇ.

ۋارەدە ياغاچ كەشنى رامەنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ:

— مۇقەددەس ئىگەم، مەن مۇشۇ ياغاچ كەش توغرىسىدا قەسەم بەرگەن، پۈتكۈل پۇقرالىرىمىز ئۇنىڭغا تەزىم قىلىدۇ. ھازىر قەسىمىم ئەمەلگە ئاشتى. ئەمدى ئۆزۈڭنىڭ كەشنى يەنە كىيىۋالغىن، — دەپتۇ.

رامە ياغاچ كەشنى كىيىپ، كۆتۈرەڭگۈ كەيپىيات بىلەن ئۆز ئوردىسىغا كىرىپتۇ.

رامەنىڭ ۋەزىر ـ ۋۇزرالارنى كۈتۈۋالغۇسى بار ئىكەن. يىغىلغان ئادەملەر بەك كۆپ بولۇپ كەتكەچكە، كۈتۈۋېلىش مۇرا-سىمىنى ئوردىنىڭ سىرتىدا ئۆتكۈزۈشكە توغرا كەپتۇ. بۇنداقتا ھەممەيلەننىڭ ئولتۇرىدىغانغا ئورنى بولىدىكەن. مۇراسىمغا ئالتە مىڭ ئالتە يۈز سەركەردە ۋە باش سانغۇن كەپتۇ. رامە ئۇلارنى ۋارەدەگە بىر ـ بىرلەپ تونۇشتۇرۇپتۇ.

ۋارەدە ئۇلارغا مۇنداق دەپتۇ:

— مەن سىلەرنى گۇۋاھچى بولۇپ بېرىشكە تەكلىپ قىلد-

www.uyghurkitap.com

مەن. مەن رامەنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە ئايوتونى ئىدارە قىلىپ كەلدىم، — ئۇ رامە تەرەپكە ئۆرۈلۈپ، — بېشىنى ئېگىپ، ئىككى قولىنى جۈپلەپ تۇرۇپ يەنە مۇنداق دەپتۇ، — ھازىر دۆلەتنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، ئۆزۈڭنىڭ قانۇنلۇق تەختىڭگە ئولتۇرغىن. مېنىڭ مۇنداق چوڭ دۆلەتنى باشقۇرۇشقا قابىلىيىتىم يەتمەيدۇ.



بـۇنـىڭغا مـايمۇنـلارغا خاس باتۇرلۇق كېرەك ئىكەن، مەندەك بىر ئاجىز، سەندەك بىر كۈچلۈكنىڭ يۈكىنى قانداقمۇ كۆتۈرۈپ كېتەلەيمەن. بۇ پادىشاھلىق دۆلىتىگە ئۇلۇغ قەھرىمان كىشىلەرلا ھۆكۈمرانلىق قىلالايدۇ. بۈگۈندىن ئېتىبارەن مېنىڭ مەسئۇلىيىتىم قالمىدى. سەن مەڭگۈ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەيسەن، ئىلاھىم.

مۇنەججىملەر بىلەن مەسلىھەت قىلىنغاندىن كېيىن، تەختكە ئولتۇرۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزىدىغانغا بىر خاسىيەتلىك كۈن بېكىتىلىپتۇ.

ساتىراش تۆت ئاكا ـ ئۇكىنىڭ ئۇزۇن ھەم چۇۋۇق چاچلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ياساپتۇ، چېچىنى ياساپ بولۇپ، ئەتىر بىلەن يۇيۇنۇپتۇ. ئۇلار چىرايلىق كىيىملەرنى قايتا كىيىپتۇ، دەرەخ قوۋزىقىدىن تىكىلگەن كىيىملىرىنى تاشلاپتۇ. شۇ كېچە كۆڭۈللۈك ئۆتۈپتۇ، ئەتىسى ئەتىگەندە، رامە، سىدولار ئۈچ ئىنىسى بىلەن ئايوتوغا قاراپ يولغا چىقىپتۇ.

ئايوتودا رامەنى تەختكە ئولتۇرغۇزۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلمەكچى بولغانلىقى ئۈچۈن، ھەممە ئادەم ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئايوتوغا بېرىپتۇ. بەزىلەر پىلغا، بەزىلىرى ئاتقا مىنىپ بېرىپتۇ... ھەممە ئادەمنىڭ رامەنى بىر كۆرۈۋالغۇسى بار ئىكەن. ئۇلار ئۇنىڭغا بىرلا قارىۋالسا بەختلىك بولالايدىكەن. ئايوتوغا قاراپ ئىلگىرىلەش داۋامىدا، ئوتتۇز ئالتە مىڭ پىل ۋە ئوتتۇز ئالتە مىڭ ئادەمسىمان مايمۇن يول ئۈستىدىكى دەرەخلەرنىڭ مېۋىلىرىنى ۋە گۈل ـ گىياھلىرىنى سۇندۇرۇپ تۆكىتىپتۇ.

سۇمىتتورە ئات ھارۋىسىنى ھەيدەپ مېڭىپتۇ. تۆت ئاكا ـ ئۇكا چىرايلىق نىمچە چاپانلارنى كىيگەن ھالدا ئاتقا مىنىپ: «غەلىبە، غەلىبە» دېگەن ئالقىش سادالىرى ئىچىدە ئالغا ئىلگىرىلەپتۇ. ۋارەدە ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى تارتىپ، باتۇر لەكشمەنە قوتاز قۇيرۇقىدىن ياسالغان چىۋىن قورۇغۇچ بىلەن توپا ـ چاڭنى

تازىلاپ مېڭىپتۇ. شادرونە رامەگە كۇنلۇك تۇتۇپ مېڭىپتۇ. يوق-
رالار يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا رامەگە تىكىلىپ قاراپ تۇرۇپتۇ.
ئۇلار رامەنى ماختاپ:
— ئالىيلىرى بىز ساۋابلىقىقا ئېرىشكەنلىكىمىز ئۈچۈن،
سىلىندەك بىر پادىشاھقىمۇ ئېرىشەلىدۇق. سىلى بىزگە مەڭگۈ
ھۆكۈمرانلىق قىلغايلا، ئىلاھىم! — دەپ تەنتەنە قىپتۇ.
ئۇلار رامەنى كۆرۈپ، خۇشاللىقىدىن قىن - قىنىغا پاتماي
قاپتۇ. قىزلار ئۇنىڭ چىرايلىق رەڭگى - رۇخسارى، قاۋۇل
تەقى - تۇرقىغا مەپتۇن بوپتۇ. بىراق، رامەنىڭ قەلبىدە سىدولا
بولغاچقا، باشقا ئاياللارغا قاراپمۇ قويماپتۇ. ئۇلار ئۇنىڭ ئۆتۈپ
كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندە: «سىدو ھەقىقەتەن بەختلىك ئىكەن»
دەپ ئويلاپتۇ.
ئايوتو شەھىرىنىڭ ھەممىلا يېرى شادلىق كەيپىياتىغا چۆ-
مۈپتۇ. ئۇلار تەختكە ئولتۇرۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن
ئالدىراشماقتا ئىكەن...
ۋارەدە سۇچىرىپەنىڭ تۇرالغۇسىغا كېلىپ مۇنداق دەپتۇ:
- ئەتە، خاسىيەتلىك كۈنلەرنى بېكىتىدىغان مۇنەججىم بۇنە-
پەسۇ ئەرىشتىكى ئىشلارنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولىدۇ. رامە
چايتىرە ئېيى ئاياغلاشقان كۈنى تەختكە ئولتۇرىدۇ. ھەممە تەييار-
لىقلار پۈتتى. تۆت دېڭىزنىڭ سۈيى تېخى ئېلىپ كېلىنمىدى.
بۇ تۆت دېڭىزنىڭ سۈيىنى ئەكېلىشكە تەييارلاپ قويۇلغان تۆت
ياقۇت قۇتا. دۇنيادا يەتتە يۈز دەريا بار. شارى رامە چوقۇم مۇشۇ
دەريالارنىڭ سۈيىدە بەدىنىنى سۈرتىشى لازىم. ئەتە مۇشۇ يەتتە
يۈز چۆگۈن بىلەن سۇ ئەكېلىڭلار.
سۇچىرىپە ئۆز قوشۇنىغا بىر قارىشى بىلەنلا، مايمۇنلار
قوشۇنى چۆگۈنلەرنى دەرھال قوللىرىغا ئېلىشىپتۇ.
«جەزمەن ھەقىقىي دېڭىز سۈيى ئەكېلىڭلار. ئېرىق - ئاز-
گاللارنىڭ سۈيىنى ئەكېلىپ مېنى ئالدىمەن دېمەڭلار! —

سۈچىرىپە بۇيرۇق چۈشۈرگەندىن كېيىن، مايمۇنلار شەكىرىگەن پېتىچە چىقىپ ۋەزىپە ئىجرا قىلغىلى مېڭىپتۇ.

كۈندۈز سۈرلۈك، جىمجىت كەيپىياتتا ئۆتۈپتۇ. سارايدىكى ئادەملەر كېچىچە ئۇخلىماپتۇ. رامە بىلەن سىدومو ئاستا پاراڭلىشىپتۇ. سىدو بۇرۇنقى ئىشلارنى ئەسلەپ:

— بېگىم، مەنمۇ بىر ئاخشىمى مۇشۇنداق ئۇخلىمىغانتىم، — دەپتۇ. رامە كۈلۈپ قويۇپ، مۇلايىملىق بىلەن سىدونى بەزلەپتۇ...

ئەتىسى رامە بىلەن سىدو «پىل ئورۇندۇقى» دەپ ئاتىلىدىغان تەختكە چىقىپ ئولتۇرۇپتۇ. بۇ ئالتۇن تەخت ئۈنچە ـ مەرۋايىت ۋە ياقۇتلار بىلەن نەقىشلەنگەن بولۇپ، ئۇنى تۆت ئالتۇن شىر پۇت كۆتۈرۈپ تۇرىدىكەن. ئۇ دۇنيا ۋە بۇ دۇنيانىڭ ئەڭ نوپۇزلۇق ئىككى پادىشاھى رامەنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ، مۇراسىمدا ئىشلىتىدىغان كۈنلۈكنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇرۇپتۇ. دۇنيادىكى بارلىق پادىشاھلار پادىشاھلىق تاجى كىيدۈرۈش مۇراسىمغا قاتنىشىش ئۈچۈن ئايوتوغا كەپتۇ. يەر شارىنىڭ ھەممىلا يېرى، باقىي ئالەم ۋە ئەرشتىكى ئادەملەرمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىشكە باشلاپتۇ. ئۈچ ئالەم ئايوتودا جەم بوپتۇ. ئەسكەرلەرنىڭ ۋاڭ ـ چۇڭ ئاۋازلىرى، كىشىلەرنىڭ ھەر خىل چالغۇ ئەسۋابلار بىلەن چالغان مۇزىكا سادالىرى، خۇشاللىقىدىن ئىچىگە سىغماي قىلىپ چالغان چاۋاك ئاۋازلىرى ئايوتونىڭ مۇراسىم كەيپىياتىنى تېخىمۇ كۆتۈرۈۋېتىپتۇ.

پادىشاھلار رامەنىڭ ئالدىدا قوتاز قۇيرۇقىدىن ياسالغان يەلپۈگۈچنى يەلپۈپ تۇرۇپتۇ. ئۈچ ئاكا ـ ئۇكىمۇ پۈتۈن دىققەت ـ ئېتىبارىنى يىغىپ ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرۇپتۇ. برەھمان:

— مەن مۇراسىمغا قاتنىشالمايمەن، ھۆر ـ پەرىلەر مۇشۇ مۇراسىمنىڭ كەيپىياتىنى كۆتۈرۈۋەتسۇن، — دەپتۇ. ئۇ ئالتۇن ۋە ياقۇتتىن ياسالغان نېلۇپەر چەمبىرەكنى شۇنداقلا تاشلىشىغا،

چەمبىرەك رامەنىڭ بوينىغا چۈشۈپ، كۆزنى چاقنىتىدىغان نۇر چېچىشقا باشلاپتۇ.

ھىندرە ئۇنىڭغا نۇرغۇن زىننەت بۇيۇملىرىنى تەقدىم قىپتۇ. بايلىق ئىلاھى كۇۋىرە ئۇنىڭغا مىس ۋە تاش ئابىدىلەر ھەم نۇرغۇن قىممەت باھالىق ياقۇتلاردىن ياسالغان چەمبىرەك تەقدىم قىپتۇ. رامە ئەۋلىيا ــ ئەنبىيالار تەقدىم قىلغان سوۋغاتلارنى تاقاپ ئايوتونىڭ پادىشاھلىقىغا تەيىنلىنىپتۇ.

ئاددىي كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان، تۈمەنلىگەن، مىليونلىغان مالائىكىلەر يۇقىرىدا تۇرۇپ رامەنىڭ شاھلىق تاج كىيگەنلىكىنى كۆرۈپتۇ. چايتىرە ئېيىمۇ ئاخىرلىشىپتۇ. تەلەيلىك بۇنەپەسۇ ئەرشتىكى خاسىيەتلىك ۋاقىتنىڭ دەل ئۆزىنى تالاپ، يوسۇن تاختىسىنى رامەنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپتۇ. شاھلىق كۇنلۇك ئۇنىڭ بېشىغا تۇتۇلۇپتۇ.

گۇزەللىكتە تەڭدىشى يوق ھۆر ــ پەرىلەر ئەرشتىن چۈشۈپتۇ. ئۇلار كۆزنى چاقنىتىدىغان چىرايلىق كىيىملەرنى كىيىشىپ، يېشىل ئوت ــ چۆپ، يوپۇرماقلار ۋە ساپسېرىق ئاشلىقلارنى كۆتۈرۈپ رامەنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. ئۇلار بەختنىڭ سىمۋولى بولغان بۇ بەلگىلەر بىلەن ئۇنىڭ خەيرلىك ۋە بەختلىك ئۆتۈشىگە، ھەممە ئىشلىرىنىڭ روناق تېپىشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈرۈشۈپتۇ. ساماۋىدىن چۈشكەن ناخشىچىلار مەدھىيە ناخشىلىرىنى ئېيتىپتۇ. ئۇسسۇلچىلار مۇزىكا ۋە ناخشا ئاۋازىغا تەڭكەش قىلىپ ئۇسسۇل ئوينىشىپتۇ. پادىشاھلار، قەبىلە باشلىقلىرى ۋە ئايوتونىڭ پۇقرالىرى ھاياجانلىنىپ، خۇشاللىقىنى ئىچىگە سىغدۇرالماي قاپتۇ. كۆپلىگەن سوۋغاتلىق بۇيۇملار سوۋغات ئېلىشقا تېگىشلىك كىشىلەرگە تەقدىم قىلىنىپتۇ.

تۈمەن مىڭلىغان ئابرۇيلۇق كىشىلەر رامە بىلەن كۆرۈشكىلى كېلىپ، ئۆزلىرىگە ئېھتىياجلىق ھەممە نەرسىگە ئىگە بوپتۇ. رامە يەر، يېزا ــ كەنت ياكى ئالتۇن بولامدۇ، ئىشقىلىپ ئۇلار

ئالىمەن دېگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇلارغا بېرىپتۇ.

رامەنىڭ پۇقرالىرى ئۇ يوق مەزگىلدە نۇرغۇن ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى تارتقانىدى، بۇگۇنكى كۇنلۇكتە ئۇلار ئۇنىڭ بىلەن جەم بولدى. ئۇ پۇقرالارنى بەختلىك قىلىپ، ئۆتمۇشتىكى قايغۇ - ھەسرەتلىرىنى ئۇنتۇلدۇرۇۋېتىشقا تىرىشىپتۇ.

رامەنىڭ دۆلىتىدە غەم - ئەندىشە قالماپتۇ. پۇقرالار ئىچىدە



ئۆز قولۇم ـ قوشنىلىرىدىن ئاغرىنىدىغان، بىر ـ بىرىگە ئاداۋەت ساقلايدىغان ئەھۋاللارمۇ تۈگەپتۇ. «رامە پادىشاھلىق دۆلىتى» نىڭ شانۇ ـ شۆھرىتى ھەممە يەرگە تارقىلىپتۇ. رامە خەلقىنىڭ ھىمايىسى ۋە ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بوپتۇ. ئۇ ئۈچ ئىنىسى بىلەن ئۆزىنىڭ تىنچ ۋە گۈللەنگەن دۆلىتىنى كۆڭۈللۈك باشقۇرۇپتۇ.

يىللار، ئايلار ئۆتۈپتۇ...

بىر كۈنى، رامە ئۈچ ئىنىسىنى ئالدىغا چاقىرتىپ ئەكەپتۇ.

— گېپىمگە قۇلاق سال ۋارەدە، ئۇرۇش ۋە سەرگەردانلىق-نىڭ دەردىنى تارتىپ، چارچاپ كەتتىم. ئوبدانراق دەم ئالغۇم بار. سەن لەكشمەنە ۋە شادرونەنىڭ ھەمكارلىشىشى بىلەن ئايو-تونى باشقۇرغىن ھەم پۇقرالىرىمىزنى ياخشى ئاسرىغىن، — دەپتۇ.

— ئالىيلىرى، بۇيرۇقىڭغا ئىتائەت قىلىمىز، سەن قانغۇ-دەك دەم ئال. بۇ يەردىكى ئىشلاردىن ھېچقانداق چاتاق چىقمايدۇ، — دەپتۇ پۇرادە.

رامە ئىنىلىرى بىلەن خوشلىشىپ ئوردىغا كىرىپتۇ. سىدو ئۇنىڭ پۇتىغا باش قويۇپتۇ.

— گېپىمگە قۇلاق سېلىڭ، سىدو، — دەپتۇ رامە، — مەن بىر ئەشۇكە بېغى بىنا قىلماقچى. ئۇنى رىنكانىڭكىدىنمۇ گۈزەل ياسىتىمەن، بىز ئاشۇ جايدا كۆڭۈللۈك ياشايمىز، — دەپتۇ.

ساماۋىدىكى ھۈنەرۋەن ـ ئۇستىلار يەرگە چۈشۈپ، لوھور-نىڭ پادىشاھىغا ناھايىتى چىرايلىق بىر گۈللۈك باغ ياساپ بېرىپ-تۇ. باغ مېۋىلىك دەرەخ ۋە گۈللەر بىلەن توشۇپتۇ. تورلار چىرايلىق قۇيرۇقلىرىنى ئېچىپ ئۇسسۇلغا چۈشۈپتۇ، ھەسەل ھەرىلىرى ئەركىن قانات قېقىپ غوڭۇلداپ ئۇچۇپتۇ. رەڭگارەڭ قۇشلارنىڭ يېقىملىق سايراشلىرى چىرايلىق گۈللەر بىلەن توش-

قان باغدا ئەكس سادا پەيدا قىلىپ، باغنىڭ كەيپىياتىنى جانلاندۇ- رۇۋېتىپتۇ. ھەر خىل ئالتۇن بېلىقلار كۆلچەك ئىچىدە ئۇياقتىن - بۇياققا ئۈزۈپ يۈرۈپتۇ. باغدىكى گۈللۈكنىڭ ھەممە يەرلىرىگە ئالتۇن ئورۇندۇقلار قويۇلۇپتۇ. كۆل ئەتراپىغا يىلتى- زىنى ياقۇت بىلەن بېزىگەن ئالتۇن دەرەخلەر تىكىلىپتۇ. بۇ گۈللۈك ھەقىقەتەنمۇ بەك گۈزەل بولۇپ كېتىپتۇ.

رامە بۇنىڭدىن ئىنتايىن مەمنۇن بوپتۇ، سىدو بىلەن بىللە گۈللۈككە كىرىپتۇ.

پەسىللەر ئالمىشىپ ۋاقىتلار تېز ئۆتۈپتۇ... يازنىڭ تومۇز ئىسسىقى، ئوتتەك قىزىق ئاپتاپ، كۆلدىكى نىلۇپەر گۈللەر... ئارقىدىن يامغۇر پەسلى يېتىپ كېلىپ، چېلەكتىن تۆكۈلگەندەك يامغۇر يېغىپ، ھاۋا سالقىنلاپتۇ. بۇ چاغدا تۇزلار ئۇسسۇلغا چۈشۈپ، بۇلۇت قاپلىغان ھاۋادىن كۆزنى ئۈزمەي قاپتۇ... ئارقىدىن ئالتۇن كۈز پەسلى يېتىپ كەپتۇ. ئاي نۇرى ھۆپپىدە چېچەكلەپ خۇش پۇراق چېچىۋاتقان فىكوس دەرىخىگە چۈشۈپ، باغنى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرۈۋېتىپتۇ. زېمىستان قىش كېلىپ، قەھرىتان سوغۇق شامال گۈللەرنى ئۈچۈرتۈپتۇ، ئارقىدىن قايىنام تاشقىنلىقتا چۆمگەن باھار كەپتۇ. بۇ چاغدا ئەشۇكە دەرىخى قىپ- قىزىل چېچەكلەپتۇ، «يىلانلار پادىشاھى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل گۈلمۇ ئادەم بېشىدەك چوڭلۇقتا ئېچىلىپتۇ. ئۇلار پىلەك تارتىدىغان ئىت ياڭقىغا قوشۇلۇپ، باغقا تېخىمۇ چىرايلىق تۈس كىرگۈزۈۋېتىپتۇ...

پەسىللەر بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى كېلىپ ئالمىشىپ مېڭىپتۇ. بىراق رامە بىلەن سىدوغا بۇلار خۇددى چۈشتەك بىلى- نىپتۇ... ئۇلار كىشىنى ھەددىدىن تاشقىرى ھاياجانغا سالىدىغان بۇ گۈللۈكتە تۇرۇپ، تەبىئەت ئۆزگىرىشلىرى بىلەن قىلچە كارى بولماپتۇ، ئۇلارنىڭ خۇشاللىقى چېكىگە يېتىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ نۇرغۇن يىللار ئۆتۈپتۇ. رامە ئۆزىنىڭ شاد-

لىق بېغىدىن ئايرىلىپ، قايتىدىن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشكە باشلاپتۇ.

ئۇ ئاتا - بوۋىسىنىڭ «پىل تەختى»گە قايتىدىن ئولتۇرۇپتۇ. ۋەزىرلەر ۋە مۇلازىمەتچىلەر ئۇنىڭ ئەتراپىدا سەپ تارتىپ تۇرۇشۇپتۇ. رامە ئەتراپقا قاراپ، ئۇلارنىڭ سەممىمي چىرايىغا سەپسېلىپ، ئۇلارنى ئانچە خۇشال ئەمەستەك ھېس قىپتۇ.

— مېنىڭ خەلقىم قانداقراق؟ دۆلەت ئەھۋالىنى ماڭا ئېيتىپ بەرسەڭلار.

رامە مۇشۇ گەپنى قىلىشى بىلەنلا، ئورۇندىكىلەر جىم بولۇپ كېتىپتۇ. خېلىغىچە داۋاملاشقان بۇ سۈكۈت ئورۇندىنىڭ كەيپىياتىنى تېخىمۇ جىددىيلەشتۈرۈۋېتىپتۇ.

ئاخىر مۇلازىملار باشلىقى باتەرە ئورنىدىن تۇرۇپ تەزىم قىلىپ مۇنداق دەپتۇ:

— ئەي، لوھورلارنىڭ ھۆكۈمرانى، گېپىمنى ئاڭلاپ باقسىلا. مەن مۇلازىمەتچىلەر باشلىقى، شۇڭا گەپنى ئوچۇق قىلىشىم كېرەك. كۆپچىلىك سىلىنىڭ ياخشى ئۆتۈشلىرىنى ئۈمىد قىلىدۇ. سىلىنىڭ ئەخلاقىي - پەزىلەتلىرى بەك ياخشى بولغانلىقى ئۈچۈن، دۆلەتلىرى ناھايىتى يۇقىرى شان - شۆھرەتكە ئىگە بولدى. سىلىنىڭ دادىلىرى ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن زامانلاردا، پۇقرالار ناھايىتى باياشات ئۆتكەنىدى، بىراق ئۇلار ھازىر بەختلىك ئۆتەلمەيدىغان بولۇپ قالدى.

— نېمىشقا شۇنداق؟ — سوراپتۇ رامە غەمكىن ھالدا، — مەن مۇشۇ دۆلەتنىڭ پادىشاھى بولغاندىن بېرى، نېمە سەۋەنلىكلەرنى ئۆتكۈزۈپتىمەن؟ نېمە ئۈچۈن چۈشكۈنلىشىپ كەتتىم؟ بىر دۆلەت پۇقرالىرىنىڭ روناق تېپىپ بەختلىك ئۆتۈشى پۈتۈنلەي شۇ دۆلەت پادىشاھىنىڭ ئەخلاق ۋە پەزىلىتىگە باغلىقمۇ؟ ئەگەر ئۇنىڭدا گۇناھ بولسا، خەلقنىمۇ پالاكەت باسىدۇ. گەپ قىلىۋەر باتەرە، — دەپتۇ.

— ئالىيلىرى، بۇ گەپنى دېيەلمەيمەن، قورقىمەن...
رامە ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋېتىپ:
— قورقما، گېپىڭنى دەۋەر. — دەپتۇ.
— ئالىيلىرى مەن ئايوتونى بىر ئايلىنىپ چىقتىم. پۈتكۈل ئادەم:
— رامە راپونەنى ئۆلتۈرۈپ، سىدونى قۇتقۇزدى، بىراق ئۇ-



نى ئۆيگە قايتۇرۇپ ئەكېلىشى زۆرۈرمىدى؟ ئۇنى بىر راكشەسە رىنكاغا بۇلاپ ئەكەتكەن، ئۇ بىز يات دۆلەتتە شۇنچە ئۇزۇن تۇردى، قانداق ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى كىم بىلىدۇ؟ سىدو قانداقچىسىگە ئۇنىڭغا سادىق بولۇپ تۇرالايدۇ؟ رامە ئۇنى قايتۇرۇپ ئەكېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن تەختتە بىللە ئولتۇرۇپ، ئۆز قەبىلىسىنىڭ شەرەپلىك نام - شەرىپىنى بىلىپ - بىلمەي بۇلغىدى، دېيىشىۋاتىدۇ.

بۇ شەپقەتسىز ئەيقاچتى گەپلەر رامەگە بېشىدا چاقماق چېقىلغاندەك تەسىر قىپتۇ. ئۇ ئىنتايىن ئازابلانغان هالدا ئەتراپىدىكى ۋەزىر - ۋۇزرالىرىغا قاراپتۇ.

— ئېيتىڭلار، ئاڭلىغانلىرىڭلارنىڭ هەممىسى راستمۇ؟ — دەپتۇ ئۇ. ئۇلار دۇدۇقلاپ تۇرۇپ:

— ئالىيلىرى، باتەرەنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ هەممىسى راست، — دېيىشىپتۇ.

رامە بۇ ئىشتىن قاتتىق هەسرەت چېكىپتۇ.

ئۇ ئۆزىنىڭ قايغۇ - هەسرىتىنى باسالماي، تويۇقسىز ئورنىدىن كېتىپتۇ. يازدىكى قۇياشنىڭ چىدىغۇسىز پىژغىرىم ئىسسىقى، ئۇنىڭ ئۇستىگە يالغۇز تۇرۇشنى خالاش ئىستىكىدىن، ئۇ كۆلگە بېرىپ يۇيۇنماقچى بوپتۇ.

كۆلنىڭ ئىككى قىرغىقى تاغدەك ئېگىز بولۇپ، ئەتراپى چىرايلىق ئېچىلغان گۈللەر بىلەن پۈركەلگەنىكەن.

رامە كۆلنىڭ شەرقى تەرىپىگە كېلىپ، ئالتۇن پەلەمپەي ئارقىلىق ئاستا - ئاستا سۇغا قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇ سۇ تەرەپكە قاراپ چۈشۈۋېتىپ، بىرسىنىڭ غەزەپ بىلەن ۋارقىراپ گەپ قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپتۇ. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئىككىيلەننىڭ كۆل بويىدىكى ئالتۇن داستا كىر يۇيۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۇلار قېيناتا بىلەن كۈيئوغۇل ئىكەن.

قېيناتا ۋارقىراپ تۇرۇپ مۇنداق دەۋاتقۇدەك:

— سىز ئاق كۆڭۈل ئائىلىنىڭ بالىسى، ئاڭلىشىمچە، سىزنىڭ نۇرغۇن ئارتۇقچىلىقىڭىز ۋە ئېسىل ئەخلاقىي - پەزىلىتىڭىز بار ئىكەن. مەن تېخى سىزنى سەممىمىي ۋە پۇلى بار دەپ قاراپ، قىزىمنى سىزگە ياتلىق قىلىپتىكەنمەن. سىز ئۇنى ئۇرىدىغانغا، ئۇ زادى نېمە گۇناھ قىلغانتى؟ ئۇ كېچىدە ئۆزى يالغۇز ئۆيۈمگە قېچىپ كەپتۇ. مەن بۇنىڭدىن ناھايىتى ئەنسىرىدىم. ئېرى بار ياش چوكان ئۆزىنىڭ دادىسىنىڭ ئۆيىدە تۇرسا مۇۋاپىق بولمايدۇ.

كۇيئوغلىمۇ مۇنداق دەپ ۋارقىراپ جاۋاب بېرىپتۇ:

— قىزىڭىز ئۆيىڭىزدە قېلىۋەرسۇن. ئۇ يېرىم كېچىدە ئۆزى يالغۇز ئۆيدىن ئايرىلدى، يېنىدا ھەمراھمۇ يوق. ئۇنىڭ قەيەردە قونۇپ قالغانلىقىنى مەن نەدىن بىلەي؟ پادىشاھ رامە بۇ ئىشقا سەۋر - تاقەت قىپتۇ، لېكىن مەن ھەرگىز بۇنداق قىلالالمايمەن. راپونە سىدونى بۇلاپ ئەكېتىپ، نەچچە ئاي يېنىدا تۇتۇپتۇ، رامە ئۇنى ئۆيىگە قايتۇرۇپ ئەكېلىۋاپتۇ، مەن بۇ زېمىننىڭ ھۆكۈمرانى ئەمەس، بىر ئاددىي كىر يۇيغۇچى. ناۋادا مەن قىزىڭىزنى ئۆيگە ئەپكەتسەم، دوستلىرىم ۋە تۇغقانلىرىم جەزمەن ئارقامدىن يامان گېپىمنى قىلىدۇ.

قېيناتىسى مۇشۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، خاپا بولۇپ كېتىپ قاپتۇ.

رامە مۇشۇ گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاڭلاپتۇ. ئۇ بېشىنى سېلىپ ئوردىغا كېتىۋېتىپ، قاتتىق ھەسرەتلەنگەن ھالدا: «مەن ھازىر نېمە ئىش قىلىشىم كېرەكلىكىنى چۈشەندىم» دەپ ئويلاپتۇ.

رامە ئۇدۇل سىدو تورغان يەرگە مېڭىپتۇ.

بۇ مەزگىلدە سىدونىڭ تېنى ئىنتايىن ئاجىزلاپ كەتكەن بولۇپ، يۇمشاق كارىۋات ئۈستىدە ئۇخلاپ ياتقانىكەن. رامە بۇقەدەر سەممىمىي، ساداقەتمەن چىرايىغا قاراپ، يۈرىكى پىچاقتا تىلىنغاندەك بوپتۇ، بىراق، رامەگە بۇنداق قىلماي ئامال يوق... ئۇ

www.uyghurkitap.com

چوقۇم ئۇنى ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىدىن نېرى قىلىۋېتىش كېرەك ئىكەن... رامە ئۆز - ئۆزىگە:

- شۇنداق، مەن سىدودىن ۋاز كېچىمەن، — دەپتۇ. ئۇنىڭ كۆزىدىن مۇنچاق - مۇنچاق ياش ئېقىپتۇ، — مېنىڭ پۇقرالىرىم ئۇنى كېرەك قىلمايدىكەن. ئۇ گۈزەللىك ۋە پاكلىق جەھەتتە دۇنيادا تەڭداشسىز، بىراق ئۇلار مېنىڭ ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىشىمنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. مەن خەلقىمگە سادىق بولىمەن دەپ قەسەم قىلدىم، ئۆزۈمنىڭ قانداق ئازابقا قېلىشىمدىن قەتئىينەزەر، مەن جەزمەن چوقۇم ئۇلارنىڭ ئارزۇسى بويىچە ئىش قىلىشىم كېرەك. دادام لەۋزىنى دەپ، مەندەك بىر ئوغلىنى سۈرگۈن قىلدى. مەنمۇ ھەقىقەتەن يولدىن چىقىپ كەتسەم بولمايدۇ... سىدو، مېنىڭ دۇنيادا تەڭدىشى يوق سىدورىم مەسخىرىگە قالدى ۋە تۆھمەتكە قالدى. ياق! مەن بۇنىڭغا ھەرگىز تاقەت قىلىپ تۇرالمايمەن، ئۇنى ئۇزىتىپ قويىمەن، — دەپ ئويلاپتۇ.

ۋاھالەنكى، رامە ئۇنى ئويغىتىپ، ئەھۋالنى ئۇنىڭغا ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالماپتۇ. ئۇ سىدونى ئويغاتماي، ھۇجرىدىن چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇ مۇھاپىزەتچىنى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا:

— بېرىپ ۋارەدە، لەكشمەنە ۋە شادرونەلەرنى چاقىرىپ كەل، — دەپتۇ.

ئۈچ ئىنىسى دەرھال كېلىپ رامە بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭ پۇتىغا باش قويۇپتۇ. رامە ئۇلارغا مۇنداق دەپتۇ:

— گېپىمنى ئاڭلاڭلار، ئىنىلىرىم، مەن بىر ئايالنى دەپ، يامان ئاتاققا قالدىم، پۇقرالارنىڭ ئارزۇسى مېنىڭ ئارزۇيۇمدىن يۇقىرى بولۇشى كېرەك. پاك جەمەتىمىزنىڭ ئابرۇيى تۆكۈلدى. مەن بىر قارارغا كېلىپ بولدۇم. ئىنىم لەكشمەنە، سىدونى ئايوتودىن يىراقلاشتۇرۇپ، فارمىگمونىنىڭ ئورمانلىقىتىكى خىلۋەت تۇرالغۇسىغا ئاپىرىۋەتكىن، تېخى تۇنۇگۈن كەچ، سىدو ماڭا

ئۆزىنىڭ مانىلارىنىڭ ساداقەتمەن ئايالىرى بىلەن كۆرۈشكۈسى بارلىقىنى، ئۇلارنى خۇش قىلىش ئۈچۈن، ئۇلارغا نۇرغۇن سوۋغات ئېلىپ بارماقچى بولغانلىقىنى ئېيتقانىدى. ئۇنىڭغا، رامە ماڭا سىزنى ئورمانلىقتىچە ئاپىرىپ قويۇشقا بۇيرۇق قىلدى، دېسەڭ، ئۇ ئۆزى چۇشىنىپ، سېنىڭ ئارقاڭدىن ماڭىدۇ. تېز بول، قەدىرلىكىم لەكشمەنە، مېنىڭ مۇشۇ ئىشىمنى ياخشى بېجىرگىن، ئۇنى ئات هارۋىسىدا ئېلىپ ماڭ. هارۋىنى سۇمەندىرە هەيدىسۇن، بۇ ئىشنى هەرگىز باشقىلار بىلىپ قالمىسۇن، بۇيرۇقىمغا خىلاپلىق قىلما، مېنىڭ بۇيرۇقۇم بويىچە ئىش قىل.

ئۈچ ئىنىسى ئاكىسى رامەنىڭ بۇ رەهىمسىزلىكىدىن هەيران بولۇپ، ئېغىزى ئېچىلىپلا قاپتۇ. لەكشمەنە ئاھ ئۇرۇپ تۇرۇپ:

— ئاھ، پەرۋەردىگاھ، سەن سىدونى هەيدىۋەتكۈدەك، ئۇ نېمە خاتالىق ئۆتكۈزۈپتۇ؟ سەن ئۇنىڭ ئېرى، ئۇنى قانات ئاستىڭغا ئالمىساڭ قانداق بولىدۇ؟ ئۇ بىر خانىش تۇرسا، ئورمان تۇرمۇشىغا قانداق بەرداشلىق بېرىدۇ؟ ئۇ پاك هەم گۇناهسىز. ئۇنىڭغا ئازار بەرمىگىن. ناۋادا ئۇنى چوقۇم سۈرگۈن قىلاي دېسەڭ، ئۇنى باشقا سارايلاردا تۇرغۇزغىن. بىراق ئۇ قانداقلا بولمىسۇن سارايدا تۇرۇشى كېرەك، — دەپتۇ.

— ئىنىم، كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما، ناۋادا سىدو بۇ يەردە قېپقالسا، تۆهمەتكە قالىدۇ. مەن خەلققە سادىق بولىمەن، دەپ قەسەم قىلغان. سەن نېمە ئۈچۈن هە دېسىلا ئۇنىڭ گېپىنى قىلىسەن، — دەپتۇ رامە.

لەكشمەنە كۆڭلى يېرىم بولۇپ بېشىنى سىلىپ تۇرۇپتۇ ۋە پادىشاھنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن چىقىپ كېتىپتۇ.

ئۇ سۇمەندىرە بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭغا بولغان گەپلەرنى دەپتۇ. ئۇ كۆزىگە ياش ئالغان هالدا هارۋىنى سىدونىڭ ئىشكى ئالدىدا توختىتىپتۇ ۋە كۆڭلى يېرىم هالەتتە سىدونىڭ ئۆيىگە

كىرىپتۇ.

سىدو كۆلۈمسىرىگەن هالدا، لەكشمەنەدىن هال ـ ئەھۋالىنى سوراپتۇ ۋە:

— سىزنى قارشى ئالىمەن، ئىنىم، بۈگۈن مەن ئۈچۈن ھەقىقەتەن بەختلىك كۈن بولدى. بىز ئورمانلىقتا ئون تۆت يىل بىللە ياشىدۇق، بىراق سىز هازىر پادىشاھلىق دۆلەتكە ئېرىشتىڭىز، تەلىيىڭىز ئۇڭدىن كەلگەندىن كېيىن مېنى ئۇنتۇپ قالاي دېدىڭىز، — دەپتۇ. ئۇ يەنە چاقچاق قىلىپ، — بۇرۇن سىزگە قاتتىق تېگىپ قويغان يەرلىرىم بولغان. ئېھتىمال مۇشۇ سەۋەبتىن ماڭا تاش يۈرەكلىك قىلىۋاتقان بولۇشىڭىز مۇمكىن. ئۇلتۇرۇڭ، لەكشمەنە، ئەھۋالىڭىزنى ماڭا ئېيتىڭ. ياخشى تۇرۇۋاتامسىز؟ نېمە ئۈچۈن بىئارام بولىسىز؟ — دەپتۇ.

لەكشمەنە جاۋاب بېرىپ:

— گېپىڭىز ئانچە توغرا بولمىدى. كەيپىڭىزنىڭ ناھايىتى خۇشال ئىكەنلىكىنى كۆردۈم. سىز هازىر خانىش بولۇپ ئوردىدا تۇرۇۋاتىسىز، رۇخسەت ئالمىسام ھۇجرىڭىزغا ئىختىيارىمچە قانداق كىرەلەيمەن؟ — دەپتۇ. — تەقدىر ماڭا ئىچ ئاغرىتىپ، بۈگۈن سىز بىلەن كۆرۈشۈشكە پۇرسەت بەردى.

سىدو لەكشمەنەگە بەخت تىلەپتۇ، ئاندىن:

— ئىنىم، مېنى نېمە ئۈچۈن كۆرگىلى كەلگەنتىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ. لەكشمەنە:

— گېپىمگە قۇلاق سېلىڭ، يەڭگە. مەن شارى رامەنىڭ بۇيرۇقى بويىچە كەلدىم. سىز تونۇگۈن كەچ ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىۋاتقان مانىلارنىڭ ئاياللىرىنى يوقلاپ قويۇش خىيالىڭىز بارلىقىنى ئېيتىپتىكەنسىز. مەن بىلەن مېڭىڭ، ئۇلارغا بېرىدىغان ئۇنچە ـ مەرۋايىتلاردىن كۆپرەك ئېلىۋېلىڭ، ئۇلارغا قانچىلىك بەرگۈڭىز كەلسە، شۇنچىلىك ئېلىڭ، مەن سىز ئۈچۈن يەتكۈزۈپ بېرىمەن. ماڭايلى، ئات هارۋىسى تەييار بولدى، — دەپتۇ.

سىدو ئىنتايىن خۇشال بوپتۇ. ئۇ:
— راست شۇنداقمۇ؟ چاقچاق قىلىۋاتمايدىغانسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.
— سىدو، سىز ئۆزىڭىز پەرەز قىلىپ بېقىڭ، — دەپتۇ لەكشمەنە، — رامە ماڭا مۇشۇ گەپنى قىلمىغان بولسا، سىزنىڭ ئۇنىڭغا دېگەن گېپىڭىزنى قانداق بىلەتتىم؟ سىزگە چاقچاق قى-لىشقا قانداقمۇ پېتىناي!
سىدو ئەمدى ئىشىنىپتۇ. ئۇ خەزىنىگە كىرىپ ھەر خىل شەكىلدىكى ئۇنچە ـ مەرۋايىت ۋە زىنىنەت بۇيۇملىرىنى كۆڭۈل قويۇپ تاللىۋاپتۇ. ئالتۇن يىپ بىلەن توقۇلۇپ، ئۇنچە مەرۋايىت كەشتىلەنگەن چىرايلىق كىيىملەرنى ئوراپتۇ. خۇش پۇراق ساند-دال، ئەتىرلەرنى ئاپتۇ. ئۇ بۇ ئەتىۋارلىق نەرسىلەرنى يىپەك ياغلىققا ئوراپ، ئات ھارۋىسى تەرەپكە ئالدىراش مېڭىپتۇ.
ئۇنىڭ نۇرغۇن كېنىزەكلىرىنىڭمۇ بىللە بارغۇسى بار ئى-كەن. لېكىن لەكشمەنە:
— رامە بىزگە جىمجىتلا يولغا چىقىڭلار — دەپ بۇيرۇق بەردى. سۇمەندىرە ۋە مەندىن باشقا ھېچكىم بىللە بارم-ايدىغان بولدى، — دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن سىدو ئۇلارغا:
— سىلەر قېپقېلىڭلار. مەن تېزلا قايتىپ كېلىمەن، — دەپتۇ.
ئات ھارۋىسى يولغا چىقىپتۇ. سىدونىڭ ساھىبجامالى ھار-ۋىغا تېخىمۇ چىرايلىق ھۆسن قوشۇپتۇ.
يول ئۇستىدە، سىدو ئوڭ تەرىپىدە بىر يىلان، سول تەرىپى-دە بىر غالجىر ئىت تۇرغانلىقىغا دىققەت قىپتۇ. ئۇ ناھايىتى چۆچۈپ:
— بۇ شۇملۇقنىڭ ئالامىتى. لەكشمەنە، مېنىڭ ئايوتودىن ئايرىلغۇم يوق، مېنى قايتۇرۇپ ئەكېتىڭ، — دەپ ۋارقىرىۋې-تىپتۇ. بىراق، لەكشمەنە بېشىنى سىلىپ جىمىپ كېتىپتۇ،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى



ئىككى كۆزىدىن توختىماي ياش ئېقىپتۇ.

— نېمە ئۈچۈن جاۋاب بەرمەيسىز؟ لەكشمەنە، نېمىشقا ھەسرەت چېكىسىز؟ ھارۋىنى ئارقىغا قايتۇرۇڭ، مەن ئۆيگە قايتىمەن. مەن چوقۇم ئېرىم بىلەن خوشلىشىمەن، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يەرگە بارىمەن، — دەپتۇ سىدو.

لەكشمەنە ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ:

- سىدو، ھولۇقماڭ، قاراڭ، بىز يېمونا دەرياسىنىڭ بويىغا كېلىپ بولدۇق، — دەپتۇ.

تەقدىرنىڭ ئىرادىسى بويىچە بولغان ئىشلارنى كىممۇ ئۆزگەرتەلىسۇن؟

ئۇلار ھارۋىدىن چۈشۈپ، يېمونا دەرياسىدىن ئۆتۈپ، فارمىگى موننىڭ ئورمانلىقتىكى تەركىدۇنياسىغا يېتىپ كەپتۇ.

لەكشمەنە يىغلاپ كېتىپتۇ. سىدو بۇنىڭدىن قاتتىق گۇمانلىنىشقا باشلاپتۇ.

— نېمىشقا كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلىسىز؟ نېمىشقا قايغۇرىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ ئۇ.

— بۇنىڭغا نېمىدەپ جاۋاب بەرسەم بولار، — دەپتۇ لەكشمەنە، — مەن رامەنىڭ بۇيرۇقى بويىچە، سىزنى مۇشۇ ئورمانلىقتا تۇرىدىغانغا ئەكەلدىم... - ئارقىدىن ئۇ بارلىق ئەھۋاللارنى ئۇنىڭغا ئېيتىپتۇ...

سىدو ئىنتايىن قورقۇپ ۋەھىمە ئىچىدە قاپتۇ ۋە توختىماستىن يىغلاپ كېتىپتۇ.

— سىز ماڭا بۇ گەپنى ئەمدى دەپسىز، لەكشمەنە، يەنە كېلىپ شۇنچە يىراق يوللارنى بېسىپ بولغاندىن كېيىن. سىز مېنى بۇ يەرگە ئالداپ ئەكەپسىز، رامەنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكى ھەممەيلەننى قايىل قىلىدۇ. ئۇ نېمىدەپ مەندىن سوراپ باقمايدۇ؟ ئەگەر ئۇ ماڭا ئۆيىدە تۇرۇش ھوقۇقىنى بېرىشنى خالىمىسا، نېمىشقا مېنى ئوت بىلەن سىنايدۇ؟ ھازىر ئېرىم مېنى

جامائەتنىڭ ئالدىدا ئىزا ـ ئاھانەتكە قالدۇرۇش ئۈچۈن، گۇناھىم بولمىسىمۇ، مېنى سۈرگۈن قىپتۇ. مەن سىزنىڭ ئالدىڭىزدا ئۆزۈمنى يېمونا دەرياسىغا ئېتىۋېلىپ، مۇشۇ ئارقىلىق لوھور مىللىتىنىڭ پاك نامىغا چۈشكەن داغنى يۇماقچى ئىدىم. بىراق، بىر ئىشنى دېيىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن، — ئۇ گېپىنى داۋاملاشتۇرالماي ئېچىنىشلىق يىغلاپ كېتىپتۇ، — رامەنىڭ بالىسى تۇغۇلاي دەپ قالدى. مەن ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈۋالسام بالىمۇ تۈگەشىدۇ... مەن ئۇنىڭ بالىسى ئۈچۈن ياشىمىسام بولمايدۇ.

سىدو لەكشىمەنە بىلەن ئورمانلىقتا بىللە ئولتۇرۇپ يىغلاپتۇ. لەكشىمەنە ئاخىر ئورنىدىن تۇرۇپ، كۆڭلى ئىنتايىن يېرىم بولغان ھالدا سىدو بىلەن خوشلىشىپتۇ. ئۇ قېيىق بىلەن دەريادىن ئۆتۈپ، سۇمەندىرە ھەيدىگەن ھارۋىنىڭ قېشىغا قايتىپ كەپتۇ.

سىدو ئورمانلىقتا ئۆزى يالغۇز قېلىپ، يىغلاپ تۇرۇپ:

— رامە، سەن قەيەردە؟ — دەپ توۋلاپتۇ. ئۇ قويۇق ئورمانلىققا سەپسېلىپ، يىراقتا بىر ياۋا چوشقا بىلەن بىر ئېيىقنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قورقۇپ كېتىپتۇ.

فارمىگى ۋە ئۇنىڭ مۇرتلىرى بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، سىدونىڭ ۋەھىمە ۋە قايغۇ ھەسرەتكە چۆمگەن ھالدا ۋارقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ توختاپ قاپتۇ.

فارمىگىمونى بۇرۇن «رامە يانا» دېگەن كىتابنى يازغاندىكەن. ئۇ كىتابىدا سىدونىڭ سۈرگۈن قىلىنىدىغانلىقىدىن بېشارەت بەرگەنىكەن. ئۇ سىدونىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا مېھرىبانلىق بىلەن تەسەللى بېرىپتۇ. ئۇنى ئۆزىنىڭ ئىبادەتخانىسىغا باشلاپ بېرىپتۇ. مانىلارنىڭ ۋاپادار ئاياللىرى ئۇنى سەمىمىي كۈتۈۋاپتۇ.

لەكشىمەنە قاتتىق قايغۇرغان ھالدا ئايوتوغا قايتىپ كەپتۇ. ئۇ كۆزىگە ياش ئالغان ھالدا رامەنىڭ ئالدىدا بېشىنى ئېگىپ

تۇرۇپتۇ.

رامە ئەسەبىيلەرچە ۋارقىراپ تۇرۇپ:

— سەن مېنىڭ سىدورىمنى قەيەرگە ئورۇنلاشتۇردۇڭ؟ ئاھ، مېنىڭ جىنايەت بىلەن تولغان قەلبىم! ئۇ ئەمدى ئارام تاپالمايدىغان بولدى. مەن جامائەت پىكرىنى نەزەردە تۇتۇپ، سىدونى سۈرگۈن قىلدىم. ئۇ مەندىن بىر كۈن ئايرىلسا بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان يەردە، ئورمانلىقتا قانداقمۇ تۇرالار؟ مېنىڭ پادىشاھلىق دۆلىتىمنىڭ، بايلىقىمنىڭ، پادىشاھلىق ئورنۇمنىڭ نېمە ئەھمىيىتى قالدى؟ سىدو بولمىسا، ھېچقانداق ئىشنىڭ مەنىسى قالمايدۇ. سىدو ياۋايى ھايۋانلارنى كۆرسە قورقۇپ كېتىدۇ. ئۇنداقتا ئۇنى كىم قوغدايدۇ؟ ماڭا دېگىنە ئىنىم، ماڭا ئېيتە، مېنىڭ سىدورىمنى قايسى ئورمانلىققا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغانلىقىڭنى ئاڭلاپ باقاي، — دەپتۇ.

— سىدونى سەن ئۆزۈڭ قوغلىۋەتكەن تۇرۇقلۇق، ئەمدى يەنە نېمىدەپ يىغا ـ زار قىلىسەن؟ خاتىرجەم بول، مەن سىدونى فارمىگى مونىڭ ئىبادەتخانىسى ئەتراپىدا قالدۇرۇپ قويدۇم. ئەگەر رۇخسەت قىلساڭ، ئۇنى دەرھال قايتۇرۇپ كېلىمەن، — دەپتۇ لەكشمەنە.

— سىدونى مەن ئۆزۈم كەتكۈزۋەتتىم. ئۇ قايتىپ كەلسە، پۇقرالار ئىچىدە تېخىمۇ كۆپ گەپ پەيدا بولىدۇ، لېكىن سىدونى كۆرمىسەم ھەقىقەتەن ياشىيالمايمەن. مەن ئۆزۈمگە قانداقمۇ تەسەللى بېرەرمەن؟ گېپىمنى ئاڭلا، ئىنىم، بۈگۈن كېچە سىدوغا تەقلىد قىلىپ بىر ئالتۇن بۈت ياسايلى. ئۇنىڭغا قارىسام، ئېھتىمال ماڭا ئازراق تەسەللى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

ئەرشتىكى ئۇستام ۋىشكەمە رامەنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىپ، ئۇنىڭ يېنىغا كەپتۇ. رامە ئۇنىڭغا نۇرغۇن ئالتۇن بېرىپتۇ. ئۇ ئالتۇن بىلەن سىدوغا ئوپمۇئوخشايدىغان بىر بۈت ياساپ چىقىپتۇ.

بۇتقا ساندال مېيى سۇركىلىپ، كۆزنى چاقنىتىدىغان چە-
رايلىق كىيىملەر كىيدۈرۈلۈپتۇ. بوينىغا خۇش پۇراق گۈلچەم-
بىرەك سېلىنىپتۇ. رامە بۇتقا قاراپ:
— سىدو، سىدو، — دەپ توۋلاپتۇ، بىراق بۇ بىر بۇت
بولغاچقا، جاۋاب قايتۇرماپتۇ.
رامە ئۆزى يالغۇز بىر ئۆيگە كىرىۋېلىپ، بۇتقا يەتتە
كېچە - كۈندۈز ھەمراھ بوپتۇ. ۋارەدە، لەكشمەنە ۋە شادرونەلەر
ئىشىك تۈۋىدە كۆزەتچىلىك قىلىپ تۇرۇپتۇ.
سەككىزىنچى كۈنى، لەكشمەنە رامەنىڭ يېنىغا كىرىپ،
تەزىم قىلىپ تۇرۇپ:
— ئالىيلىرى، سىزنىڭ مۇنداق قىلىشىڭىز توغرا ئەمەس.
سەن سىدونى دەپ يەتتە كۈن ھەسرەت چېكىپ، دۆلەتنىڭ ئىشلىد-
رىغا سەل قارىدىڭ، ئاڭلىشىمچە، دۆلەتنى باشقۇرالمىغان پادى-
شاھ قارغىشقا كېتىدىكەن، — دەپتۇ.
رامە لەكشمەنەنىڭ نەسىھىتىنى قوبۇل قىلىپ، ئوردىسىغا
قايتىپ كېتىپتۇ. ئۇ سىدونىڭ ئالتۇن بۇتىنى ئۆزىنىڭ تەختىد-
نىڭ يېنىغا قويۇۋاپتۇ.
ئۇنىڭ دوستلىرى ۋە ۋەزىرلىرى ئۇنىڭ چەكسىز دەرد -
ئەلەم تارتقان چىرايىنى كۆرۈپ: «ئۇ چوقۇم قايتا ئۆيلىنىشى
كېرەك» دەپ مەسلىھەت قىلىشىپتۇ. بىراق، ئۇلار ئۇنىڭ ئالدىدا
بۇ ئىشنى تىلغا ئالغاندا، ئۇ قەتئىي رەت قىپتۇ.
نۇرغۇن ساھىبجامال قىزلار رامەنىڭ ئايالى بولۇشنى ئۆزلى-
رىنىڭ بەختى دەپ قارىشىپتۇ، لېكىن رامە بىر ئۆمۈر توي
قىلماي ئۆتىمەن، دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.
رامە دۆلەتنى ناھايىتى دانالىق بىلەن باشقۇرۇپ، مەسئۇلى-
يىتىنى ياخشى ئادا قىپتۇ. لېكىن ئۇنىڭ كۆڭلى ناھايىتى غەش
بوپتۇ. بىر كۈنى ئۇ ئۈچ ئىنىسىنى چاقىرىپ كېلىپ، ئۇلارغا:
— مېنىڭ شاھانە نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزگۈم بار. مۇشۇن-



داق نەزىر ـ چىراغ مۇراسىمىنى ئۆتكۈزۈپ، كۆپرەك سەدىقە تارقاتسام، ئېھتىمال روھىم تازىلىنىپ قېلىشى مۇمكىن، دەپتۇ.

بىراق، لەكشمەنە:

— بولمايدۇ، ئالىيلىرى، بۇنداق قورقۇنچلۇق مۇراسىمنى ئۆتكۈزمە، ئۇ خاسىيەتلىك ئىش ئەمەس، — دەپ ۋارقىراپ كېتىپتۇ.

ئۇ ئۇلۇغ پادىشاھلار توغرىسىدىكى نۇرغۇن مىساللارنى كەلتۈرۈپتۇ. ئۇلار مۇشۇنداق نەزىر ـ چىراغلارنى ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن، ئۆزىگە بىر مۇنچە بەختسىزلىك تاپقان، دەپ چۈشەندۈرۈپتۇ. ئۇ: «ئات نەزىرى ئۆتكۈزەيلى، بۇ بىر مۇقەددەس چوڭ نەزىر، ئۇ جەزمەن سېنىڭ بارلىق ئارزۇلىرىڭنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ» دەپتۇ.

راما ئۇنىڭ تەكلىپىنى ماقۇل كۆرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئايوتو شەھىرىدە ئات نەزىرىنى ئۆتكۈزۈش تەييارلىقى باشلىنىپتۇ. ۋارەدە بىلەن لەكشمەنەنى ئەرشتىن چۈشۈپ نەزىرگاھ ياساشقا ئەۋەتىپتۇ.

ۋارەدە بىلەن لەكشمەنە بۇ ئىشقا ناھايىتى خۇشال بولۇپ، نەزىرگە ئىشلىتىدىغانغا ئالتۇن ـ كۈمۈش، ئۈنچە ـ مەرۋايىتلار ۋە باشقا ھەر خىل نەرسىلەرنى ئەچىقىپتۇ.

ئىرىمچىك، سۈت ۋە قايماقلار قاچىلىنىدىغان كۆلچەكلەر قېزىلىپتۇ. دانلىق ئاشلىق قاچىلىنىدىغان سان ـ ساناقسىز ئاشلىق ئامبارلىرى ياسىلىپتۇ. بۇ دانلىقلار نەزىر ـ چىراغتا يېقىلىغۇ ئورنىدا ئىشلىتىلىدىكەن.

ساماۋىدىكى ئۇلۇغ ئىلاھلارمۇ نەزىرگە قاتنىشىدىغان بوپتۇ. لەكشمەنە ئۇلارنى ۋە باشقا سان ـ ساناقسىز مېھمانلارنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن، ياقۇت بىلەن نەقىشلەنگەن نۇرغۇن ئالتۇن سارايلارنى بىنا قىپتۇ. بۇ خەۋەر ھەممە تەرەپكە تارقاپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مانىلار ئۆز مۇرتلىرىنى ئېلىپ يىراق ئورماندىكى تۇرالغۇلىرىدىن كەپتۇ. ۋەزىر - ۋۇزرالار باغاقنى يىراق دۆلەتلەرگىچە تارقىتىپتۇ...

ۋىبسەنە ئۈچ يۈز تۇمەن تۇغقىنىنى باشلاپ كەپتۇ. سۇچىرىپە نۇرغۇن مايمۇنلارنى باشلاپ كەپتۇ. مىتررا دۆلىتىنىڭ پادىشاھى كىناگامۇ كەپتۇ. قۇدرەتلىك پادىشاھ سارە ئاشلىق ماكانىدىن كەپتۇ. ئۇلاردىن باشقا يەنە نىپالنىڭ باتۇر تەڭداشسىز پادىشاھى، تاغلىق رايوننىڭ پادىشاھى، روموپىدە ھەم بىخارنىڭ پادىشاھى، ۋىچەيەنەكەنىڭ پادىشاھى، گانكى، كارىن ۋە كەمەدولارنىڭ پادىشاھلىرى... ئۆزىنىڭ قوشۇنلىرى ۋە ئاقسۆڭەكلەرنى باشلاپ، ھەممە تەرەپلەردىن كەپتۇ. غەرب تەرەپتىن سەكسەن مىڭ پادىشاھ، شىمال تەرەپتىكى گەنتىرەدىن جەنۇبتىكى رىنكاغىچە، ھەممە پادىشاھلار ئايوتوغا ئايىغى ئۈزۈلمەي كەلگىلى تۇرۇپتۇ. بۇنداق ئاز ئۇچرايدىغان نەزىر - چىراغ مۇراسىمىنى پەقەت ئەڭ قۇدرەتلىك دۆلەتلەرلا ئۆتكۈزەلەيدىكەن.

بۇرۇن مانىلارنى قورقىتىدىغان راكشەسەلەر ئەمدىلىكتە كەمتەرلىك بىلەن ئىبادەت قىلغۇچىلارنىڭ پۇتىغا باش قويىدىغان بوپتۇ. بۇرۇن ئىبلىس دىۋىلەردىن قورقۇپ قېچىپ كېتىدىغان مانى ھازىر قورقمايدىغان بوپتۇ ھەمدە ئىختىيارىچە بىللە يۈرىدىغان بوپتۇ... ئۇلار ئايوتو شەھىرىدە خۇددى بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بىللە تۇرۇپتۇ.

ناخشا - ئۇسسۇل ۋە شادلىق مۇزىكا سادالىرى ئىچىدە، ئايوتو شەھىرىدە «غەلىبە رامەگە مەنسۇپ!» دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازلار يەر - جاھاننى زىلزىلىگە ساپتۇ، ھەممىلا يەر خۇشاللىق كەيپىياتىغا چۆمۈپتۇ.

«ئات نەزىر» نىڭ ئادىتى بويىچە، ئاۋۋال ئاتلار ئىچىدىن بىر ئارغىماق ئات تاللىنىدىكەن، ئاندىن ئۇ ئىختىيارىغا قويۇپ بېرىلىدىكەن. ئۇنىڭ چېكىسىگە رامەنىڭ ئۇرۇش قىلىش چاقىرىقنا-

مىسى ئۇيۇلغان ئالتۇن يوپۇرماق بېكىتىلىپ قويۇلىدىكەن. ئات-نىڭ ئارقىسىدىن لەشكەرلەر ئەگىشىپ ماڭىدىكەن. تەلەپ بويىچە ئات بېسىپ ئۆتكەن ھەرقانداق شەھەر - بازار ۋە يەرلەر پادىشاھقا تەۋە بولىدىكەن. ناۋادا بىرسى قارشىلىق كۆرسىتىشكە پېتىنسا ياكى ئارغىماقنى تۇتۇپ قالسا، لەشكەرلەر شۇ تەرەپ بىلەن ئۇرۇش قىلىدىكەن. راما شادرونەگە:

— گېپىمگە قۇلاق سال، ئىنىم، سەن مۇشۇ ئارغىماقنىڭ قوغدىغۇچىسى، ئۇنى قوغداپ، بىزنىڭ قەدىمى جەمەتىمىزنىڭ ئىناۋىتىنى ساقلا، ئۇنى ئىختىيارىڭغا قويۇۋەت. لېكىن مۇراسىمنى ئوڭۇشلۇق تاماملاش ئۈچۈن چوقۇم ۋاقتىدا قايتىپ كەلسۇن، — دەپتۇ.

راما مۇقەددەس نەزىرگاھ ئالدىدا ئولتۇرۇپ، ھېلىقى ئارغىماقنى نەزىرگە ئاتاپتۇ ھەمدە ئۇنى قويۇۋېتىپتۇ.

شادرونە ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى كۆتۈرەڭگۇ روھ بىلەن ئارغىماققا ئەگىشىپ مېڭىپتۇ. ئۇ شۇ مېڭىشىچە تاغ - داۋانلاردىن ئېشىپتۇ. ئۇ شەرق تەرەپكە مېڭىپ قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىز - ئوكيانلاردىن ئۆتۈپتۇ...

بۇ ئارغىماقنى ھېچكىم تۇتالماپتۇ. ئۇ ئاقار يۇلتۇزغا ئوخشاش بېشى قايغان تەرەپكە قاراپ چېپىۋېرىپتۇ. ناۋادا ئارغىماق يېتىپ بارغان جايلار ئۆزلۈكىدىن قوشۇلغىلى ئۇنىمىسا، ئۇلارنى شادرونە قورال كۈچى بىلەن بويسۇندۇرۇپتۇ.

بىرنەچچە ئاي ئۆتۈپتۇ، مۇقەددەس ئات نەزىرىسى ئاياغلىشاي دەپ قاپتۇ. تومەن چېلەك ئاشلىق ۋە قايماقلار لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوت ئىچىگە تۆكۈلگەندە، ئوت يالقۇنى تېخىمۇ يۇقىرى ئۆرلەپتۇ. ساماۋىي ئىلاھلار بۇنى كۆرگىلى چۈشۈپتۇ. ئارغىماقنىڭ ۋەزىپىسى تۈگەپ، مۇراسىمنىڭ ئاياغلىشىش ۋاقتى بارغانسېرى ئاز قاپتۇ. بىراق تەقدىرنىڭ ئىرادىسى بولسا كېرەك، ھېلىقى نەزىرگە ئاتالغان ئارغىماق، مۇشۇ ۋاقىتتا جەنۇبقا قاراپ چېپىپ-



www.uyghurkitap.com



تۇ. ھەمدە ئۇ سىدو تۇرغان ئورمانلىق تاغقا بېرىپ ئوت يەپتۇ.
سىدو ئورمانلىقتا بېرىپ ئۇزۇن ئۆتمەي قوشكېزەك ئوغۇل تۇغقانىكەن. ئۇلارنىڭ پۇتكۇل تۇرقى رامەگە شۇنداق ئوخشاپتۇكى، ئۇلارنىڭ قايسىنىڭ ئاكىسى، قايسىنىڭ ئىنىسى ئىكەنلىكىنى ھېچكىم ئايرىيالمايدىكەن. ئۇلار ئاق كۆڭۈل، قاۋۇل ھەم ۋاپادار بولۇپ چوڭ بوپتۇ. بۇ بالىلارنىڭ بولۇشى سىدو ئۈچۈن ناھايىتى زور تەسەللى ئىكەن. فارمىگى ئۇلارغا ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە كۆيۈنۈپتۇ. ئۇلارغا راۋە ۋە كۇشە دەپ ئىسىم قويۇپتۇ. ئۇلارغا ئەڭ ياخشى ئۇستاز بولۇپ، ھەر خىل قوراللارنى ئىشلىتىشنى، ئۇرۇش قىلىشقا دائىر تېخنىكىنى ئۆگىتىپتۇ. ئۇلار مۇقەددەس كىتابنى چوڭقۇر چۈشىنىپ، باشقا مەزھەپلەرنىڭ بىلىملىرىنىمۇ ياخشى ئىگىلەپتۇ. فارمىگى يەنە ئۆزى يېزىپ چىققان «رامەيانا» دېگەن كىتابتىكى تەسىرلىك مىسرالارنى قانداق دېكلاماتسىيە قىلىشنى ئۆگىتىپتۇ. فارمىگى ئۆتمۈش ۋە كەلگۈسىدىكى بارلىق ئىشلارنى ئالدىن بىلىدىكەن. ھېلىقى ئارغىماق ئۆزىنىڭ ئىبادەتخانىسىغا كەلمەكچى بولغان كۈنىنىڭ ئۆزىدە، قوشكېزەك بالىلارنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇلارغا:
— راۋە، كۇشە، مەن گىدرەكۇدەگە دۇئا تىلاۋەت قىلغىلى بارماقچىمەن. ئۇ يەردە بىر مەزگىل تۇرۇپ قالىمەن. مەن قايتىپ كەلگۈچە، سىلەر ئىبادەتخانىمىزنى كۆڭۈل قويۇپ قوغداڭلار. ھېچقانداق ئادەم بىلەن تالاش - تارتىش ياكى ئۇرۇش - جېدەل قىلماڭلار، — دەپتۇ.
ئاكا - ئۇكا ئىككىيلەن ئىلاھقا تەزىم قىلىپ، ئۇنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە ئىش قىلىشقا ماقۇل بولۇپتۇ. فارمىگى بىر مىڭ ئىككى يۈز مۇرتىنى ئېلىپ ئىبادەتخانىدىن كېتىپتۇ.
شۇ كۈنى ئەتىگەندە راۋە بىلەن كۇشە بىر توپ باراقسان دەرەخنىڭ سايىسىدا ئويناۋېتىپ، ھېلىقى نەزىرىگە ئاتالغان ئارغىماقنىڭ ئىبادەتخانا ئالدىغا كەلگەنلىكىنى كۆرۈپتۇ. ئارغىماق-

ىنىڭ پېشانىسىگە غەلىبە ئېلانى ئېسىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستى-
گە: «قۇياش مىللىتىدىن بولغان ئون هارۋىلىق پادىشاھ ئۆمۈر
بويى ھەقىقەتكە سادىق ئۆتۈپ، ھازىر ئەرشكە چىقىپ كەتتى.
ئايوتونى رامە، لەكشىمەنە، ۋاراده، شادورەنەدىن ئىبارەت تۆت
ئوغلىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. رامە ھازىر ئات نەزد-
ىرى ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ. نەزىرگە ئاتالغان بۇ ئارغىماقنى شادرونە ۋە
ئۇنىڭ قوماندانلىقىدىكى تەڭداشسىز قوشۇن قوغدايدۇ» دېگەن
خەت يېزىلغانىكەن.

قوشكېزەك ئاكا ـ ئۇكىلار جەڭ ئېلان قىلغان ئېلاننى
كۆرۈپ، قاتتىق غەزەپلىنىپتۇ ھەمدە ھېلىقى ئارغىماقنى تۇتۇۋې-
لىپ، دەرەخكە باغلاپ قويۇپتۇ. ئاندىن كېيىن ئانىسى سىدونىڭ
يېنىغا قايتىپ كەپتۇ. ئانا بالىلىرىدىن سەممىي ھال سوراپ،
ئۇلارغا ئاددىي تاماق ۋە مېۋىلەرنى ئەكېلىپ بېرىپتۇ.

بۇ شۇم خەۋەر شادرونەنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ. بىر
خەۋەرچى:

— ئالىيلىرى، ئارغىماق ئەسىرگە چۈشۈپ قالدى، — دەپ
خەۋەر قىپتۇ.

شادرونە ئاچچىقى كېلىپ، دەرھال ئىبادەتخانا تەرەپكە قاراپ
يولغا چىقىپتۇ. ئۇ ئۇيەردە ئويۇنغا بېرىلىپ كەتكەن راۋە ۋە
كۇشەلەرنى كۆرۈپتۇ. شادرونە:

— بۇ ئارغىماقنى قايسىڭلار تۇتۇۋالدىڭلار، ياشغۇڭلار يوق-
مۇ نېمە؟ كىمكى رامە بىلەن توقۇنۇشسا، شۇ ئۆلىدۇ، — دەپتۇ.

شادرونە گېپىنى قوپاللىراق قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بىر
ئىشقا ھەيران قاپتۇ. چۈنكى ئۇ بۇ ئىككى ئۆسمۈرنىڭ چىراي
تۇرقىنىڭ رامە بىلەن ئوپمۇ ئوخشاش ئىكەنلىكىگە دىققەت قىپتۇ.
بۇ قوشكېزەك ئاكا ـ ئۇكىلار چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا
تىكىپ:

— ئىسمىڭىز نېمە؟ قەيەردىن كەلدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



شادرونە جاۋاب بېرىپ:

— مەن قۇياش مىللىتىنىڭ ئەۋلادى، مېنىڭ دادام تەشەرا-دە، ئۈچ ئاكام بار. ئۇلار ھازىر ئايوتودا تۇرىدۇ. ئۇلار شارى رامە، لەكشمەنە، ۋارەدە. مېنىڭ ئىسمىم شادرونە، باتۇرلۇق ۋە ئەخلاقىي ـ پەزىلەت جەھەتتە ھېچكىم شارى بىلەن رامەگە تەڭ كېلەلمەيدۇ. دۇنيادا بىز بىلەن ئۇرۇش قىلالايدىغان ئەزىمەت تېخى تۇغۇلمىدى! — دەپتۇ.

شادرونەنىڭ مۇشۇنداق ماختىنىۋېرىشى راۋە، كوشەلەرنىڭ جېنىغا تېگىپتۇ. ئۇلار ۋارقىراپ تۇرۇپ:

— سىلەر تۆت ئاكا ـ ئۇكا ئىكەنسىلەر، بىز ئىككىلا ئاكا ـ ئۇكا. سەن بۇ ئارغىماقنى تارتىپ ئەكەتمەكچى بولۇۋاتىسەن. قېنى سىناپ باق! سەن نېمىدەپ بۇ يەرگە كېلىپ جېنىڭنى سېلىپ بەرمەكچى بولىسەن؟ — دەپتۇ. تاغا بىلەن جيەن بالىلار ئۆزئارا بىر مەھەل تىللىشىپتۇ. ئاخىر بېرىپ كەسكىن ئېلىشىپتۇ.

ئىككى ئاكا ـ ئۇكا ئۇزۇن ئۆتمەي شادرونە ۋە ئۇنىڭ لەش-كەرلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ خۇشال ـ خۇرام ھالدا سىدونىڭ يېنىغا قايتىپ كەپتۇ. ئۇلار ئاپىسىغا:

— بۈگۈن چۈشتىن كېيىن، بىز ئىبادەتخانىمىزنىڭ ئالدى-دىن ئۆتكەن بىر پادشاھ ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى بىلەن ئويىندۇق، — دەپتۇ.

سىدو كۈلۈپ قويۇپ، ئۇلارنىڭ بېشىنى سىلاپتۇ. ئۇلارنى يۇيۇنغىلى ئېلىپ مېڭىپتۇ.

ئۇلار يۇيۇنۇپ بولغاندىن كېيىن، روھى خېلى كۆتۈرۈلۈپ قاپتۇ. خۇش پۇراق كۆك ئەمەن مېيىنى بەدەنلىرىگە سۈركەپتۇ، ئاندىن ئانىسى ئېتىپ بەرگەن ئاددىي تاماقلارنى ھۇزۇرلىنىپ يېيىشىپتۇ.

رامە ئۆزىنىڭ ۋەزىر ـ ۋۇزرالىرى ۋە دوستلىرى بىلەن

بىللە نەزىرگاھ ئالدىدا ئولتۇرغاندا، بەختكە يارىشا ھايات قېلىپ قېچىپ كەلگەن بىرنەچچە لەشكەر يېتىپ كەپتۇ. ئۇلار:

— فارمىگمونىنىڭ ئىبادەتخانىسىدا راۋە ھەم كۇشە دەپ ئاتىلىدىغان ئىككى باتۇر بالا بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئۈچ ئالەمنى بويسۇندۇرغىدەك كۈچى بار ئىكەن... بىز سىلىگە بۇ خەۋەرنى دوكلات قىلىشقا پېتىنالمايۋاتىمىز... شادرونە ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى تۈگەشتى، — دەپتۇ.

رامە بۇ ئىشتىن تولىمۇ ئەنسىرەپتۇ. ئۇلاردىن تەپسىلىي سۈرۈشتۈرگەندىن كېيىن بارلىق ئەھۋاللاردىن خەۋەردار بوپتۇ. ئارغىماقنىڭ تارتىۋېلىنغانلىقىنى ئاڭلاپ، بۇ يەردە بىر خەتەرنىڭ بارلىقىنى ھېس قىپتۇ.

ۋارەدە ۋە لەكشىمەنە ئۇنىڭغا تەسەللىي بېرىپ:

— كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما، جەڭ مەيدانىدا ئۆلۈش سەردارلەرنىڭ مەجبۇرىيىتى . بۇ ئىشنىڭ يۈز بېرىشى ھېچكىمنىڭ سەۋەنلىكى ئەمەس. بۇ بىر پېشانىگە پۈتۈلگەن ئىش. ئەگەر سەن رۇخسەت قىلساڭ، ھازىر بېرىپ بۇ ئىككى بالىنى تۇتۇپ كېلىمىز، — دەپتۇ. رامە:

— بېرىڭلار، ئىنىلىرىم، ئىلاھىم شىۋە سىلەرنى ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي. ئېھتىيات قىلىڭلار، شادرونە قازا تېپىپ، يۈرەكىم پارە - پارە بولۇپ كەتتى. مېنى ئۇنىڭدىنمۇ چوڭراق بەختسىزلىك كۈتۈپ تۇرۇشىدىن قورقۇۋاتىمەن،— دەپتۇ.

ۋارەدە ۋە لەكشىمەنە ئۆزلىرىنىڭ قوشۇنىنى توپلاپ، ئۇلارغا ساۋۇت، دۇبۇلغىلارنى كىيدۈرۈپتۇ. بۇ ئىككى شاھزادە ئاكا - ئۇكىلار جەڭ ھارۋىسىنى ھەيدەپ پىل ۋە ئاتلارغا مىنگەن لەشكەرلەرنى باشلاپ، فارمىگنىڭ ئىبادەتخانىسىغا قاراپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار ئۇ يەردە قارچىغا - قۇرغۇيلار ۋە بەزى چىرىندىخور قۇشلارنىڭ، چىلبۆرە ھەم ئىتلارنىڭ ھەممە يەرگە يېيىلىپ كەتكەن جەسەتلەرنى يەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ... ئۇلار يەنە ئوقيانى

چىڭ تۇتقان پىتىچە، پۇتكۇل سىزىمنى يوقىتىپ جەڭ مەيدانىدا ياتقان شادرونەنى كۆرۈپتۇ. ئۇلار قاتتىق ھەسرەتلىنىپتۇ ۋە غەزەپى تاشقان ھالدا قىساس ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ.

سىدو بۇ ۋاڭ - چۇڭ ئاۋازنى ئاڭلاپ، ئىنتايىن قورقۇپ كېتىپتۇ. ئۇ:

— راۋە، كۇشە، سىلەر چوڭ چاتاق تېرىپ قويىمىغانسىلەر. ھە؟ كىملەر بىلەن گەپ تالىشىۋاتىسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئاكا - ئۇكىلار كۈلۈپ قويۇپ:

— ئانا، گېپىمىزنى ئاڭلاڭ، قۇياش مىللىتى بىلەن ئاي مىللىتىنىڭ نۇرغۇن پادىشاھلىرى بۇ يەردىكى ئورمانلىقتا قوشۇن باشلاپ كېلىپ ئۇۋچىلىق قىلىشىۋاتىدۇ. سىز نېمىدەپ ئۇلارنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىشىدىن قورقىسىز؟ فارمىگى مونى بىزگە بۇ ئىبادەتخانىنى قوغداشنى بۇيرىغان. بىز ھازىر ئۇلارنىڭ بۇ مۇقەددەس جاينى بۇزغان - بۇزمىغانلىقىغا قاراپ بېقىشىمىز كېرەك. ئەگەر بىرەر نەرسە بۇزۇلۇپ كەتسە، فارمىگى مونى خاپا بولىدۇ، — دەپ چۈشەندۈرۈپتۇ. ئۇلار مۇشۇ گەپلەر بىلەن ئانىسىغا تەسەللى بېرىپتۇ. ئۆزلىرىنىڭ ئوقيا ۋە باشقا قوراللىرىنى ئېلىپ، ئانىسىغا تەزىم قىلىپ بولۇپ، ئۆيدىن چىقىپ كېتىپتۇ.

ئۇلار تېزلىكتە ئۆزلىرىگە يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقان قوشۇننىڭ ئالدىغا كەپتۇ. ئايوتونىڭ لەشكەرلىرى بۇ ئىككى ئۆسمۈرنى كۆرۈپ ھەيران قېلىشىپ، ئىختىيارسىز تىترەپ كېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ تەقى - تۇرقى، رەڭگىرويى رامە بىلەن ئوپمۇئوخشاش ئىكەن. ۋارەدە ۋە لەكشمەنە ھەيران قالغان ھالدا ئۇلاردىن:

ئاكا - ئۇكىلار، ئېيتىڭلارچۇ، سىلەر زادى كىم بولىسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ.

بۇ قوشكېزەك ئاكا - ئۇكىلار قاقاقلاپ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ئۆزۈڭلار كىم؟ بىزنىڭ جەمەتىمىز ۋە ئائىلىمىزنى سۈرۈشتۈرىدىغانغا نېمە ھەددىڭلار؟ فارمىگىنىڭ مىڭ ئىككى يۈز

مورىتى بار. بىزمۇ ئۇنىڭ مۇرىتى، فارمىگى مونى مۇرىتلىرىنى ئېلىپ يىراققا كەتتى. بىزنى بۇ يەرنى قوغدايدىغانغا قالدۇردى. قاراڭلار، ئاۋۇ يەردە ياتقانلار شادرونە ۋە ئۇنىڭ پۇتكۇل قوشۇنى، پۇتۇن دۇنيادا بىزگە تەڭ كېلەلىگۇدەك ئادەم يوق، سىلەر نېمىدەپ بۇ ئىبادەتخانىغا قوشۇن باشلاپ كېلىسىلەر؟ ئېيتىڭلارچۇ، سىلەر كىم بولىسىلەر؟ بۇ يەرگە نېمىدەپ كەلدىڭلار؟ ـ دەپ قايتۇرۇپ سوراپتۇ.

ۋارەدە بىلەن لەكشمەنە بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ كۇلۇپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن كۆڭلىدە گۇمان پەيدا بوپتۇ. ئۇلار رامەگە پۇتۇنلەي ئوخشىشىپ كېتىدىغان بۇ باللارغا سىنچىلاپ قاراۋېتىپ، كۆڭلىدە بىر خىل قورقۇنچ پەيدا بوپتۇ.

ئىككى تەرەپ كەسكىن جەڭ قىپتۇ. ۋارەدە بىلەن لەكشمەنە جەڭدە ئۆلۇپتۇ. بەختكە يارىشا هايات قالغان لەشكەرلەر ئالدىراپ ـ سالدىراپ رامەنىڭ يېنىغا قايتىپ كەپتۇ.

قېچىپ كەلگەن لەشكەرلەر نەزىر ـ چىراغ ئوتى ئالدىدا ئولتۇرغان رامەنىڭ ئالدىدا پەيدا بوپتۇ.

— ئى، لوهور مىللىتىنىڭ هۆكۇمرانى. بىز نېمە دېسەك بولار؟ بۇ پۇتۇنلەي پېشانىمىزگە پۇتۇلگەن ئىش. لەكشمەنە ۋە ۋارەدە هەم ئۇلارنىڭ پۇتكۇل قوشۇنى قۇربان بولدى. بىرنەچچىمىزلا ئامان قېلىپ قېچىپ كەلدۇق. بۇ ئىككى بالىنى بويسۇندۇرۇش مۇمكىن ئەمەس ئىكەن. ئۇلار جەزمەن ساماۋىي ئىلاهتىن ئۆزگەرگەن ئاددىي ئادەملەر بولسا كېرەك. پادىشاهىم، بىز قورقىمىز، هەتتا سىلىمۇ ئۇلارنى مەغلۇپ قىلالمايلا.

رامە بۇ قورقۇنچلۇق خەۋەرنى ئاڭلاپ، هوشىدىن كېتىپتۇ. ئۇ هوشىغا كەلگەندىن كېيىن، ئىنتايىن قايغۇرۇپتۇ. ئۇ قەدىردان ئىنىلىرىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئويلىغاندا، كۆزىدىكى ياشنى توختىتالماپتۇ. ئېغىزىدا توختىماي بىر نەرسىلەرنى دەپتۇ.

«مەن جەزمەن ئۆلۈپ كەتكەن ئىنىلىرىمنىڭ قىساسىنى ئالىمەن» . ئۇ شۇ گەپنى دەپ بولۇپ سۇمەندىرەنى چاقىرتىپتۇ ھەمدە سەرخىل لەشكەر - سانغۇنلارنى تاللاپ جەڭ تەييارلىقىنى قىلىشقا بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ...

ئۇ بوشبەگە ناملىق ئۇچار ھارۋىغا چىقىپ، مىڭلىغان، تۈمەنلىگەن قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ مېڭىپتۇ يەنە سۇچىرىپە ۋە ئۇنىڭ مايمۇنلار قوشۇنى، ۋىبسەنە ۋە ئۇنىڭ راكشەسەلەر قوشۇنى ئورمان ئىچىدىكى جەڭ مەيدانىغا بىردەك ئاتلىنىپتۇ. ئۇلار ماڭغاندا ئايىغىدىن چىققان توپا - توزان ئالەمنى قاپلاپ قاراڭغۇلاشتۇرۇۋېتىپتۇ.

ئۇلار كۆزلىگەن يەرگە بارغاندىن كېيىن، جەڭ مەيدانىدا ئۆلگەن، يارىدار بولغان جەڭچىلەرنى كۆرۈپ چۆچۈپ كېتىپتۇ. رامە ئىنتايىن ئازابلانغان ھالدا ئۇچ قەدىردان ئىنىسىنىڭ جەسەتىنى تونۇۋاپتۇ.

قوشۇن ماڭغاندىكى گۈلدۈرلىگەن ئاۋازلار سىدو ۋە ئۇنىڭ باللىرىنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ.

ئاكا - ئۇكىلار پەس ئاۋاز بىلەن:

— جەزمەن رامە ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى كەلدى، — دېيىشۋاتقاندا، سىدو ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— كۆڭلۈم بەك پاراكەندە تۇرىدۇ، ئىككىڭلار بىرەر چاتاق تېرىپ قويمىغانسىلەر؟ خۇددى چوڭ بىر قوشۇن ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقانغا ئوخشاش بىر ئاۋاز كېلىۋاتىدىغۇ؟ سىلەر كىم بىلەن ماجىرالىشىپ قالغانتىڭلار؟ ئېھتىيات قىلىڭلار، ئوغۇللىرىم. سىلەر مېنىڭ بىردىنبىر يۆرەك باغرىم. ناۋادا بېشىڭلارغا بىرەر ئىش كېلىپ قالسا، ماڭمۇ بۇ ھاياتنىڭ كېرىكى يوق، — دەپتۇ.

ئۇ باللىرىغا بەخت تىلەپ:

— ئەگەر مېنىڭ نىيىتىم خالىس، گەپ - سۆزۈم ۋە

www.uyghurkitap.com

ھەرىكىتىم پاك بولىدىغان بولسا، غەلىبە مەڭگۇ سىلەرگە تەئەل-لۇق بولىدۇ. سىلەر بىلەن توقۇنۇشقا كەلگەن ئادەملەر چەزمەن مەغلۇپ بولىدۇ. بىرىمۇ تىرىك قالمايدۇ، — دەپتۇ.

ئاكا - ئۇكىلار ئانىسىغا بېشىنى ئېگىپ تەزىم قىپتۇ. روھى كۆتۈرەڭگۈ ھالدا ساۋۇت - دۇبۇلغىلىرىنى كىيىپتۇ. ئۇلار تولۇق قوراللىنىپ، تولۇپ - تاشقان كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن رامە تۇرغان جايغا ئاتلىنىپتۇ... ھەممە ئادەم بۇ ئۈچ رامەگە ھەيران بولغان ھالدا دىققەت قىلىپ قاراپتۇ. قاراڭلار! بىر - بىرىگە قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغان چىرايلارغا! ئۇلارنىڭ ساغ-لام بەدىنى، كەڭ گەۋدىسى ۋە ئۇچۇق پېشانىسىنى بىر - بىرىدىن ئايرىۋالماق قىيىن ئىكەن. ئۇچەيلەن قولىغا ئوقيا ئاپتۇ. ئۇلار-نىڭ ئوقيا تۇتقاندىكى قىياپەتلىرىمۇ پۇتۇنلەي ئوخشاش ئىكەن.

بۇ چاغدا سۇمەندىرە رامەنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— لوھور مىللىتىنىڭ ھۆكۈمرانى، سىلى خانىش سىدونى سۈرگۈن قىلغاندا، بىز ئۇنى دەل مۇشۇ جايدا تاشلاپ ماڭغانتۇق. شۇ چاغدا بىز ئۇنىڭ بالىلىرىنىڭ ئۆزۈنغا قالماي تۇغۇلغانلىقىنى بىلدۇق. مېنىڭچە بۇ ئىككى بالا چەزمەن سىدونىڭ قوشكېزەك بالىلىرى بولسا كېرەك، — دەپتۇ.

رامە بۇ گەپنى ئاڭلاپ ناھايىتى ھەيران قاپتۇ ھەمدە ئىككى بالىنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئۆزۈڭلارنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ماڭا ئېيتىپ بېرىڭلار. سىلەر ماڭا بەك ئوخشايدىكەنسىلەر. سىلەر مېنىڭ ئوغلۇممۇ نېمە؟ مەن ئۆز بالىلىرىمغا زىيان - زەخمەت يەتكۈزۈشنى خالى-مايمەن، — دەپتۇ.

بۇ ئاكا - ئۇكىلار بىر - بىرىگە:

— بىز نېمىدەپ ئۇنىڭغا ئۆز ئەھۋالىمىزنى دېگۈدەكمىز؟ دادىمىزنىڭ كىملىكىنى تېخى بىلمەيمىز. بىزنىڭ كىمنىڭ بالى-سى ئىكەنلىكىمىزنى ئانىمىزدىن سوراپ باقايلى — ... دەپ پى-

چىرلاپتۇ. ئۇلار مەردانە قەدەملەر بىلەن رامەنىڭ ئالدىغا كېلىپ ۋارقىراپتۇ:
— ئاخىر سېنى كۆردۇق. سېنىڭ بىزنى بىلىشىڭنىڭ نېمە ھاجىتى؟ بالىلىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ دادىلىرى بىلەن ئۇرۇشقىنىنى كىم كۆرۈپتۇ؟ ئۇلار يەنە مەسخىرە قىلغان تەلەپپۇزدا:
— بىزنى ئۆزۈڭنىڭ ئوغۇللىرى دەپ قارىشىڭدىكى سەۋەب، بىز سېنى بەك قورقىتىۋەتتۇق. گېپىمىزگە قۇلاق سال، رامە، سەن جەڭ قىلىشتىن قورقىسەن. شۇڭا سەن بىزنىڭ تېگى - تەكتىمىزنى سۈرۈشتۈرىسەن! — دەپتۇ.
قوشكېزەك ئاكا - ئۇكىلار رامەنىڭ سورىغان سوئاللىرىدىن ئۈستىلىق بىلەن ئۆزىنى قاچۇرۇپتۇ، ھەتتا ئاخىرى ئۇنىڭ بىلەن تىللىشىپتۇ. رامەنىڭ قوشۇنى ئۇلارنى قاتمۇقات قورشىۋاپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئاتا - بالىلار ئوتتۇرىسىدا ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان كەسكىن جەڭ ئېلىپ بېرىلىپتۇ...
رامە ئوقياسىدىن ئارقىمۇئارقا ئوق ئېتىپتۇ. ئۇنىڭ ئاتقان ئوقلىرى ئاسماننىڭ ھەممىلا يېرىنى قاپلاپتۇ. ئىككى بالا بۇنداق زەربىگە تاقابىل تۇرالماي قېچىپ كېتىپتۇ، رامە ئۆزى يالغۇز قاپتۇ. ئۇ جەڭ ھارۋىسىدا ئولتۇرۇپ، بېشىنى ھېلىپ بۇرۇنقى ئىشلار ئۈستىدە ئويلىنىشقا باشلاپتۇ. دالا ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى سادىق ئادەملىرىنىڭ جەستى بىلەن تۇشۇپتۇ. ئۇنىڭ ئەڭ كۆيۈمچان ئىنىلىرى بۇ دۇنيادىن كەتكەچكە، ئۇ بۇ ئۇرۇشتا غەلىبە قازانغان تەقدىردىمۇ، قىلچە خۇشاللىق ھېس قىلمايدىكەن.
كۇشە:
— ۋاۋە، بىز رامە بىلەن يەنە بىر قېتىم ئېلىشايلى، ئۇنىڭ بىزنىڭ ئۈستىدىمىزدىن غەلىبە قىلىشىغا ھەرگىز يول قويماي-لى، — دەپتۇ.
قوشكېزەك ئاكا - ئۇكىلار ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىپ، قايسى خىل قورالنى ئىشلىتىشتە بىر پىكىرگە كېلىپ، رامەگە يېقىنلىد-

شىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئوت ئوقياسى بىلەن گۇلدۇرلىمىدەك ئاۋاز چىقىرىدىغان قورالى رامەگە تىنىۋېلىش پۇرسىتىمۇ بەرمەپتۇ. ئۇلار ئۇنىڭغا ئىككى ياقتىن ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بوپتۇ.

رامە ئۆزىنىڭ قورقۇنچلۇق نەيزىسىنى گاھ ئوڭغا، گاھ سولغا ئېتىپ، قوشكېزەك ئاكا ـ ئۇكىلارغا زادىلا ئارام بەرمەي، ئۇلارنى قاتتىق چارچىتىۋېتىپتۇ. بىراق، ئۇ ئۆزىگىمۇ يامغۇر-دەك كېلىۋاتقان ئوقيا تېگىپ يارىلىنىپتۇ. ئاكا ـ ئۇكىلار بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ تولىمۇ خۇش بولۇپ كېتىپتۇ. باشقىدىن غەي-رەتكە كېلىپ، ئۇنىڭغا قەدەممۇقەدەم يېقىنلىشىپتۇ. قوراللار-نىڭ ئۆزئارا سوقۇلىشىدىن پەيدا بولغان ئاۋاز ئىنتايىن قورقۇنچ-لۇق بولۇپ، لاۋۇلداپ ئوت يېنىپ تۇرغان نەيزە پۈتكۈل ئورمان-نى يورۇتىۋېتىپتۇ. رامەنى ھەيران قالدۇرغىنى شۇكى، ئۇ ئۆز كۈچىنىڭ بارغانسېرى ئاجىزلاۋاتقانلىقىنى ھېس قىپتۇ. ھەيران قالارلىق، ھەقىقەتەن ھەيران قالارلىق ئىش. ئۇ ئۆزى بىلەن ئوپمۇئوخشاش ئىككى ئادەم بىلەن جەڭ قىپتۇ. ئۇ ھەم ئازابلان-غان، ھەم خۇشاللانغان ھالدا ئۇلاردىن ئۆزىنىڭ سىماسىنى كۆ-رۈپتۇ. ئۇنىڭ دىققىتى سەل چېچىلىپ تۇرغاندا، بىر ئەجەللىك نەيزە تۇيۇقسىز ئۇنىڭ كۆكرىكىگە سانجىلىپتۇ. ئۇ ھوشىنى يوقىتىپ يەرگە يىقىلىپتۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى تەقدىر.

بۇرۇنقى ئىشلار ئالدىن ئېيتىلغاندەك بولۇپ چىقىپتۇ.

بۇرۇنقى زامانلاردىكى بىر قارغاش تۈپەيلى، رامە ئاخىر ئۆز ئوغۇللىرىنىڭ قولىدا مەغلۇپ بوپتۇ.

راۋە بىلەن كۇشەنىڭ ئۆيىدىن ئايرىلغىنىغا ئون يەتتە كۈن بوپتۇ... سىدو بالىلىرىدىن تولىمۇ ئەندىشە قىپتۇ. زادى نېمە ئىش بولغاندۇ؟ ئۇ كۈنلەرنى دۇئا ـ تىلاۋەت ئىچىدە ئۆتكۈزۈپ، كۆيۈمچان بالىلىرىنىڭ تىنچ ـ ئامانلىقىنى تىلەپتۇ... ئۇلار ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە، ئۇ ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز خۇشاللىققا چۆمۈپتۇ.

ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەن ئانىسىنىڭ پۇتىغا باش قويۇپ خۇشاللىقى ئىچىگە پاتمىغان ھالدا:

— گېپىمىزگە قۇلاق سېلىڭ، ئانا ، بىز رامە، لەكشمە-نە، ۋارەدە ۋە شادرونالار بىلەن ئېلىشقانىدۇق. ئۇلار ۋە ئۇلارنىڭ قوشۇنىنى پۈتۈنلەي مەغلۇپ قىلدۇق، — دەپتۇ. سىدو يىغلاپ تۇرۇپ:

— ئاھ، پەرۋەردىگاھ! پەرۋەردىگاھ! راۋە، كۇشە، سىلەر نېمە ئىشلارنى قىلدىڭلار؟ ئۆزلىرىنىڭ دادىسىنى ئۆلتۇرگەن ئا-دەمنى باتۇر دېگىلى بولامدۇ؟ سىلەر مېنىڭ ئېرىمنى قەيەردە ئۆلتۇردۇڭلار؟ بىز دەرھال بېرىپ ئۇنىڭ پۇتىغا باش قويايلى! — دەپتۇ ۋە چىلبۆرە ۋەئىتلارنىڭ تۇغقانلارنىڭ جەسىد-تىگە چېقىلىپ قويۇش ئېھتىمالى بارلىقىدىن قاتتىق ئەنسىرەپ، تەلۋىلەرچە سىرتقا قاراپ يۈگۈرۈپتۇ. چەكسىز قايغۇ ـ ھەسرەتتە قالغان قوشكېزەك ئاكا ـ ئۇكىلار ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ-تۇ.

ئۇلار جەڭ بولغان جايغا تېزلا يېتىپ بېرىپتۇ. ئۆلگەنلەر، ياردار بولغانلار ئوڭتەي ـ توڭتەي يېتىپ كېتىپتۇ. كەڭ كەت-كەن مەيدان پىل، ئات، ئادەم، مايمۇنلارنىڭ جەستى بىلەن تولغانىكەن...

سىدۇ رامەنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ ھۆركىرەپ يىغلاپ كېتىپتۇ. ئۇ ئۆكسۈپ يىغلاپ تۇرۇپ:

— مۇرەببىم، سىلىنى ئوغۇللىرى ئۆلتۇرۇپتۇ. پەرۋەردى-گاھ! بۇ پۈتۈنلەي ئۆزۈمنىڭ شور پېشانىلىقى! مېنىڭ تەگداش-سىز ئېرىم ئىككى بالامنىڭ قولىدا ئۆلۈپتۇ. خەقلەر ماڭا: «سىز مەڭگۈ تۇل ئايال بولۇپ ئۆتمەيسىز» دەپ بېشارەت بەرگە-نىدى ... ئۇنداقتا، تەقدىر ئىلاھى نېمە ئۈچۈن ماڭا مۇشۇنداق زەربە بېرىدۇ؟ مەن ئوتقا سەكرەپ كۆيۈپ ئۆلىمەن ... پەرۋەردىگاھ سىلىنى مەڭگۈ مېنىڭ ئېرىم بولۇشقا نېسىپ قىل-

غاي، ئىلاھىم، — دەپتۇ.

راۋە بىلەن كۇشە قايغۇ - ھەسرەت ۋە پۇشايمان ئىچىدە قېلىپ قاتتىق قىينىلىپ سىدونىڭ پۇتىغا باش قويۇپتۇ. ئۇلار:

— ئانا، بىزنى كەچۈرۈڭ، يىغلىماڭ، بىز ئۇچىمىزلا سىزنىڭ زىيانكەشلىكىڭىزگە ئۇچرىدۇق... سىز بىزگە شارى رامە توغرىسىدىكى پۇتكۇل ئىشلارنى ئېيتىپ بەرمىدىڭىز... بىز ئۆزىمىزنىڭ دادىسىنى ئۆلتۈرگىنىمىزدىن قاتتىق خىجىل بولدۇق. بۇنىڭدەك چوڭ گۇناھنى ھەرگىز كەچۈرگىلى بولمايدۇ. بىزنىڭ ئەمدى ياشىغۇمىز يوق. بىز بۇگۇن ئوتقا سەكرەپ، ئۆزىمىزنى كۆيدۈرۈپ كۇل قىلىمىز، — دەپتۇ.

سىدو ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى يېمونا دەرياسى بويىغا كېلىپ، ئۇچ ئورەك كولاپتۇ. ئورەك ئىچىگە ئوتۇن ۋە شاخ - شۇمبىلارنى دۆۋىلەپتۇ. ئۇلار يۇيۇنۇپ بولۇپ، پاكىز، چىرايلىق كىيىملەرنى كىيىپتۇ... لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوت يالقۇنى بولۇتقا تاقاشقۇدەك بولۇپ ئۆرلەپتۇ. ئۇلار ئوتقا تەزىم قىلىپ بولۇپ، ھەممە تەرەپكە نۇر چېچىپ تۇرغان ئوت ئەتراپىنى ئۇچ قېتىم ئايلىنىپ چىقىپتۇ...

فارمىگى مونى گىدراكودو تېغى ئۇستىدە تۇرۇپ، يىراقتىن ئوتنى كۆرۈپ، ئىنتايىن قورقۇپ كېتىپتۇ. ئۇ نېمە بولغىيدى؟ ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بىر قىزىل تۇمان پەيدا بولۇپتۇ... ئۇ: «راۋە بىلەن كۇشە جەزمەن بىر پالاكەتكە ئۇچراپتۇ» دەپ ئويلاپتۇ - دە، ئۆيگە قايتماقچى بوپتۇ. يول تولىمۇ يىراق ئىكەن، بىراق ئۇ بىر دەمدىلا ئۆيىگە كېلىپ بوپتۇ. سىدو ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى يالقۇنجاپ كۆيۈۋاتقان ئوت ئىچىگە سەكرەشكە تەمشىلىۋاتقاندا، فارمىگىمونى ئۇلارنىڭ ئالدىدا پەيدا بوپتۇ. ئەۋلىيا:

— سىدو، ئېيتىڭا، نېمە پالاكەتكە يولۇقتۇڭلار؟ — دەپ سوراپتۇ. سىدو جاۋاب بېرىپ:

— ھەزرىتىم، سىلىنىڭ خەۋەرلىرى يوقمۇ؟ راۋە بىلەن

كۇشە بىر چوڭ جەڭگە قاتنىشىپتۇ. لوھور مىللىتىدىن بولغان تۆت قەھرىمانىنىڭ ھەممىسى ئۆلۈپتۇ. مەن سىلىگە نېمىدەپ چۈشەندۈرسەم بولىدىكىن؟ ... مەن بۇنى ئېغىزىمدىن چىقىرالماي-مەن... راۋە بىلەن كۇشە ئۆز دادىسىنى ئۆلتۈرۈپتۇ. لوھۇر مىللىتىنىڭ پادىشاھى ئۆلسە، مېنىڭ ياشىشىمنىڭمۇ ھېچقانداق ئەھمىيىتى قالمايدۇ. ھازىر بىز ئۈچىمىز مۇشۇ ئوت ئىچىدە ئۆلۈپ تۈگىمەكچىمىز، — دەپتۇ. فارمىگى مونى:

— سىدو، سىز ئۆلۈپ كەتسىڭىز بولمايدۇ. لوھۇر مىللى-تىنىڭ تۆت چوڭ قەھرىمانى قايتا تىرىلىدۇ. مېنى كەچۈرۈڭ، كىناگانىڭ قىزى، گېپىمنى ئاڭلاڭ... بالىلىرىڭىزنى ئېلىپ ئىبا-دەتخانىغا قايتىپ كېتىڭ، — دەپتۇ.

— مەن چوقۇم ئاۋۋال ئېرىمنىڭ ھوشىغا كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ئاندىن قايتىمەن، — دەپتۇ سىدو.

فارمىگى مونى ئىستىقامەتكە ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ جىنمىتە ئول-تۇرۇپ دۇئا تىلاۋەت قىلغاندا، ئۈچ ئالەمدىكى ھەممە ئىشلارنى بىلەلەيدىكەن... ئۇنىڭ ئىبادەتخانىسى ئەتراپىدىكى بىر ئورمانلىقتا بىر كۆلچەك بار ئىكەن، كۆلچەكنىڭ سۈيى ئۆلگەن ئادەمنى تىرىلدۈرۈش خاسىيىتىگە ئىگە ئىكەن... ئۇ مۇرىتلىرىنى چاقى-رىپ، ئۇلارنى ھېلىقى كۆلچەكنىڭ سۈيىنى ئەكىلىشكە بۇيرۇپتۇ.

سۇ ئەكېلىنىپتۇ. فارمىگى مونى بارمىقىنى سۇغا تىقىپ، ئېغىزىدا دۇرۇت ئېيتىپ، ئۇنى چاچقىلى باشلاپتۇ... سۇنى ھەممە يەرگە چېچىپتۇ. سۇ تەگكەنلا يەردە ئۆلگەن ئادەملەر ئورنىدىن تۇرۇپ، روھىي ھالىتى ئەسلىگە كەپتۇ... رامە، لەكشىمەنە، ۋارەدە، شادرونە ۋە ئۇلارنىڭ پۇتكۇل قوشۇنى تىرىلىپتۇ. سۇچە-رىپە، ئەمگەتو ۋە ئۇلارنىڭ مايمۇنلار قوشۇنى، شۇنداقلا سان-ساناقسىز راكشەسەلەر بۇرۇنقى ئەسلىگە قايتىپتۇ.

سىدو بۇ كارامەتلەرنى يىراقتىن كۆرۈپ تۇرۇپتۇ. ئۇ راۋە

كۆشەلەرنى باشلاپ بىرىپ فارمىگىگە ھۆرمەت بىلدۈرۈپ بولۇپ، ئىبادەتخانىغا قايتىپ كېتىپتۇ.

فارمىگى بىرىپ رامەنى قارشى ئاپتۇ. خان جەمەتىدىكى تۆت ئاكا ــ ئۇكا ئۇنىڭ ئايىغىغا باش قويۇپتۇ. رامە:

— ئۇلۇغلارنىڭ ئۇلۇغى مونى، سىلىنىڭ شەپقەت ــ شاپائەتلىرى تۇپەيلى، بىز ئاپەتتىن قۇتۇلۇپ قالدۇق. بىراق، ھەزرەتىم سىلى ماڭا ھېلىقى ئىككى بالىنىڭ سالاھىيىتىنى ئېيتىپ بەرگەن بولسىلا. ئۇلار زادى كىمنىڭ بالىلىرى؟ — دەپ سوراپتۇ. مونى:

— رامە، مەن ئۇلارنى سىز بىلەن كۆرۈشتۈرىدىغانغا ئايوتوغا ئېلىپ بارىمەن، ھازىر سىز ئارغىمىقىڭىزنى ئېلىپ كېتىپ، ئات نەزىرىڭىزنى تۈگىتىڭ، — دەپتۇ.

رامە ئۇنىڭ گېپى بويىچە ئىش كۆرۈپ، ئارغىماقنى ۋە قوشۇننى باشلاپ ئايوتوغا قايتىپ كېتىپتۇ.

رامە كەتكەندىن كېيىن فارمىگى راۋە ۋە كۆشەلەرنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇلارغا مۇنداق دەپتۇ:

— گېپىمنى قۇلاق سېلىپ ئاڭلاڭلار، سىلەر بۇ يەردە ھەربىي ماھارەت ۋە ناخشا ئېيتىش ئىقتىدارىنى ئىگىلىدىڭلار. ئۇلۇغ شەخس رامەنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۆزۈڭلارنىڭ تەڭداشسىز باتۇرلۇقىڭلار ۋە جاسارىتىڭلارنى تولۇق نامايان قىلدىڭلار. ھازىر مەن سىلەرنىڭ مۇزىكا جەھەتتىكى قابىلىيىتىڭلارنى سىناپ باقىمەن. يىراق ــ يېقىندىن كەلگەن ھەممە بەگلەر، پادىشاھلار ئايوتوغا يىغىلىپ رامە ئۆتكۈزگەن ئات نەزىرىگە قاتنىشىۋاتىدۇ. ئىككىڭلار مەن بىلەن ئايوتوغا بارىسىلەر. رامە ۋە ئۇنىڭ ۋەزىر ــ ۋۇزرالىرى ئالدىدا «رامەيانا» نى ئەستايىدىل ئېيتىسىلەر. رامە سىلەردىن سوئال سورىغاندا، سىلەر ئۆزۈڭلارنى فارمىگىنىڭ شاگىرتلىرى دەپ تونۇشتۇرساڭلار بولىدۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندە كۈن چىقىشى بىلەنلا، راۋە بىلەن كوشە

راھىب قىياپىتىدە ياسىنىپ، چارتار كۆتۈرۈپ، فارمىگى بىلەن يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار داللار، بازارلار، چوڭ - كىچىك شەھەرلەردىن ئۆتكىچە چارتار چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ مېڭىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئېيتقان ناخشىلىرى ناھايىتى تەسىرلىك ۋە يېقىملىق بولغاچقا، ئەتراپتىكى ھەممە ئادەم كېلىپ ئۇلارنىڭ ناخشىلىرىنى ئاڭلاپتۇ ھەم غەلىتە پىكىرگە كېلىشىپتۇ...

رامە نەزىرگە ئاتىغان ھېلىقى ئارغىماقنى ئېلىپ ئۆيگە قايتىپ، ئات نەزىر پائالىيىتىنى تۈگىتىپتۇ، شۇنداقلا نامراتلارغا سەدىقە بېرىپ، چەت ئەلدىن كەلگەن مېھمانلارغا نۇرغۇن سوۋغاتلارنى تەقدىم قىپتۇ.

رامە مۇقەددەس نەزىرگاھ ئالدىدا ئولتۇرۇپتۇ. بىر ۋەزىر كېلىپ ئۇنىڭغا:

— ئالىيلىرى نەزىر مۇراسىمى ئاياغلاشقاندا، مۇزىكا بىلەن ناخشا بولغان بولسا تېخىمۇ ياخشى بولاتتى. ھازىر ئوردا دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا ئىككى سەرگەردان ناخشىچى ساقلاپ تۇرىدۇ، — دەپتۇ. رامە:

— ئۇلارنى باشلاپ كېلىڭلار، دەپ بۇيرۇق قىپتۇ، راۋە بىلەن كۇشە چارتارلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ كىرىپ كەپتۇ.

ئۇلارنى كۆرۈپ ھەيران قالغان ۋەزىر - ۋۇزرالار بىر - بىرىنىڭ قۇلىقىغا كۇسۇرلىشىپ:

— بۇ ئىككىيلەننىڭ چىرايى بىزنىڭ پادىشاھىمىزنىڭ چىرايىغا نېمىدېگەن ئوخشايدۇ - ھە! ئۇلار چوقۇم شارى رامە، لەكشىمەنە، ۋارەدە ۋە شادرونالارنى مەغلۇپ قىلغان ھېلىقى بالىلار بولسا كېرەك، — دېيىشىپتۇ.

قوشكېزەك ئاكا - ئۇكىلار چارتارغا تەڭكەش قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ يېقىملىق، جەلپكار ئاۋازى بىلەن كىشىلەر قەلبىدە ئۆلمەس ئەسەر بولغان بىر داستاننى ناخشىغا چۈشۈرۈپ ئېيتىپتۇ. ئاڭلىغۇچىلار ئۇلار ناخشىغا چۈشۈرۈپ ئېيتقان «رامەيانا»

دىگەن ھېكايىگە قاتتىق مەپتۇن بولۇپ جىم ئولتۇرۇپ ئاڭلاپتۇ...

دەل بىر ئاي ئۆتۈپتۇ. راۋە بىلەن كۆشە رامەنىڭ ئور دىسىدا ئەۋلىيا فارمىگىنىڭ تەلىمى بويىچە، «رامەيانا» نى يېقىملىق ئاۋازى بىلەن ناخشىغا چۈشۈرۈپ ئېيتىپتۇ. ئۇلارنىڭ ياشلارغا خاس مول ھېسسىيات بىلەن ئېيتقان ناخشىلىرى رامەنى تەسىرلەندۇرۇپتۇ. ئۇلار ناخشا ئېيتىپ سىدونىڭ سۆرگۈن قىلىنغانلىقى توغرىسىدىكى مىسرالارغا كەلگەندە، ئاۋازى بوغۇلۇپ قاپتۇ. ئايىتو سارىيىنى بىردىنلا جىمجىتلىق بېسىپتۇ. رامە:

— مەن سىلەردىن بىر ئىشنى سورىغۇم كېلىۋاتىدۇ. سىلەر قايسى ئائىلىدە تۇغۇلغان؟ داداڭلار كىم بولىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

قوشكېزەك ئاكا ـ ئۇكىلار تەزىم قىلىپ تۇرۇپ:

— بىز بىلمەيمىز، ئانىمىزنىڭ ئىسمى سىدو. بىز فارمىگىنىڭ شاگىرتلىرى. دادىمىزنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلمەيمىز، — دەپتۇ.

رامە بۇ گەپنى ئاڭلاپ، خۇشاللىقىدا ۋارقىرىۋېتىپتۇ ـ دە، يۈگۈرۈپ بېرىپ باللارنى مەھكەم قۇچاقلاپتۇ... ئۇ ياشلىق كۆزلىرىنى فارمىگىغا تىكىپ:

— ھەزرىتىم، سىلى ئۆتمۈشنى، ھازىرنى ۋە كەلگۈسىنى ئالدىن بىلىلا، بىراق سىلى مېنى غەپلەتتە قويۇپتىلا. سىلى سىدونى ئەكېلىپ بەرگەن بولسىلا. مەن ئۇنى يەنە بىر قېتىم سىناپ باقاي. سىلى ئىبادەتخانىلىرىغا قايتىپ بېرىپ ئۇنى ئېلىپ كەلسىلە، سۇمەندىرە ھارۋىسىنى ھەيدەپ سىلى بىلەن بارسۇن، سېھرى كۈچلىرىنىڭ تەڭدىشى يوق مونى، تېزرەك بولسىلا، — دەپتۇ. رامە ناھايىتى تىت ـ تىت بولغان ھالىدا ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپتۇ.

بۇ خەۋەر ھەممە يەرگە تارقىلىپ كېتىپتۇ. سىدونىڭ سى-

ناقتىن ئۆتۈشنى كۆرۈشكە ھەممە يەردىن ئادەملەر كەپتۇ. ئۇلار بۇنىڭغا قىزىقىپتۇ، بىراق يەنە خاتىرجەم بولالماپتۇ. ئايالالار بىر - بىرى بىلەن پاراڭلىشىپ: «ئەجىبا رامە سىدونىڭ قەلبىنى چۈشەنمەمدىغاندۇ؟ ھازىر نېمە ئۈچۈن ئۇنى يەنە بىر قېتىم سىناقتىن ئۆتكۈزىدىغاندۇ؟ بۇ قېتىم جەزمەن ئاپەت يۈز بېرىدۇ» دېيىشىپتۇ.

چاۋسارايى، كىگىيى، سۇمىتتورەدىن ئىبارەت ئۈچ خان ئانا قاتتىق ئەندىشە قىلىشىپ رامەگە نەسىھەت قىپتۇ. چاۋسارايى:

— سىلى دېگىزنىڭ ئۇ تەرىپىدە سىدونى سىنىغانتىلە، نېمە ئۈچۈن ئۇنى يەنە بىر قېتىم قايتا سىنايلا؟ ئۇنىڭ دادىسى كىناگا ھۆرمەتكە سازاۋەر ئۇلۇغ ئادەم ئىدى. ئۇنى ئازابلىمىسىلا، سىدونى ئۆيگە تېزرەك قايتۇرۇپ ئەكېلىپ تۇرمۇشلىرىنى خۇشال - خۇرام ئۆتكۈزسىلە — دەپتۇ. رامە:

— ئانا، كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، سىدو چوقۇم خەلقىمنىڭ ئالدىدا سىناقتىن ئۆتسۇن، ئۇلار جەزمەن ئۇ ئۆتكەن سىناقنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرسۇن ھەم ئۆزلىرى ھۆكۈم چىقارسۇن. بولمىسا، ئۇلار ئۇنىڭ يامان گېپىنى قىلىدۇ. مەن ئۆز خەلقىمنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىمەن. مەن مۇشۇ دۆلەتنىڭ پادىشاھى، ئۇ مېنىڭ ئايالىم. مەنمۇ نائىلاج مۇشۇنداق قىلىۋاتىمەن، — دەپتۇ. بۇ ئۈچ خان ئانا رامەنىڭ رەھىمسىز گەپلىرىنى ئاڭلاپ، يىغلىغان پېتىچە چىقىپ كېتىپتۇ.

فارمىگى ئورمانلىقتىكى ئىبادەتخانىسىغا قايتىپ كەپتۇ. سىدو ئۇنىڭ ئايىغىغا باش قويۇپ تۇرۇپ:

— ھەزرىتىم، ماڭا ئېيتىپ بەرسىلە، ئاتا - بالىلار بىر - بىرى بىلەن قانداق تونۇشتى؟ — دەپ سوراپتۇ. فارمىگى ئۇنىڭغا ھەممە ئەھۋاللارنى بىر - بىرلەپ ئېيتىپ بېرىپتۇ ھەمدە مۇنداق دەپتۇ:

— گېپىمگە قۇلاق سېلىڭ، كىناگانىڭ قىزى. تەقدىر

پېشانىمىزگە پۈتۈۋەتكەن ئىشتىن ھېچكىم قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. رامە سىزنى قايتىپ بېرىشقا بۇيرۇق قىلدى. كىشىلەر سىزنىڭ بىرىنچى قېتىم سىناقتا قاتناشقانلىقىڭىزنى بىلىدۇ، بىراق، تەقدىر سىزنى يەنە بىر قېتىم سىناقتىن ئۆتۈشكە بۇيرۇغان ئوخشايدۇ. ھەتتا ساماۋىي ئىلاھلارمۇ سىزنىڭ ئىككىنچى قېتىم سىناقتىن ئۆتۈشىڭىزنى كۆرىدىغانغا ئايوتوغا كەپتۇ. رامە ھېچكىمنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىدى.

سىدو بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، بېشىنى سىلىپ يىغلاپتۇ.

ئىبادەتخانىدىكى بارلىق ئاياللار سىدونى ئۇزىتىپ قويۇش ئۇچۇن ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپتۇ. سىدو ئالدى بىلەن ياشانغان ئاياللارغا تەزىم قىپتۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن قىزلار ۋە چوكانلار بىلەن قۇچاقلىشىپ خوشلىشىپتۇ.

ئۇلار كۆڭلى يېرىم بولغان ھالدا:

— سىدو، بىز بۇنىڭدىن كېيىن سىزنىڭ يېقىملىق ئاۋازىڭىزنى يەنە ئاڭلىيالامدۇق؟ سىزدىن ئايرىلىپ يۈرىكىمىز لەختە - لەختە بولۇپ كېتىدىغان بولدى، — دېيىشىپتۇ.

سىدو ئىبادەتخانىدىكى ئاياللارنىڭ يىغا - زارى ئىچىدە: «خوش، ئەلۋىدا» دەپ يىغلىغان پېتىچە هارۋىغا چىقىپتۇ.

هارۋا سىدونى ئېلىپ ئۇچۇپ مېڭىپتۇ. ئۇنىڭ گۈزەل ھۆسن - جامالى ئۇلار ئۆتكەن جايلارنىڭ ھەممىسىنى يورۇتۇۋېتىپتۇ... ئۇلار ئايوتوغا تېزلا يېتىپ كەپتۇ.

هارۋا توختىغاندىن كېيىن، سىدو هارۋىدىن چۈشۈپتۇ. ئۇنىڭ گۈزەل ھۆسن - جامالى مەشئەلگە ئوخشاش ئوردىنى يورۇتۇۋېتىپتۇ. ئۇ رامەنىڭ ئالدىغا كېلىپ باش ئېگىپ سالام قىپتۇ. بۇ چاغدا فارمىگى رامەگە مۇنداق دەپتۇ:

— رامە، گېپىمنى ئاڭلاپ باقسىڭىز، مېنىڭ رىيازەت چېكىش ۋە دۇئا - تىلاۋەت قىلىش داۋامىدا ئېرىشكەن ئېتىقادىرىمغا ئاساسەن، سىدونىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىنى بىلىمەن. ئۇ

پاك ـ دىيانەتلىك، ئاق كۆڭۈل ئايال. ئەخلاق ـ پەزىلەت جەھەتتە دۇنيادا بىر دېسەكمۇ بولىدۇ، راۋە ۋە كۇشەلەر ئۇنىڭ بالىلىرى. سىز ئۇنى نېمىدەپ يەنە سىناقتىن ئۆتكۈزىسىز؟ رامە، سىز مېنىڭ گېپىمگە ئىشىنىپ، ئۇنى ئۆيىڭىزگە ئەكېلىڭىز. ھەمدە ئۇنىڭ ئىككى ئوغلىغا تېگىشلىك ئورۇن بېرىڭ، — فارمىگى مۇمۇشۇ گەپنى دەۋاتقاندا، ھاياجانلىنىپ پۈتۈن بەدىنى تىترەپ كېتىپتۇ.

رامە قولىنى جۈپلەپ تەزىم قىلىپ مۇنداق دەپ جاۋاب بېرىپتۇ:

— ھەزرىتىم، سىدونىڭ گۈزەل ئەخلاق ـ پەزىلىتىنى ئوبدان چۈشىنىمەن. ئۇ رىنكادا ئوتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكەن، ئىلاھلارمۇ ئۇنىڭغا گۇۋاھچى بولالايدۇ. ئۇلۇغ ئىلاھ، ئەمدى كۆپ گەپ قىلمىغايسىز، مەن سىدونىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىنى بىلسەممۇ، بىراق، مەن جەزمەن ئايوتودىكى ئوردىدا، خەلقىمنىڭ ئالدىدا، ئۇنى يەنە بىر قېتىم سىنىماقچىمەن، — دەپتۇ ئۇ سىدو تەرەپكە ئۆرۈلۈپ، — سىدو بىرىنچى قېتىملىق سىناق چەت ئەلدە ئېلىپ بېرىلغانتى، خەلقىم ئۇنى كۆرمىگەن. سىز كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا يەنە بىر قېتىم سىناقتىن ئۆتۈشىڭىز كېرەك، — دەپتۇ.

سىدو بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ مۇنداق دەپتۇ:

— ئەي، لوھور مىللىتىنىڭ نىجاتكارى، سالاھىيەتلىك ئاياللارنىڭ ئۆز ھۆجرىسىدا تۇرىدىغانلىقىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ. مەن گەرچە بىر سالاھىيەتلىك ئايال بولسامму، مېنى يەنە جامائەتنىڭ ئالدىغا ئېلىپ چىقىپ يەنە بىر قېتىم سىناقتىن ئۆتكۈزمەكچى بولۇپتىلا، مەن بىر قېتىملىق سىناقتىن ئۆتكەن. ئەينى چاغدا ھەممە ئىلاھ نەق مەيداندا بار ئىدى. ئۇلارنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى سىلىمۇ ئاڭلىغانتىلە، سىلى ماڭا ئۈمىد بېغىشلاپ، مېنى ئۆيلىرىگە ئەپكەتتىلە. كېيىن تۇيۇقسىز مېنى قوغلىۋەتتىلە، مەن ئۆزۈم ئېسىلزادىلەرنىڭ قىزى بولساممۇ، ئورمانلىقتا تۇر-

دۇم. ئىبادەتخانىدا گۆشسىز تاماقلارنى يەپ رىيازەت چېكىپ كۈن ئۆتكۈزدۈم. ھازىر سىلى ماڭا بۇ يەرگە كېلىپ جامائەت ئالدىدا يەنە بىر قېتىم ئوتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتۈشكە بۇيرۇۋاتىدىلا. ئاڭلىشىمچە، سىلى گۈزەل ئەخلاقىي ــ پەزىلەتكە ئىگە ئىكەنلا، ھەق ــ ناھەققە ھۆكۈم قىلىشقىمۇ ماھىر ئىكەنلا. سىلىنىڭ ماڭا ئىككىنچى قېتىم سىناقتىن ئۆتۈشكە بۇيرۇق بەرگەنلىرىنىڭ ماڭا قىلىنغان ھاقارەت ئىكەنلىكىنى ئويلاپ باقسىلا. ئېرىمنىڭ ئۆيىدە، دادامنىڭ ئۆيىدە مەن تۇرىدىغان جاي بولمىغاندىكىن، يالغۇز بىر قاقاس چۆلدە ياشاشتىن باشقا چارەم يوق. ئەزىز شاھزادەم! جىسىمىم ساغلام ئىدى، سىلىنىڭ ھەر خىل غەم ــ ئەندىشىلەردىن خالاس قىلىش ئۈچۈن مەن كېتىمەن، سىلىگە ئۆزۈمنى كۆرسەتمەيمەن. بۇنىڭدىن كېيىن، سىلىنىڭ بارلىق ئىزا ــ ئاھانەتلىرى ۋە قايغۇ ــ ھەسرەتلىرى ئۆزۈل ــ كېسىل تۈگىسۇن، ئىلاھىم. سىلى كىناگانىڭ قىزىنى قايتا كۆرمىگەيلا. خەير ــ خوش ئېرىم. مەن ھايات بولسام سىلى يەنىلا مېنىڭ ئېرىم بولۇپ ئۆتكەيلا، ئىلاھىم. لېكىن سىلى ماڭا يەنە مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلمىغايلا، — سىدو شۇنداق دەپ رامەگە باش ئېگىپ تەزىم قىپتۇ... سىدو قولىنى جۈپلەپ قايغۇ ــ ھەسرەت بىلەن يىغلاپ تۇرۇپ يەنە:

— زېمىن ئانا، سىلى مېنىڭ ئانام. سىلى ئانىلىق مەسئۇلىيەتلىرىنى ئادا قىلغان بولسىلا، مېنى باغرىلىرىغا باسسىلا. مەن سىلىنىڭ ئاياغلىرى يېنىدا پاناھلىنىپ ئېرىشكەن بولسام، — دەپ دەردىنى ئېيتىپتۇ. سىدونىڭ ئېچىنىشلىق نالىسى زېمىننىڭ ئايال ئىلاھى بەسمودىنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ. ئۇ دەرھال ئۆزىنىڭ بالىسىنى قۇتقۇزغىلى كەپتۇ.

گۈلدۈر قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ، رامەنىڭ تەختى ئالدىدىكى يەر يېرىلىپتۇ. يەر ئاستىدىن مىڭ باشلىق ئىلان ئانەندرەنىڭ بېشىغا قويۇلغان گۆھەر تەخت ئاستا ــ ئاستا كۆتۈرۈلۈپ چىقىپتۇ. تەخت ئۈستىدە ئىنتايىن سالاپەتلىك زېمىن ئانىسى ئولتۇر-

غان بولۇپ، ئۇ كۆركەم كىيىملەرنى كىيىپ، كۆزنى چاقنىتىدى-
غان زىننەت بۇيۇملىرىنى ئېسىۋالغانىكەن.

ئۇ ۋارقىراپ تۇرۇپ: «قىزىم!» دەپ چاقىرىپتۇ ھەمدە ئۇنىڭغا ئىككى قولىنى سوزۇپتۇ. ئۇنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى شۇ يەردە تۇرغان بارلىق ئادەملەرنىڭ قۇلىقىنى گاس قىلىپ قويۇپ-تۇ. ئۇنىڭ بەدىنىدىن چىققان ئاجايىپ نۇر ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى چېقىپتۇ.

بەسمۇدى: «قىزىم!» دەپ يەنە بىر قېتىم چاقىرىپتۇ. سىدو ئۆرۈلۈپ، ئانىسىنىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئېتىپ، يۈزىنى ئۇنىڭ مەيدىسىگە قويۇپتۇ.

بەسمۇدى سىدونى قۇچىقىغا ئېلىپ، رامەگە ۋارقىراپ تۇرۇپ:

— سىز خەلقنى دەپ، قىزىمنى يەنە بىر قېتىم سىناقتىن ئۆتكۈزمەكچى بوپسىز، سىز خەلق بىلەن بىرلىكتە كۆڭۈللۈك، بەختلىك ئۆتۈڭ. مەن قىزىمنى ئەكېتەي، — دەپتۇ

سىدو ئىككى ئوغلىغا قارىماي، رامەگە تىكىلىپلا قاپتۇ... كەيپى بۇزۇلغان ئادەملەرگە ئوخشاش قېتىپلا قالغان رامە، بۇ چاغدا بىر ۋارقىرىۋېتىپ، ئالدىغا ئېتىلىپ بېرىپتۇ. ئىتتىك قولىنى سوزۇپ، قەدىردان ئادىمىنى تارتىپ ئەكەلمەكچى بوپتۇ، بىراق، ئۇ تولىمۇ كېچىكىپتۇ. يەنە بىر گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ، يەر قايتىدىن يېرىلىپتۇ. بەسمۇدى ۋە سىدو ئولتۇر-غان مەرۋايىت تەخت كۆزدىن غايىب بوپتۇ. رامەنىڭ قولىدا بىر تۇتام پارقىراپ تۇرىدىغان خۇش پۇراق چاچ قاپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئونىنچى قىسسە

# ئايرىلىپ كېتىش — بۇ دۇنيا ۋە ئەرشتىكى هاياتلىق هەم ماماتلىق

رامە سۆيۈملۈك ئايالى سىدودىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئىن-چىگە سىغماي كەتكەن دەرد ـ ئەلەمنى چىقىرىۋېتىشكە ئامالسىز قېلىپ، ئاچچىقىغا پايلىماي زېمىننى ئوقياسى بىلەن ئېتىپ يوقىتىۋەتمەكچى بوپتۇ. بىراق، زېمىن ئانا ئۇنىڭ ئالدىدا يەنە پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭغا:

— سەن ماڭا ئاچچىقلانساڭ بولمايدۇ، قىزىمدا نېمە گۇناھ بار؟ سەن ئالدىدا ئۇنى قوغلاپ چىقىرىۋەتتىڭ، كېيىن ئۇنى يەنە قايتۇرۇپ كەلدىڭ. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يەنە ئۇنى ئىككىن-چى قېتىم سىناقتىن ئۆتكۈزمەكچى بولدۇڭ. قىزىم هازىر مې-نىڭ يېنىمدا ئەمەس، ئۇ پەرىشتىلىك قىياپىتىنى ئەسلىگە كەل-تۈرۈپ، ئەرشتىكى ۋىشنۇنىڭ ئىلاهلار سارىيىغا قايتىپ كەتتى، — دەپتۇ.

زېمىن ئانا ئۇنىڭغا يەنە تەسەللى بېرىپ:

— سىدونى دەپ ئازاب چېكىۋەرمە. ئۇ هەر كۈنى «رامەيانا» نى ئاڭلاۋاتىدۇ— ... دەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئۇمۇ ئىككى بالىسى ئېيتقان «رامەيانا» نىڭ هېكايىسىنى ئاڭلاپ، كۆڭلى ئارام تېپىپتۇ. ئۇ ئۆز خەلقى ئالدىدىكى بۇرچىنى ياخشى ئادا قىلىپ، ئۇلارنى تىنچ، باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىپتۇ، خەلقمۇ ئۇنى

ھىمايە قىپتۇ...

مۇشۇ تەرىقىدە يەنە كۆپ يىللار ئۆتۈپ كېتىپتۇ.

ئۆز ۋۇنغا بارماي رامە، ۋارەدە، لەكشىمەنە، شدرونەلەرنىڭ بالىلىرىمۇ چوڭ بوپتۇ. ئۇلار كۈچ ۋە باتۇرلۇق جەھەتتە ھېچ-كىمدىن قېلىشمىغۇدەك دەرىجىگە يېتىپتۇ. رامە ئۇلارنى بىرمۇنچە خوشنا دۆلەتلەرگە ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ دۈشمەنلەر بىلەن جەڭ قىلىشىغا ياردەملەشتۇرۇپتۇ. ئۇلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ دادىلىرىغا ئوخشاش جەڭلەردە غەلىبە قىلماي قالماپتۇ. مەلۇم مەزگىلگە يەتكەندە، ئۇلارغا زېمىن ئاجرىتىپ، شۇ جايغا ھۆكۈمرانلىق قىلدۇرۇپتۇ. ئۇلار ئۆز تەۋەسىدىكى زېمىننى ناھايىتى تەرتىپلىك باشقۇرۇپتۇ. بىر كۈنى رامە ئۆز ئوردىسىدا ئولتۇرۇپتۇ. ۋەزىر - ۋۇزرالىرى ۋە دوستلىرى ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئولتۇرۇپتۇ، لەكشىمەنە بۇرۇنقىدەكلا ئوردا دەرۋازىسىنى بېقىپ تۇرۇپتۇ. بۇ چاغدا ھېلىقى «ئەجەل ئىلاھى» يېتىپ كەپتۇ. ئۇ پېشانىگە پۈتۈلگەن ئىشنى ئىجرا قىلغىلى كەلگەنىكەن. ئۇ لەكشىمەنەگە:

— مېنى ياراتقۇچى ئىلاھ برەھما ئەۋەتتى. سەن پادىشاھقا دوكلات قىل، مەن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشۈم كېرەك، — دەپتۇ.

لەكشىمەنە رامەنىڭ ئالدىغا كىرىپ تەزىم قىلىپ تۇرۇپ:

— ئالىيلىرى، برەھما ئەۋەتكەن بىر ئەلچى سەن بىلەن كۆرۈشمەكچىكەن، — دەپتۇ.

— لەكشىمەنە، ئۇنى دەرھال باشلاپ كىرگىن. ئۇ ئېلىپ كەلگەن خەۋەرنى ئاڭلىشىمىز كېرەك. ئۇنىڭغا ياخشى ئىنئام بېرەيلى، — دەپتۇ رامە.

«ئەجەل ئىلاھى» تېگىشلىك كۈتۈۋېلىنىپتۇ. رامە ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىپتۇ ۋە:

— كېلىش مۇددىئايىڭىزنى بىزگە ئېيتىپ بەرگەن بولسى-ڭىز، - دەپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



«ئەجەل ئىلاھى» :

— ئالىيلىرى، مەن ئەكەلگەن خەتنى سىزگە مەخپىي يەتكۈ-زىمەن. بىز چوقۇم ئايرىم كۆرۈشۈشىمىز كېرەك. كىمدەكىم ھالاقىت بەرسە، ئۇ سۇرگۇن قىلىنىش جازاسىغا ئۇچرايدۇ...— دەپتۇ.

رامە لەكشمەنەنى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا :

— ئەڭ قەدىرلىك ئىنىم، سەن ئوردا ئىشىكىنى قاتتىق باققىن، ئىنتايىن ئېھتىيات قىل، ھېچكىم بۇ يەرگە كىرگۈچى بولمىسۇن، كىمكى ماڭا پاراكەندىچىلىك سالسا، ئۇنى سۇرگۇن قىلىۋېتىمەن، — دەپتۇ.

لەكشمەنە ئۇنىڭغا ئېگىلىپ تەزىم قىپتۇ، ئاندىن رامە بىد-لەن ھېلىقى «ئەجەل ئىلاھى»نى يالغۇز قالدۇرۇپ، دەرۋازىنى تاقاپتۇ.

ھېلىقى غەيرىي مېھمان رامەگە:

— مەن ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىدىغان ئىلاھ. بىراق، ئالىيلىرىنىڭ ئىشىغا كەلسەك، مەن براھمانىڭ خېتىنى سىزگە تاپشۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن ئالايتەن ئۆزۈم كەلدىم، — دەپتۇ.

ھېلىقى خەتتە: «رامە، سېنىڭ ۋەزىپەڭ ئاياغلاشتى. بى-راق، سەن ھەممە نەرسىنى ئۇنتۇپ، بۇ دۇنيادا ياشاۋەردىڭ. ئەمدى سېنىڭ پەرىشتىلەر سارىيىغا بارىدىغان ۋاقتىڭ كېلىپ قالدى» دەپ يېزىلغانىكەن. رامە خەتنى كۆرۈپ بولۇپ:

— مەن بۇ دۇنيادىن ئايرىلىپ، ئۇ دۇنياغا قايتىدىغان بولدۇم...— دەپتۇ.

پېشانىگە پۈتۈلگەن ئىشنى ئۆزگەرتىش مۇمكىن ئەمەس. رامە بىلەن «ئەجەل ئىلاھى» پاراڭلىشىۋاتقاندا، ئورمانلىق-تىكى ئىبادەتخانىدا تۇرۇۋاتقان دورە ۋەششە مونى رامە بىلەن تۇيۇقسىز جىددىي كۆرۈشكۈسى كېلىپ، دەرھال ئايوتوغا قاراپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

يولغا چىقىپتۇ.

دورە ۋەشە مونى لەكشمەنەگە:

— مەن رامە بىلەن كۆرۈشمەن، — دەپتۇ. لەكشمەنە ئۇنىڭغا ئەدەپ بىلەن تەزىم قىلىپ تۇرۇپ:

— تاپشۇرۇقىڭىزنى ئاڭلاۋاتىمەن، — دەپتۇ. ئارقىدىن يەنە: — سىز دەڭ، رامەگە تاپشۇرماقچى بولغان ھەرقانداق ئىشىڭىزنى مەن ئۇنىڭغا ۋاكالىتەن بىجىرىپ بېرىمەن، رامە ھازىر بىراھما ئەۋەتكەن بىر ئەلچى بىلەن ئايرىم سۆزلىشىۋاتىدۇ، — دەپتۇ.

بۇ مونىنىڭ مىجەزى ئىنتايىن قوپال ئىكەن. ئۇ ئۆز ئارزۇسىنىڭ قارشىلىققا ئۇچرىغانلىقىنى كۆرۈپ، لەكشمەنەگە قاتتىق ئاچچىقلىنىپتۇ: «ئايوتو شەھىرىنى ۋە شەھەردىكى پۈتكۈل ئەر ـ ئايال قېرى ـ ياشنى ئوتتا كۆيۈپ ئۆلسۇن، دەپ قارغىۋېتىمەن! توسادورونىڭ پۈتكۈل جەمەتىنى ئۆلتۈرۈپ ئۆلارنىڭ ئەۋلاد قالدۇرۇشىغا ھەرگىز يول قويمايمەن» دەپتۇ. مۇشۇ گەپنى دەۋاتقاندا دورە ۋەشەنىڭ ئىككى كۆزىدىن غەزەپ ئوتى چاقناپتۇ.

لەكشمەنە ناھايىتى خاتىرجەم بولالماپتۇ. ئۇ: «ئېھتىمال بالايىئاپەتنى ئۆزۈم كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئوخشايمەن. بىراق، رامەنى ھازىر بېرىپ چاقىرىپ قويسام، مېنى سۈرگۈن قىلىۋېتىشى مۇمكىن. تەقدىرىم مۇشۇنداق ئوخشايدۇ. ئۇنىڭدىن قېچىپ قۇتۇلۇشۇم مۇمكىن ئەمەس. سۈرگۈن قىلىش ۋە ئۆلۈم ماڭا نىسبەتەن ئوخشاشلا گەپ، مەن يەنە نېمىدەپ كۆپچىلىكنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىمەن؟» دەپ ئويلاپتۇ. شۇنداق قىلىپ لەكشمەنە دەرۋازىنى دەرھال ئېچىپ، دورە ۋەشەنى باشلاپ كىرىپتۇ.

رامە «ئەجەل ئىلاھى» نى ئۇزىتىۋېتىپ، دورە ۋەشە مونىنى كۈتۈۋېلىشقا چىقىپتۇ. بۇ چاقىرىلمىغان مېھمان كېتىپ، رامە يالغۇز قالغاندا ئۆزىنىڭ بەختسىزلىككە ئۇچرايدىغانلىقىغا كۆزى

يېتىپتۇ... لەكشمەنە ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىپتۇ. رامە ئۆيگە ئىختىيارىچە كىرگەن ھەرقانداق ئادەمنى سۈرگۈن قىلىدىمەن، دەپ قەسەم قىلغان، ئەگەر ئۇ گېپىدە تۇرمىسا، ئۇنىڭ بىر ئۆمۈر ياشىغىنىنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى بولمايدىكەن. ئەگەر ئۇ ئۆز قەسىمىدە چىڭ تۇرسا، لەكشمەنەنى چوقۇم سۈرگۈن قىلىۋېتىشى كېرەك ئىكەن. رامە مۇشۇلارنى ئويلاپ قاتتىق ئازابلىنىپتۇ. ئۆزىنىڭ ئەڭ قەدىردان ئىنىسىنى سۈرگۈن قىلىدىۋەتكەنلىك، ئۆزىنىڭ يۈرىكىگە ئۆزى پىچاق تىققانلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ ۋەزىر - ۋۇزرالىرىنى يىغىپ، ئۇلارغا يۈز بەرگەن بارلىق ئەھۋاللارنى سۆزلەپ بېرىپتۇ:

— ئىنىم لەكشمەنە مېنىڭ پادىشاھلىقىم ۋە بايلىقىمدىنمۇ مۇھىم. مەن ھەممە نەرسىدىن كېچىشكە رازىمەن، بىراق ئۇ بولمىسا ياشىيالمايمەن، — ئۇ مۇشۇ گەپلەرنى دەپ بولۇپ، كۆڭلى ئىنتايىن يېرىم بولغان ھالدا بېشىنى تۆۋەن ساپتۇ.

ۋەزىرلەر مۇنداق دېيىشىپتۇ:

— رامە، ئوبدان ئويلاپ باقسىلا، ئەگەر سىلى لەۋزىلىرىدە تۇرىدىغان بولسىلا، لەكشمەنەنى سۈرگۈن قىلىۋەتسىلە.

بۇ چاغدا، لەكشمەنەمۇ ئالدىغا چىقىپ، رامەگە:

— ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇپ مېنى سۈرگۈن قىلىۋەتكىن، ئەگەر سەن ھەقىقەتتىن ۋاز كەچسەڭ، بۇ دۇنياغا تۈيۈقسىز بالايىئاپەت كېلىدۇ. بۇگۈن يۈز بەرگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى مەن كەلتۈرۈپ چىقاردىم، — دەپتۇ.

ئاكا - ئۇكا ئىككىيلەن كۆزىگە لىق ياش ئالغان ھالدا قۇچاقلىشىپتۇ. شۇنداق قىلىپ رامە كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا:

— مەن ھازىر لەكشمەنەنى سۈرگۈن قىلىمەن، — دەپتۇ. مەيداندا تۇرغانلار بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۆڭلى يېرىم بولۇپ يىغلاپ كېتىپتۇ.

لەكشمەنە ئۆزىنىڭ خان جەمەتى ھاسىسى ۋە ئوردا كىيىم-

لىرىنى تاپشۇرۇپ بېرىپ، رامەننىڭ ئەتراپىنى ئۈچ قېتىم ئايلىنىپتۇ. بۇ شۇ چاغلاردىكى خوشلىشىش مۇراسىمى ئىكەن. ئۇ ھۆرمەتكە سازاۋەر مويسىپىتلەر ۋە چوڭ ئۇرۇق - توغقانلىرىغا ھۆرمەت بىلەن تەزىم قىپتۇ، ئاخىرىدا ئىنتايىن كۆڭلى يېرىم بولغان ھالدا ئېگىلىپ تەزىم قىپتۇ.

لەكشىمەنە ئاۋازىنى پەس چىقىرىپ:

— خەير - خوش، — دەپتۇ، ئاندىن كېيىن ئاستا ئۆرۈلۈپ چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇ ئۆزى يالغۇز سارايو دەرياسىنىڭ بويىغا بېرىپتۇ. ئۇ دولقۇنلاپ ئېقىۋاتقان ئېقىن ئىچىگە كىرىپ، ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپتۇ... شۇنىڭ بىلەن بەدىنىدىكى روھىي ئاسارەتتىن قۇتۇلۇپتۇ. ئۇنىڭ روھى كۆتۈرۈلۈپ ۋىگۇندونىڭ دەرگاھىغا كېتىپتۇ.

پۇتكۇل ئايوتو شەھىرى ماتەم بىلدۇرۇپتۇ. رامەگە ھېچقانداق تەسەللىمۇ كار قىلماپتۇ. ئۇ: «مەن ئىنىمنى سۈرگۈن قىلدىم. مەن ھەقىقەتەن رەھىمسىز تاش يۈرەك ئىكەنمەن. ئىنىم، مەن سەن بارغان يەرگە كېتىپ، ھېلىقى دەرياغا سەكرەيمەن...» دەپ ئويلاپتۇ. شۇنداق قىلىپ رامە دۆلەتنى ۋارەدەگە تاپشۇرۇپ بەرمەكچى بوپتۇ. بىراق ۋارەدە:

— مەن تۇرمۇشنىڭ مەئىشەتلىرىدىن بەھرىمەن بولۇپ بولدۇم. مەن سەن بىلەن بىللە كېتىشنى ئارزۇ قىلىمەن، — دەپتۇ. رامە بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ھەسرەت چېكىپتۇ.

ئۇ شادرونەنى چاقىرىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتىپتۇ. شادرونە مونەرا دۆلىتىدىن تېزلا قايتىپ كەپتۇ. ئۇ رامەنىڭ ئالدىغا كېلىپ تەزىم قىلىپ تۇرۇپ:

— ئالىيلىرى، سەن بولمىساڭ ھاياتنىڭ ھېچقانداق مەنىسى بولمايدۇ. مەن سەن بىلەن بىللە كېتىشنى خالايمەن، — دەپتۇ. ھەممەيلەن رامە بىللە كېتىشكە رازى بوپتۇ. ئۇلار:

— بىز ھەممىمىز سەن بىلەن ھايات - ماماتتا بىللە بولد-



مىز، — دەپ ۋارقىرىشىپتۇ.

پۇقرالارمۇ: «بىزمۇ رامەنىڭ ئارقىسىدىن تەڭرىنىڭ دەرگاھىغا كېتىمىز» دەپ ئويلىشىپتۇ.

رامە قوشكېزەك ئاكا ـ ئۇكىلارنى چاقىرىپ كېلىپ، دۆلەتنى ئۇلارغا تاپشۇرۇپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئايوتودىكى سان ـ ساناقسىز خەلق رامە، ۋارەدە، شادرونەلەر بىلەن بىللە سارايۇ دەرياسىنىڭ بويىغا كەپتۇ. ئۈچ ئاكا ـ ئۇكا دەرياغا سەكرەپتۇ... ئۇلار شىددەتلىك ئېقىن ئىچىگە كىرىپ كېتىپتۇ...

ساماۋىدىكى ئەۋلىيا ـ ئەنبىيالار شادلىققا چۆمۈپتۇ. گۈل ـ چېچەكلەر ۋە مۇزىكا ساداسى ئىچىدە، يۇزىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان ئۈچ ئەرۋاھ پەيدا بوپتۇ... ئۇلار ۋىگوندونىڭ دەرگاھىغا كەلگەندىن كېيىن، بىرلىشىپ ئۇلۇغ ئىلاھ ۋىشنوغا ئايلىنىپتۇ. ئەسلىدە رامە قاتارلىق تۆت ئاكا ـ ئۇكا ئالەمنىڭ قوغداش ئىلاھى — ۋىشنونىڭ سىمۋولى ئىكەن، سىدو بولسا بەخت ـ تەلەي ئايال ئىلاھى راكشىمە ئىكەن.

قارائلار، قوغداش ئىلاھى ۋىشنو ئۆزىنىڭ كۆيۈمچان ئايالى راكشىمە بىلەن بىللە ئۆزلىرىنىڭ نىلۇپەر تەختىدە پەيدا بوپتۇ. ئۇلارنىڭ تېنىدىن پارلاق نۇر چېچىلىپ تۇرىدىكەن، يۇزىدىن كۈلكە يېغىپ تۇرىدىكەن، كۆزلىرىدىن بەخت نۇرلىرى چاقناپ تۇرىدىكەن.

بۇ دۇنيادا ئۆلگەنلەر، ئەرشتە ھاياتتەك ياشايدىكەن.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

[General Information]
书名=罗摩的险遇　维吾尔文
SS号=40300746